«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵 双效期刊 中华人民共和国新闻出版总署

XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION



5

2002

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498



ئۇيغۇر هازىرقى زامان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن: ئۇستاز كومپوزىتور، «ئاتقاندا تاڭ»، «ئېيت ناخشاڭنى دېھقانلار»، «يار قېشىمدا ئولتۇرسا»، «هاۋادىكى لاچىنلار»، «بىۋاپا»، «مەن كېتەر بولدۇم»، «قابا ھ پەلەك»، «نەيلەيىن»، «باهار خۇشھاللىقى»، «ئانا مېھرى»قاتارلىق ئۆلمەس ناخشا - سازلارنىڭ ئىجادچىسى، ئاتاقلىق مۇقامچى - سازەندە، ئەل سۆيگەن ناخشىلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىجراچىسى غىياسىددىن بارات ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(51-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال

ئەدەبىي ژۇرنال

2002-يىل 5-سان

(ئومۇمىي 257-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


شۇئارىمىز: ● خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا

### تەبرىك سەھىپە


مەدەنىيەت ساھەسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 16-قۇرۇلتىيىنى تەنتەنىلىك نىشانلىماقتا ...... يۇلتۇز يەھيا 2


### تەپەككۇر كۆزى


مەن ياشاۋاتقان دۇنيا ...... ئادىل ئابدۇقادىر 3

ئورگان ...... مۇپىجى 13

تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر ...... گ. ھاشىم قاتارلىقلار 15

«سىياسىينىڭ رەزىللىكى»دىن تاللانغان ھېكمەتلەر ...... ل. پروۋل 17


### روھ چوققىلىرى


تەرەققىيات ۋە ئېتىقاد ...... ھۆرنىسا توختى (ئارمانە) 20

ھەقىقەتتىن قورقىدىغان كىشىلەر ...... فىلىڭ يۈەنلى 22


### سادا


زامان تەقەززا پىكىرلەر ...... جۇچاۋيۇن، ساۋباۋيىن 23


### دېھقان نېمە دەيدۇ


دېھقاننىڭ دەردى ...... ۋاڭ فاسەي، زىلاڭ يىن 26

نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟ ...... شورلۇق 29

بىزكىمدىن يامانلايمىز؟! ...... مەھمۇت مۇھەممىدىي 36

بىزدىمۇ چولپان بار ...... ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 40


### ئاچچىق كۈلكىلەر


قىرتاق پاراڭلار ...... شۇچياڭ، م. دانىش قاتارلىقلار 43

ئىككى لەتىپە ...... توپلىغۇچى: توختى باقى ئارتىشى 46


### يىلتىزىمىز ھامان شەرقتە


شېئىرنىڭ تەكلىماكانى ...... ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھمان 47


### ئەدەبىيات گۈلزارى


سۆكۈت تەزكىرىسى...... (نەسىر) ... نەزەرجان ياقۇپ (جانباز) 53


### ئوقۇرمەنلەردىن سۆز


مەدەنىيەت دالاسىدىكى يېگانە چىنار ...... سۇلايمان قەييۇم 54


### شائىر ئەل قەلبىدە


ئىككى پارچە خەت ...... مۇساجان ئەزىزى، نۇرمۇھەممەت توختى 68

شائىر ۋە دەۋر ...... ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي 77


مۇقاۋىدا: ئازادلىق كۈيچىسى، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1945 ـ 1922) تەۋەللۇتىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز.


رەسسام: ئابدۇشۈكۈر كېرىم. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت



# مەدەنىيەت ساھەسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 16-قۇرۇلتىيىنى تەنتەنىلىك نىشانلىماقتا

يۇلتۇز يەھيا

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بۇيىل 6-نويابىردا ئېچىلىدىغان 16-قۇرۇلتىيىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كومپارتىيە ياخشى، سوتسىيالىزم ياخشى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ياخشى دەيدىغان ئاساسىي مۇقامنى ياڭرىتىپ، جانلىق، تولۇق پاكىتلار ئارقىلىق جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە ئىكەنلىكىنى، باشتىن-ئاخىر جۇڭگودىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە، جۇڭگودىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋە جۇڭگودىكى كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ماركسىزمچى پارتىيە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلتاينى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىش ئەمەلىي ھەرىكىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسى بىر قاتار تەنتەنىلىك سەنئەت پائالىيەتلىرىنى نىشانلىدى:

1. بۇيىل 6-سېنتەبىردىن 19-سېنتەبىرگىچە ئۈرۈمچى «خەلق» كىنو-تىياتىرخانىسى ئالدىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەدەنىيەت سىستېمىسى بويىچە پارتىيە 16-قۇرۇلتىيىنى كۈتۈۋېلىش كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى ۋە بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويىدۇ.

2. بۇيىل 20-سېنتەبىردىن 29-سېنتەبىرگىچە ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى تۇنجى نۆۋەتلىك كۆرىكى» ئۆتكۈزۈلۈپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل، دراما ئۆمىكى چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا-ئۇسسۇل «قەشقەر»نى، ئاقسۇ «تارىم» ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللۇق تىياتىرى «نەسرىدىن ئەپەندى»نى، خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى يېڭىدىن تەييارلىغان بىر كېچىلىك كونسېرتىنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى «گۈزەل قىزىلسۇ» ناملىق بىر كېچىلىك ناخشا-ئۇسسۇلنى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى يېڭىدىن تەييارلىغان بىر كېچىلىك كونسېرتىنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى يېڭىدىن تەييارلىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل «قوغۇن يۇرتىغا مۇھەببەت»نى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى يېڭىدىن تەييارلىغان بىر كېچىلىك كونسېرتىنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى «تەڭرىتاغ شادلىقى» ناملىق ناخشا-ئۇسسۇل كېچىلىكىنى، ئالتاي ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىر كېچىلىكتىن كونسېرتلىرىنى (يېڭىدىن تەييارلانغان)، شىخەنزە شەھەرلىك يۈجۈتىياتىرى ئۆمىكى «تاغ روھى» ناملىق يۈجۈتىياتىرىنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چېڭچاڭ تىياتىرى ئۆمىكى «تەڭرىتاغ ساقچىسى جاۋشىنمىن»نى، شىنجاڭ دراما ئۆمىكى «لوپنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار» ناملىق درامىنى تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچى.

3. بۇيىل ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكى شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە شىخەنزە شەھىرىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلمەكچى.

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى سەنئەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى(M2)

# مەن ياشاۋاتقان دۇنيا

ئادىل ئابدۇقادىر



## «تاش شەھەر» خاتىرىسى

(قىرتاق ھېسلار)

ھەركىم ئۆزىنىڭ كۆرگەن - بىلگىنى بويىچە رېئاللىقنىڭ غەۋغالىرىغا ئىشتىراك قىلماق بۈگۈنكى دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىلىرىدىن بىرى بوپقالدى. شۇڭىمىكىن، ماددىي مەئىشەتتىن تارتىپ روھىيەت ئېلېمېنتلىرىغىچە بولغان ئىختىرا، نەزەرىيىلەر كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلاپ، ئەخلاق، پەن-تېخنىكا، سودا، سىياسىي دېگەنلەر چەك-چېگرىسىز ھالدا ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتتى. گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى ئەقلىي سەزگۈلەرنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى كۆپ دەرىجىدە گاللاشتۇرۇۋەتتى. ئەقىدە، ئېتىقاد ئەھلىلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە تەنھالىققا دۇچ كەلدى. ھەرقېتىم زامان بۇزۇقچىلىقلىرى مېنى تەنھالىققا قىستاپ، ۋۇجۇدۇم ئىزتىراپ چەككەندە، تەپەككۇر قولۋىقىغا ئولتۇرۇپ ئۆتمۈش، بۈگۈن ھەم ئەتىلەرنىڭ ئېقىنىدا ئۈزۈشكە مەجبۇر بولىمەن. ئارىستوتېل: «تەپەككۇر قىلىش ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى» دېگەنىكەن. ياراتقۇچىنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى سوۋغىلىرىنىڭ ئىچىدە بەلكىم تەپەككۇردىنمۇ نەپىسرەك زىننەت بولمىسا كېرەك.

شۇڭا، مەنمۇ مۇشۇ ئالىي ھوقۇقۇمدىن پايدىلىنىپ ھەر قېتىم تەپەككۇر سەپىرىمنى باشلىغىنىمدا، گەرچە ئۆتمۈشتىكى سەيياھلاردەك دەريا، دېڭىز كەچمىسەممۇ، تاغ-داۋان ئاشمىساممۇ، بۈگۈنكى زامان ساياھەتچىلىرىدەك زامانىۋى ئىختىرالارنىڭ ياردىمىدە دۇنيا كېزەلمىسەممۇ، لېكىن روھىم ھەمىشە دۇنيا كەڭرىلىكى بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىشنى ئىزدىگەچكىمىكىن، خىيالەن دۇنيانى كېزىمەن ھەم نۇرغۇن ھاسىلاتلارغا ئېرىشىمەن. شۇخىل ھاسىلاتلىرىمدىن بىرنەرسىلەرنى پۈتىمەن. بۇمۇ دەل شۇخىلدىكى تەپەككۇر تەۋەللۇتىنىڭ سوۋغىسىدۇر.

بۇ قانداقتۇر بىر قەدىمىي شەھەر ھەققىدىكى خاتىرە ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى بىر زامانىۋى مەركىزىي شەھەر ھەققىدىكى ئاددىي بىر سىزما. بەلكىم ئوقۇرمەن تاش بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى غەلىتە باغلىنىشتىن ھەيران قالغاندۇ. شۇنداق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر لوگىكىلىق باغلىنىش يوق، پەقەت بۇ شەھەرنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ھەم بۈگۈنى تاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنى «تاش شەھەر» دەپ ئاتىدىم. شۇنداقلا بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تاش ئوقۇمىنىڭ لوگىكىلىق مەنىسىدىن كۆرە سىمۋوللۇق مەنىسى كۈچلۈكرەك.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ شەھەر ئەسلى بىر تاقىر تاشلىقتا ئاپىرىدە قىلىنغانىكەن. كېيىن ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشى ھەم ئاۋاتلىشىشى بىلەن بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلىشىپتۇ. شەھەرنىڭ تۆت

### تەپەككۇر كۆزى

ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇدىغان تاقىر تاغلارمۇ گويا ئەشۇ ئۆتمۈشنىڭ گۇۋاھچىلىرىدەك چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ھەر قېتىم قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى شەھەر ئاسمىنىدا پارلىغاندا، ئەشۇ تاغلارغا يىراقتىن نەزەر سالىمەن ھەم ئۆزۈمچە ئۇنى بۇ شەھەرنىڭ مۇھاپىزەتچىسىدەك ھېس قىلىمەن. گەرچە بۇ تاغلار باشقا جايلاردىكى يېشىلزار تاغلارغا ئوخشاش ياراتقۇچىنىڭ زىننەتلىشىگە مۇشەررەپ بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز تەبىئىيلىكى بىلەن يەنىلا مېنى جەلپ قىلالىدى. بەزىدە بۇ تاغلارنى شەھەرنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداش ئۈچۈن قېقىلغان قوزۇقلارغا ئوخشىتاتتىم. بۇ شەھەردە كىشىنى تەبىئەتنىڭ يارالمىش زىننەتلىرى سۈپىتىدە زوقلاندۇرۇدىغان نەرسىلەر تولىمۇ ئاز. سانجاق-سانجاق بىنالار ئادەمگە گويا تاش ئورمىنىنى ئەسلىتىدۇ. چەكسىزلىككە سوزۇلغان بىپايان كەڭرىلىك بويەردە پەقەت كۆك ئاسمانغىلا خاس. شەھەرنىڭ ئىس-تۇمانلىرى بىلەن بۇلغانغان يول ياقىلىرىدىكى غېرىب دەل-دەرەخلەر ياز پەسىللىرىدە كىشىگە ئازراق ھوزۇر ئاتا قىلالىسىمۇ، لېكىن قىش-ياز ئۆز لاتاپىتى ھەم ھەيۋىتىنى ساقلاپ قالىدىغىنى، شۇنداقلا ئادەمگە تەبىئەتنى ئەسلىتىدىغىنى يەنىلا شۇ تاغلار ئىدى. شۇڭا، خىيالىمدا بۇ تاغلارنى بۇ شەھەرنىڭ سىمۋولى ھېسابلايتتىم.

ياراتقۇچى ئەسلىدىنلا بويەرنىڭ توپرىقىنى كەم ياراتتىمۇ ياكى بويەرنىڭ ئۆتمۈشتىن باشلاپ تاش سايلىق ئىكەنلىكى راستمۇ، ئىشقىلىپ، بويەردە باشقا يەرلەردىكىدەك بىپايان سۇررەڭ توپراقنىڭ كۆك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان چەكسىزلىكىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا يەنە سەھرادىكى يۇمشاق توپىنى كېچىپ مېڭىشنىڭ ھوزۇرىنى، توپا ھىدىنىڭ مېھرىنى، يامغۇرغا قانغان توپراقنىڭ كىشىلەرگە ئاتا قىلىدىغان تەشنالىق قانغاندىكى شادلىقىنى بويەردە ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. مەيلى قار ياكى يامغۇر ياغسۇن، بويەردە ئۇ ھەرگىزمۇ توپراققا سىڭمەيدۇ. تېتىرىيەرلەر، ئاسفالىت يوللار يامغۇر بىلەن قار تامچىلىرىنى تېشىغا تېپىپ، ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ياراتقۇچىنىڭ رەھمىتى دەپ ئاتايدىغان تەبىئەتنىڭ بۇ ئالىي نېمەتلىرى بويەردە مەينەتچىلىكلەر بىلەن بۇلغىنىپ، يول ياقىلىرىدىكى يۇندا ئورەكلىرىدىكى پاسكىنا سۇلارغا قېتىلىپ كېتىدۇ. قىش پەسلىدە پاكلىقنىڭ سىمۋولى قاتارىدا مەدھىيىلىنىدىغان ئاپئاق قارلار ئاي-ئايلاپ يول ياقىلىرىدا پاسكىنىچىلىقتا قانغاندىن كېيىن، شەھەر مۇھىت ئاسراش خادىملىرى تەرىپىدىن بىرتەرەپ قىلىنىدۇ ياكى ئەتىيازنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ پاتقاققا ئايلىنىپ ، كىشىلەرنى بىر مەھەل زېرىكتۈرگەندىن كېيىن ئاستا-ئاستا يوقىلىدۇ. بۇ، تەبىئەتنىڭ بۇ شەھەر كىشىلىرىگە بەرگەن جازاسىمۇ ياكى مۇكاپاتىمۇ، بىلمەيمەن.

شەھەرلىشىش ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك ئىختىرالارنىڭ بىرى . ئىنسانلار شەھەر مەدەنىيىتىگە خېلى بۇرۇنلا قەدەم قويغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى ھەم ئاۋاتلىشىشى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك يۇقىرى پەللىگە يەتمىگەن. بۈگۈنكى شەھەرلەر ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا مەركەزلىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. يېقىنقى دەۋر ئۇچۇر ئالاقىسى ھەم پەن-تېخنىكىسى شەھەرلەرنىڭ مەركەزگە ئايلىنىشى ھەم جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەرنىڭ نوپۇسى ئۈزلۈكسىز ھالدا كۆپەيدى. ئىقتىساد، سانائەت، مەدەنىيەت، مەمۇرىي ئاپپاراتلار ھەم نوپۇسنىڭ شەھەرلەرگە مەركەزلىشىشى، تەبىئىي ھالدا شەھەرلەرنىڭ تەبىئىي مۇھىتتىن، تەبىئەتتىن يىراقلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شەھەرلەردىكى ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈكچىلىكى تەدرىجىي ھالدا شەھەرلەردە غەيرىي شەھەر پسىخىكىسى، غەيرىي شەھەر مەدەنىيىتى ھەم غەيرىي كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈردى. ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك ئىچكى باغلىنىشنىڭ ئاجايىپ ھېكمەتلەردىن بىرى ئىكەنلىكى يېقىنقى زامان پەن-تېخنىكىسى تەرىپىدىن بارغانسېرى ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. ئادەم تەبىئەتنىڭ يېرىمى، شۇنداقلا تەبىئەت يەنە ئادەمنىڭ يېرىمى. ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك مۇناسىۋەت بىر-بىرىنىڭ ماددىي مەۋجۇدلۇقىنى ئۆزئارا كاپالەتلەندۈرۈدىغان ئۈزۈكسىز سىستېما سۈپىتىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەزىدە تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئادەم مەنىۋىيىتىگە بولغان تەسىرى سۈپىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بىر تولىمۇ نازۇك جەريان بولغاچقا، مۇھىت ھەم ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئادەمنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەم ئۇنىڭ روھىي ئېلېمېنتلىرىمىزدىكى ئەكسىنى ئالدىن بايقىيالمايمىز.

شەھەرنى سانجاق-سانجاق بىنالار، ئاسفالىت يوللار ئىگىلەشكە باشلىغاندىن تارتىپ بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىز ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىمىزدىمۇ زەررەتلىنىش باشلاندى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز توپا ئارىسىدىن ھاياتلىق ئىزدەپ، توپراق بىلەن ئۇلپەتلىشىپ، ئۇلۇغ ھاياتلىق ئامانىتىنى بىزگە تاپشۇرغاندا، بىز ھاياتلىقىمىزنى تاش بىلەن قورۇپ چىقىشقا باشلىدۇق. باھار كىرگەندىلا بىزنى زار قىلىپ، ئۆز ھۆسنىنى ئاران ئاشكارىلايدىغان سۈنئىي بەرپا قىلىنغان يېشىلزارلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ شەھەردە تەبىئەت ئاتا قىلغان ھەم بەرپا قىلغان يېشىلزارلىقلار تولىمۇ كەم. شۇڭا، بويەردە ئەتىيازنىڭ گۈزەللىكى، يازنىڭ باياشاتچىلىقىنى تولۇق ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، پارنىك ئارقىلىق زورلاپ يېتىشتۈرۈلگەن، قىش - ياز ئۈزۈلمەيدىغان مېۋە-چېۋە، سەي-كۆكتاتلارنىڭ بولۇشى بويەردە پەسىللەر پەرقى ھەم ئۇنىڭ كىشىگە ئاتا قىلىدىغان خۇشاللىقىنى بۇزۇۋەتكەن. كىشىلەر بويەردە يازنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۆز باغلىرىدىكى مېۋە-چېۋىلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ھايانكەشلەرنىڭ سېۋىتىدىن بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مېۋىنى دەرەختىن ئۈزۈپ يېيىشنىڭ ھوزۇرىنى ئاللىبۇرۇن

ئۇنتۇپ كەتكەن. ئادەتتە شەھەرلىكلەرنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسى كۆپىنچە باغچىلاردىن كېلىدۇ. بۇ شەھەردىكىلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلار تىك قىيا باغرىدا ئۆسكەن قارىغاي بىلەن باغچىلاردىكى قارىغايلارنىڭ پەرقىنى، ئوخشىمىغان ئىككى مۇھىتتىن سەزگۈلەر ئېرىشىدىغان ھېس - تۇيغۇنىڭ پەرقىنى ھېس قىلىشتىن مەھرۇم. ئۇلارنىڭ كۆرۈدىغىنى قەپەس ئىچىگە سولانغان قۇشلار ھەم ھايۋانلار. ئۇلار يولۋاسنىڭ قەپەس سىرتىدىكى ھەيۋىسىنى، بۈركۈتنىڭ كۆكتىكى ئەركىن پەرۋازىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. تەبىئەت ئۇلار ئۈچۈن ھېس-تۇيغۇ ئويغىتالمايدىغان ئويۇنچۇق، خالاس. شۇڭا، شەھەر باللىرى تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك مۇناسىۋەتنىڭ تاشقى قەۋىتىدىلا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇلار باھار قارلىغىچى ھەققىدە تەسىرلىك نەسىرلەرنى يازالىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ قانداق سايرايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، بۇيەردىكى كىشىلەرنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىدىن تارتىپ سىزىمىغىچە تاشقا ئوخشاش قېتىشىپ كەتكەن دېسەم كۆپتۈرۈۋەتمىگەن بولىمەن، دەپ قارايمەن. ئۇلارغا تەبىئەتنىڭ ئاتا قىلغىنى تاش بولۇپلا قالماستىن، تاشتەك ھايات بولماقتا.

بۇيەردە ئاز بولسىمۇ بىر مەزگىل ياشاپتىمەن. ئۇ مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلەرنى قالدۇردى، تەنھالىقنىڭ ئازابىنى يەتكىچە تېتىدىم، مۇساپىرچىلىقنىڭ ئېغىرچىلىقىنى باشتىن كەچۈردۈم. بۇيەردە كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش ئېلىپ خورلۇققا بەرداشلىق بەرگەن چاغلىرىممۇ، ئەتراپىمدىكى بەتقىلىقلاردىن سەسكىنىپ ئاجىزلىقىم تۈپەيلى ھەسرەتلەنگەن كۈنلىرىممۇ، خەلقىمىزدىن چىققان دۇنياۋى شۆھرەت ئىگىلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللانغان پەيتلىرىممۇ بولدى. ئادەم ئازاب ھەم خۇشاللىقنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلالىغانلىقى بىلەن ئادەم. ئادەمنىڭ خۇشاللىق ياكى ئازابقا ئېرىشىدىغان پۇرسىتى كۆپ ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى شۇ ئازاب ھەم خۇشاللىق پەيتلىرىدىكى ھېس - تۇيغۇ تولىمۇ قىممەتلىك. كىشى ئازابلانغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەققە سېغىنىدۇ، روھىي پاكلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. خۇشاللانغاندا بولسا ئادەمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى جىسمىغا سىغماي قالىدۇ، ئۆزىنى تولۇق سۆيەلەيدۇ. ئەمما بىلىشى كېرەككى، ئادەمدىكى ھېس-تۇيغۇنىڭ دەۋرىشىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ۋاستىلىق ياكى بىۋاستە غىدىقلىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەم ياشاۋاتقان مۇھىت ئادەمنىڭ يارالمىش ھېس-تۇيغۇلىرىغا قانچىكى يات بولسا، ئادەممۇ ئادىمىيلىكىدىن شۇنچىلىك ياتلىشىدۇ. شۇڭا، ئادەملىككە خاس ھېس-تۇيغۇنىڭ ئاجىزلىشىشىدا مۇھىتنىڭ سەلبىي تەسىرىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. تاشتىن پۈتىۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ پۇقرالىرىمۇ تاش ئويغاتقان ھېس-تۇيغۇدىن يىراق ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك باغلىنىشنىڭ ئاجىزلىشىشى ھەم سۇنئىيلىشىشى ئادىمىي ھېس-تۇيغۇلارنىڭ قېتىشى ھەم سۇنئىيلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېسەك، رېئاللىق بۇنى چەتكە قاقمايدۇ.

بۇيەردە باللار ئۆي دەپ ئاتىۋالغان «تاش قورغان» ئىچىدىكى مېھىرسىز «ئېلېكترونلۇق بالا باققۇچى» (تېلېۋىزور) لارنىڭ ئەللەيلىشى ئىچىدە پۈتۈنلەي ساختا تۇرمۇشتىن لەززەت ئېلىپ چوڭىيىدۇ. ئۇلار تامدىن يىقىلىشنىڭ لەززىتىنى ھەم شۇ ئارقىلىق يېتىلىدىغان باتۇرلۇقنىڭ تەمىنى تېتىيالماي چوڭ بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ روھى يىقىلىش بىلەن تىك تۇرۇشنىڭ پەرقىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۆمىلەپ ياشىسىمۇ ئۇلار ئۆزىنى ئۆرە ھېسابلاشقا كۆنۈك. شەھەرلەردىكى باللار ئويۇنلىرى ھەم باللار پائالىيەت بوشلۇقىنىڭ تارىيىپ كېتىشى بۇخىل تراگېدىيىدىكى بىۋاستە سەۋەب، ئەلۋەتتە. ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىزگە ئۆگەتكەن ئۆي بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك گەۋدە بۇيەردە بۇزۇلغان. كىشىلەر بوسۇغا ئاتلاپ سىرتقا چىقسىلا ئۇلارنى قارشى ئالىدىغىنى تاش تەبىئەت ھەم «سۇنئىي ئىجتىمائىيەت». شۇڭا ئابدۇقادىر جالالىددىن بىر كۈنلۈك تىنىمسىزلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆيگە قايتقاندىلا ئاندىن ئادەملىكىمگە قايتىمەن، دەيدۇ. ئەمما بۇخىل تۇيغۇ ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇشى ناتايىن. چۈنكى بۇيەردە كۆپ قىسىم ئۆيلەر ھەم ئائىلىلەر كىشىلەرنىڭ يېپىنچىسى سۈپىتىدىلا مەۋجۇدكى، ئۇ ھەرگىزمۇ «روھنىڭ سىرتقا كېڭىيىشى» ئەمەس. ئۆي قىستاڭچىلىقى، ھەرىكەت بوشلۇقىنىڭ تار بولۇشى تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىدا ئەركىنلىككە ئىنتىلمەسلىك، ئىچىگە تىنىپ ياشاشتەك بىنورمال پىسخىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ، بۈگۈنكى شەھەرلەردىكى بېكىنمە تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن غېرىبلىقنىڭ كۈنسېرى ئەدەب كېتىشىدىكى بىۋاستە سەۋەب. شۇڭا شەھەرلەردە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى خىزمەتداشلىق، يۇرتداشلىققا ئوخشاش تار كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىگىلەپ كەتكەچكە، كىشىلەر بىر بىنادا ئايلاپ - يىللاپ بىللە ياشىسىمۇ بىر-بىرىنى تونۇمايدۇ. «خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن ياتلارغا ئارىلاشماسلىق» شەھەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى. بۇلار ئادەتتە چىن ئادەملىك مۇناسىۋەتنى ھەم ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەتنى چەتكە قاقىدىغان ئىچكى سەۋەب. ئادەملەرنى «شەھەرلىكلەر» ھەم «سەھرالىقلار» دەپ تۈرگە ئايرىش دەل شۇخىل تۇرمۇش پەلسەپىسى ھەم بۈگۈنكى زامانىۋى شەھەر مەدەنىيىتى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ ئەڭ يىرىك ئىختىرالىرىدىن بىرى.

شەھەرلىكلەر پەقەت تەبىئىي ئادەملىكنى ئۇنتۇپ سۇنئىي لاتاپەتنى ئۆزىنىڭ بىرقات قاسىرقىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقى بىلەن سەھرالىقلاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇخىل ئەخمىقانە كىشىلىك مۇناسىۋەت لوگىكىسى سەھرا كىشىلىرى بىلەن شەھەرلىكلەر ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنمەس ھاڭ شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئۆركۈيدىغان يىرگىنچلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. تەبىئىي ئادەملىك

نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، «سەھرالىقلار» بۈگۈنكى «شەھەرلىكلەر»گە ئەقىدە-ئېتىقاد، ئىنساپ-دىيانەت، مېھىر-ۋاپا، مىللىي ئۆزلۈك جەھەتتە ئۇستاز بولۇشقا لايىق. ئەمما ئەھۋال ئەكسىچە. شەھەرلىكلەر ئۆزلىرىدىكى يۇقۇملۇق مىكروبنى بىباھا گۆھەر بىلىپ ياشاۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، ئۇلار ئۆز روھىدىكى چىركىنلىكنى ھېس قىلىش تۇگۇل، ئەكسىچە، ھەدەپ ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشىسىكەن، دېگەن ئارزۇدا تىپىرلايدۇ.

تۇرالغۇسىدىن تارتىپ ماڭىدىغان يوللىرىغىچە تاشتىن بەرپا قىلىنىشقا باشلىغان بۇ شەھەر قارىماققا كۈنسېرى ئاۋاتلىشىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن تەبىئەتنىڭ ئۇلاردىن يىراقلىشىشى، مۇھىت ئاتا قىلىدىغان ھېس-تۇيغۇلارنىڭ ئۇنتۇلۇشى، كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىلاستىكىلىقنى تەدرىجىي خورىتىپ، كىشىلەردىكى مېھىر-مۇھەببەت، ئىنساپ - دىيانەت، ئەقىدە-ئېتىقاد دېگەندەك مەنىۋى خۇرۇچلارنى كاردىن چىقارماقتا. شۇڭا، بۇيەردە كىشىلەر ھەيران بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلارغا ھەيران قالمايدۇ، غەزەپلىنىشكە تېگىشلىك ئىشلارغا غەزەپلەنمەيدۇ، ئارزۇلاشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئارزۇلىمايدۇ. مانا بۇ، كىشىلەردىكى مەنىۋى قېتىشنىڭ تىپىك دەلىلى. بىزدە «باغرى تاش» دەيدىغان بىر ئىبارە بار. بەلكىم بۇ ئىبارىنىڭ سىمۋول مەنىسى پەقەت رەھىمسىزلىكنىلا كۆرسەتمىسە كېرەك. بۇ ئىبارىنىڭ مەنىسىنى يەنە ئادەملەردىكى ھېس-تۇيغۇنىڭ ئاجىزلىشىشىنى ئىپادىلەشكىمۇ ئىشلەتكىلى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا بۇئىبارىنىڭ بۇخىل كېڭەيمە مەنىسى بۇ شەھەرنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقى بىلەن جىپسىلىشالايدۇ.

بەزمە - مەشرەپ كۆپ بولۇدىغان جاي كۆپىنچە ھاللاردا ئازاب ئۇنتۇلغان، بىخۇدلۇق ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جايدۇر. بۇيەردە كىشىلەرنىڭ كۆڭلى رېستورانسىز، بەزمە-مەشرەپسىز ئۆتمەيدۇ. پوتكۇل شەھەردە ئەڭ كۆپ ھەم ھەشەمەتلىك جايلار رېستوران ھەم بەزمىخانىلاردۇر. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خېرىدارى يەنە ئەڭ كۆپ. بۇيەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزقەۋم - قېرىنداشلىرى بىرنانغا زار كۈن كۆچۈرۈۋاتسا، رېستوران - بەزمىخانىلاردا پۇلنى سۇدەك خەجلەپ يۈرۈيدىغانلار كۆرمىڭ. تەڭسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاجىزلىق ھەم نامراتلىق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىچ ئاغرىتىدىغان ئىش ئەمەس بەلكى نەپرەتلىنىدىغان، كەمسىتىلىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار بىراۋلارنىڭ ئۇ، بۇ بولۇمسىزلىقلىرى ھەققىدە ھەرنېمىلەرنى دېيەلەيدۇيۇ، ئۆزىگە ئۆزى سوت ئاچالمايدۇ.

ئازابنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغانلار يىغلاشنى بىلمەيدۇ. ئازاب بىلەن يىغا كۆپىنچە ھاللاردا بىر-بىرىنى تەلەپ قىلىپ ئىشقا ئاشىدىغان پسىخىك جەريان. ئادەم يارىتقۇچى ئاپىرىدە قىلغان مەخلۇقلار ئىچىدىكى نېمىگە يىغلاشنى بىلىدىغان ھەم يىغلاشنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ يىغلىيالايدىغان بىردىنبىر مەخلۇق. ئادەم يىغلاشنى بىلمىسە ياكى ئۇنتۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئادىمىيلىكىنىڭ يېرىمى تۈگىگەن بولىدۇ. چۈنكى يىغا ئىنسان ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ ئويغاقلىقىنىڭ ئىنكاسى. ھېس-تۇيغۇغا باي ئادەملەرلا يىغلىيالايدۇ ھەم كۈلەلەيدۇ. كىشىلەر ئازابنى كىشىلىك ھاياتنىڭ دۈشمىنى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئازاب ئادەملەرنى تاۋلايدىغان پېچقا ئوخشايدۇ، ئۇ، ئادەملەرنىڭ ساپلىقىنى ئاشۇرالايدىغان بىر جەريان. ئازابنى ئۆزىگە دۈشمەن بىلگەنلەر مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئاجىز كىشىلەردۇر. بۇشەھەردە ئازابنىڭ نېمىلىكىنى تولۇق ھېس قىلالايدىغان ھەم ھەقىقىي يىغلىيالايدىغانلار ئاز. چۈنكى مەن بۇ شەھەردە «توخۇ تۈكى، پىياز پوستى» ئىشلار ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ، ياقا يىرتقانلارنى كۆپ ئۇچراتتىم.

تەبىئەتتىن يىراقلىشىشنىڭ ئادەم پسىخىكىسىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز تاشنىڭمۇ بىر مۇكەممەل مۇلاھىزىگە خېمىر تۇرۇچ بولالايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن تاش ھەققىدە بىزدىن بۇرۇنقىلارنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكى، تاش بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نازۇك ھالقىلىرىنى قانداق باغلىغانلىقىنى، تاش ھەققىدىكى سىمۋوللۇق ئىبارىلەرنى بىر-بىرلەپ ئويلاپ چىقتىم. ھەيران قالدىم: بىزدە تاش بىلەن ئىپادە قىلىنىدىغان ئىنسان پسىخىكىسى ھەم كىشىلىك تۇرمۇشقا ئالاقىدار ئاجايىپ ھېكمەتلەر بار ئىكەن، شۇلارنى بۇيەردە قىستۇرۇپ ئۆتكۈم كەلدى. چۈنكى بۇمۇ بىر «تاش شەھەر» ھەققىدىكى خاتىرە ئەمەسمۇ؟

تاش دېسە ھەممە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا شەكىلسىز بىر قاتتىق جىسىم پەيدا بولىدۇ. كىشىلەر تاشنى ئۇمۇمەن كېرەكسىز نەرسە دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ئويلىنىشنى ئەخمەقانىلىق، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، تەبىئەتتىكى ھەربىر مەۋجۇد نەرسە ئۆزىگە يارىتقۇچىنىڭ ھېكمەتلىرى ۋە ھىممەتلىرىنى مۇجەسسەم قىلغان بولىدۇ. تەپەككۇر ئىگىلىرىلا بۇخىل يېتۈكلۈكنى بايقاشقا ئەڭ سەزگۈر كېلىدۇ. تاش ھەم كىشىلىك تۇرمۇشقا باغلانغان تاشنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ھەققىدىكى ھېكمەتلەر بىزدە تولىمۇ كۆپ. ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىزگە: «ياخشى سۆز تاشنى يارار»، «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز»، «تاشنى تاياقتا تاڭغىلى بولماس»، «تاشتىمۇ كۆيۈك ئىزى قالىدۇ»، «يېتىمنىڭ ئېغىزى ئاشقا تەگسە، چىشى تاشقا تېگىپتۇ»، «توخۇمنى تاشقا ئۇرغىلى بولماس»، «ياشلىقىڭدا قىلغان ئىش تاشقا مۆھۈر باسقاندەك»، «تىرىشقان تاپار، تاشقا مىخنى قاقار». . . دېگەندەك ئىنتايىن نەپىس ھەم ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى قالدۇرغانىكەن. بىزنىڭ مۇلاھىزىمىز بۇ ھەقتە بولمىغاچقا، بۇ ھېكمەتلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمەن. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەنالار ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ئوقۇرمەنلەرگە ئامانەت قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىزدە يەنە تاش ھەققىدە يېزىلغان ھېكايە - چۆچەكلەر، ئەپسانە-رىۋايەتلەرمۇ كۆپ. بالىلىق خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان «يېرىلىڭ

تاشىم»، «تاش باتۇر» دېگەن چۆچەكلەردىمۇ تاشنىڭ سىمۋوللۇق مەنالىرىدىن پايدىلىنىپ ئاجايىپ تەسىرلىك، قىزىقارلىق كىشىلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى بايان قىلىنغان. چوڭ بولۇپ ئەقىل تاپقاندىن كېيىن بىلسەم، بىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ ئۆز تارىخلىرىنى تاشلارغا ئويغانىكەن. ئۇلار بىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئۆتمۈشىمىزنى ئۇنتۇپ، تۇزكور ئەۋلاد بوپقېلىشىمىزدىن ئەندىشە قىلغان بولسا كېرەك.

تاش قاتتىق بولغاچقا، ئۇ ھەمىشە ئۆزىدىن ئاجىز نەرسىلەرنى سوقۇش-چېقىشقا ئىشلىتىلىدۇ. كىچىكىمدە تاش بىلەن ياڭاق، ئۈچكىلەرنى چېقىپ يەۋېتىپ، بۇ ھەقىقەتنى شۇ چاغلاردىلا تولۇق ھېس قىلغانىدىم. چوڭ بولدۇم، جەمئىيەتتىكى، دۇنيادىكى ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭمۇ تاش بىلەن ياڭاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدىغانلىقىنى، كىچىك چېغىمدىكى ئەشۇ خاتىرەمگە ئاساسەن ھېس قىلدىم. ھېلىھەم ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىر قېتىم مەرھۇم بوۋامدىن: «بوۋا، تاش نېمىشقا قاتتىق؟» دەپ سورىغىنىم ئېسىمدە. مەرھۇم بوۋام ئۇچاغلاردا بىز ھازىر ئۆگەنگەن ھەم تازا چۈشىنىپ بولالمايدىغان فىزىكىلىق نەزەرىيىلەرنى بىلمىسە كېرەك، بىلسىمۇ مېنى چۈشەنمەيدۇ دەپ قارىدىمۇ، ماڭا تاش ھەققىدە مۇنداق بىر قىسسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

«بالام، تاش خۇدانىڭ غەزەپ-نەپرىتىدۇر. ئۇ شۇڭا قاتتىق. خۇدا ئىنسانلارنى زېمىنغا ئاپىرىدە قىلىپ، ئۇلارغا ھەممىنى تەل قىلىپ بېرىپتۇ. كائىناتتىكى ھەممىنى ئادەم ئەۋلادىغا بويسۇندۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەمما ئادەملەر ھەمىشە خۇداغا بويۇنتاۋلىق قىلىپ ياشاپتۇ. خۇدا قىلما دېگەن ئىشلارنى ئۇلار قىلىدىكەن، قىل دېگەننى بولسا قىلمايدىكەن. خۇدا ئادەم بالىلىرىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپتۇ. ئەمما ئۇلار زادىلا توغرا يولغا كىرمەپتۇ. دەل ئەشۇ قەدىمي ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئىچىدە لۇد قەۋمى دەپ بىر قەۋم بولغانىكەن. ئۇلار خۇداغا ئاسىيلىق قىلىشتا چېكىگە يېتىپتۇ. ساماۋىي كىتابلاردىكى قىسسىلەردە دېيىلىشىچە، ئۇلار ھەتتا بەچچىۋازلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغانىكەن. خۇدا لۇد ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە بۇيرۇپتۇ. لۇد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يامان يولدىن توسۇپتۇ، نەسىھەت قىپتۇ، ئەمما ئۇلار تىڭشىماپتۇ. پۈتكۈل قەۋمىنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ چېكىگە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدا لۇد ئەلەيھىسسالام ھەم ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بىر قانچە كىشىنى ئامان قالدۇرۇپ، تاش ياغدۇرۇپ بۇ ئاسىي قەۋمنى ھالاك قىپتۇ. تاش خۇدانىڭ ئەشۇ ئەخلاقسىز قەۋمگە بەرگەن جازاسى، بالام».

بۇ مېنىڭ تاش ھەققىدە ئاڭلىغان تۇنجى قىسسەم بولغاچقىمىكىن، بالىلىق قەلبىمدە شۇ پېتى ساقلىنىپ قالغانىدى. كېيىن چوڭ بولدۇم، يەنە تاش ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايە، چۆچەك، قىسسىلەرنى ئاڭلىدىم ھەم ئوقۇدۇم، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن. ئەمما كېيىن ھېس قىلدىمكى، بوۋام سۆزلەپ بەرگەن ئەشۇ تاش ھەققىدىكى قىسسە مەن ئاڭلىغان ھەم ئوقۇغان تاش ھەققىدىكى قىسسىلەرنىڭ سەرخىلى ئىكەن. ئۇنىڭدا تاش بىلەن بىر قەۋمنىڭ ئەخلاق چۈشكۈنلۈكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولىمۇ ئۆزگىچە بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ پەلسەپىۋىلىكى ھەم مەنا چوڭقۇرلۇقى ئەخلاق ھەققىدىكى ھەرقانداق نەزەرىيىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەناقاتلىمىنى بۈگۈنكى دەۋرگىمۇ تەدبىقلاش مۇمكىن. ئۆزىمىزدىن ھالقىپ نەزىرىمىزنى دۇنياغا ئاغدۇرىدىغان بولساق، لۇد قەۋمىنىڭ ئەشۇ شەرمەندىلەرچە قىلمىشىنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇيىل 3-ئىيۇندا برازىلىيىنىڭ سان پاۋلو شەھىرىدە 400 مىڭ بەچچىۋاز نامايىش ئۆتكۈزۈپ، تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. تەبرىكلەش مۇراسىمىدا سان پاۋلو شەھىرىنىڭ باشلىقى نۇتۇق سۆزلەپ، سان پاۋلو شەھىرىنىڭ بەچچىۋازلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلالىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشاللىقىنى ئىپادىلىگەن. بۇيىلقى نامايىشقا قاتناشقانلارنىڭ سانى بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن. مانا بۇ، بۈگۈنكى زامانىۋى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتىكى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان تراگېدىيە، ئەخلاق ھەم ئەخلاق قارشى دۇچ كەلگەن كرىزىس.

ئەخلاقسىزلىق ھالاكەتنى چىللايدۇ، قايەردە ئەخلاقسىزلىق يامراپ كەتسە، شۇيەر جىنايەت، پىتنە-پاسات ھەم تەپرىقچىلىقنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىدۇ. ئەمدى ئەسلى مۇلاھىزىمىزگە قايتىپ كەلسەك، بۇيەردە گەرچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەرمەندە قىلمىش ئۇ دەرىجىدە ئومۇملاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭغا تەڭداش نۇرغۇن قىلمىشلار جەمئىيەتتە ئىجتىمائىيلىشىپ كەتكەن. مانا مەن مۇشۇ يەردە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر سورۇندا تەڭ ئىچىشەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم ھەم كۆردۈم.. ئۇلارنىڭ يۇرۇش-تۇرۇشى ھەم قىلىقلىرىدىن چۆچۈدۈم. ئۇلار ئۆز ئۇچىسىدىكى كىيىم-كېچەكنى ئۆز نامەھرەملىرى ھەم زىننەتلىرىنى ناشايان كۆزلەردىن ساقلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شۇلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن كىيىدىغاندەكلا قىلىدۇ. كىيىۋالغان كىيىملىرىدىن ئۇلارنىڭ ئەزالىرى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇيەردە ياشاش داۋامىدا، ھېس-تۇيغۇغا ئىگە ئەر بولۇپ ياشاشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلدىم، ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن «تاش» قا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندىم.

باشقا ئەل خەلقلىرىدىمۇ تاش ھەققىدە قانداق قىسسە-ھېكمەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئىشىنىمەنكى، ئۇلاردىمۇ تاش ھەققىدە بىز بىلمەيدىغان مەنالار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىسسە-رىۋايەتلەرنىڭ بولۇشى چوقۇم. «غەرىبكە ساياھەت» فىلىمىدىكى سۈن ۋۇكۇڭ تاشتىن يارالغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. يەنە ئەشۇ فىلىمدە تاش ئۆڭكۈرلەرنىڭ كۆپىنچىسى جىن-شاياتۇنلارنىڭ ئۇۋىسى. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى جياباۋيۇ تۇغۇلغاندا بىر قاشتېشى زۇننار بىلەن

تۇغۇلغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاش ھەيكەللەرگە چوقۇنىدۇ. ئۇلاردا نېمە مەنالار بارلىقى شۈكىشلەرگە مەلۇمدۇر.

تاش ھەققىدىكى قىستۇرمىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. ئەمدى تاش شەھەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىمىزگە قايتىپ كېلەيلى:

بۇ شەھەر بىر مازارسىز شەھەر. كىشىلەر ئۆلۈمنى ئەسلەپ تۇرۇشنى خالىمىغاچقىمىكىن، ئۇلار مازارنى ئۆزلىرىدىن تولىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ كەتكەندەكلا ياشايدۇ. كىچىكىمدە بوۋام مۇنداق بىر قىسسە سۆزلەپ بەرگەنىدى: بىر قەۋم بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ مەسچىتلىرى مەھەللىدىن تولىمۇ يىراقتا ، مازارلىرى بولسا كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان يەردە ئىكەن. ئۇلاردىن بىر ئەۋلىيا سوراپتۇ: سىلەرنىڭ مۇنداق قىلىشىڭلاردا نېمە ھېكمەت بار؟ ئۇلار شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: بىز مەسچىتلىرىمىزنى يىراققا سالدۇق، چۈنكى ناماز ئۈچۈن ماڭغان ھەربىر قەدىمىمىزگە خۇدانىڭ ساۋاب بېرىشىنى، مەسچىتكە بېرىش يولىدا قەلبىمىزنىڭ خۇداغا كۆپرەك تەلپۈنۈشىنى كۆزلىدۇق. مازارلىرىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا سالدۇق، چۈنكى ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالمايلى، بىزنى غەپلەت باسمىسۇن، دېدۇق.

ئۆلۈم ھەربىر جان ئىگىسىگە ھاياتلىقتا ئوخشاش پەقەت بىرلا قېتىملا نېسىپ بولىدۇ. تۇرمۇش پەقەت تىرىكلىك بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدىكى بىر دىئالوگ، خالاس. ھاياتلىقتا قانداق مەنا بولسا، ئۆلۈمدىمۇ شۇنداق مەنا بار. بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنىڭ مەنىسىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز تىرىكلىكىگە قانداق مەنا بېرىشى بەلگىلەيدۇ. ئۆلۈم بىلەن تىرىكلىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئادەمنىڭ ئىچىدىلا مەۋجۇد بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆلۈمنى ياد ئېتىپ تۇرىدىغانلار ئۈچۈن بۇخىل پەرق قورقۇنچلۇق نەرسە ئەمەس. ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تىرىكلىك پەقەت ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت، ئەمما ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قالغانلار ئۈچۈن ئۆلۈم بىر قاباھەت. ئۇنى ئەسكە ئېلىش ئۇلار ئۈچۈن ئازاب. قايسىدۇر بىر پەيلاسوپ ئېيتقاندەك: «ۋۇجۇدى جىنايەت بىلەن تولغانلارلا ئۆلۈمدىن ئەڭ قورقىدۇ» .

ئۆلۈم ئىنسانلار قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغان رېئاللىق. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما قاچان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكىلا ئۇنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ. دەل ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈمنى ئۆز رېئاللىقىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ ئېتىراپ قىلماسلىقى ھەم ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇنۇشلىرى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن تراگېدىيە ھەم كرىزىسلارنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبىدۇر. مەسىلەن، بىر باي ئادەمنى مىسالغا ئالساق، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتسە مال-دۇنياسىنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلىدۇيۇ، ھاياتلىقىدا ئۇنى ياخشىلىق يولىغا سەرپ قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈمنى قوبۇل قىلماسلىقىدىكى بىنورمال پسىخىكىسىنىڭ رېئال ئىپادىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇخىل ئەھۋال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا باي-نامراتلىق پەرقى، تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، ئۆزئارا ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك دېگەندەك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم راۋاجلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆلۈم ئېڭى بولمىغان ياكى ئاجىز ئادەمدە گۇناھ تۇيغۇسىمۇ بولمايدۇ. گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ يوقلىشى جىنايەت، ئەخلاقسىزلىق ھەم بارلىق رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. گۇناھ تۇيغۇسى يوق ئادەم ھەرقانداق ئىشتىن يانمايدۇ. بۇشەھەردە كۈنلىرىنىڭ بىرەر دەقىقىسىنى بولسىمۇ ئۆزھۇجرىسىدا تۇۋا-ئىستىغپار بىلەن ئۆتكۈزۈدىغانلارغا قارىغاندا، كەيپ-ساپا، ئەيش - ئىشرەت، گۇناھ-مەئسىيەتكە قانماي كۈن ئۆتكۈزۈدىغانلار كۆپ، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە بۇنداقلار سانسىز، ئۇلار ئۈچۈن «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» . قارىماققا بۇيەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالىي مەلۇماتلىق، زىيالىي سۈپەت كۆرۈنسىمۇ ، كۆپىنچىسىدە ئادىمىي پەزىلەت، ئادىمىي ھېس-تۇيغۇ ھەم ئادىمىي روھ يوقنىڭ ئورنىدا. ئۆزلىرىنى ئىلىم ئەھلى، زىيالىي ھېسابلاپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ خام كېكىرىپ يۈرگەنلەرنىڭ قىلىدىغىنى بىر-بىرى ئۈستىدىن غەيۋەت -شىكايەت، ئەرز-جىنايەت توقۇش. شۇڭا، بۇ شەھەرگە تەلپۈنۈپ، مۇشۇ يەردىكى كاتتىلارغا غايىبانە سېغىنىپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمنى ئويلىسام ئەپسۇسلىنىمەن. ئەڭ يامان بولۇۋاتقىنى ھەم مېنى تەشۋىشكە سالغىنى يىراق يۇرت ئاتلاپ بۇيەرگە ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كەلگەنلەرنىڭ رېئاللىقى بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن رېئاللىقتىن ۋايساش، ئاغرىنىش، ئاھ ئۇرۇشلارنى كۆپ ئاڭلىدىمكى، كەلگۈسى ھەققىدىكى پىلان، غايە، ئېرىشكەن ئۇتۇق دېگەنلەرنى ناھايىتى ئاز ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇيەردە خۇددى يۇقۇملۇق كېسەل مىكروبى بىلەن يۇقۇملانغان كېسەلگە ئوخشاش، بۇشەھەردە بارلىققا كېلىۋاتقان مىللىي ئۆزلۈككە يات زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى بىلەن يۇقۇملىنىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دەسلەپ بۇيەرگە كەلگەندە غايە، ئارزۇ-ئۈمىد بىلەن ياۋاش، مۇلايىم، ساددا قىياپەتتە كەلگەن بولسا، قايتقاندا ئۆزيۇرتى، ئاتا-ئانا، قەۋم-قېرىنداشلىرىنى ياراتمايدىغان، ئۇلارنى ئۆزىچە دۆت ھېسابلايدىغان مەنمەنچى، ھاكاۋۇر، ئويۇنچىلار-دىن بولۇپ، ھوللىۋود ئارتىسلىرىدەك ياسىنىپ يۇرتىغا قايتىدۇ. بۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز خاسلىقىدىن تەدرىجىي مەھرۇم قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە.

ئادەم تەبىئەتتىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئادەملىك ھېس-تۇيغۇلىرى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ئادەم بىلەن تەبىئەتنى باغلاپ تۇرغىنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى تەبىئەتنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىي ھەم ھېسسىي سەزگۈلىرى بىلەن باغلانغان سېھرىي كۈچىدۇر. قاچانكى بۇخىل مۇناسىۋەتنىڭ مۇۋازىنىتى

بۇزۇلىدىكەن، ئادەممۇ، تەبىئەتمۇ ئوخشاشلا ۋەيران بولغۇچىدۇر. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ رېئاللىقى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئىجتىمائىيىتىمىزدىكى چىن ئادەملىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئاجىزلىشىپ، مېھرى - ۋاپا، ئىنساپ - دىيانەت، ئەقىدە - ئېتىقاد، ئەدلى - ئادالەت، شەرمى - ھايا دېگەنلەرنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى، تەبىئەت ۋەيران بولۇۋاتقان، ئادەملەر تەبىئەتتىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئورتاق كرىزىسىغا ئايلاندى. ئەجەبا، بۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر باغلىنىش يوقمىدۇ؟ مەن ئويلايمەنكى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا رېئاللىق مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ئادەم تەبىئەتكە يېقىنلاشقانسېرى ئادەملىككە قايتىدۇ، تەبىئەتتىن يىراقلاشقانسېرى ئادەملەرمۇ «تاش»قا ئايلىنىپ كېتىشكە باشلايدۇ. «تاش شەھەر» ھەققىدىكى بۇ خاتىرىمۇ دەل بىز دۇچ كەلگەن شۇ رېئاللىق ھەققىدىكى ئاددىي سېزىمدۇر. تارىم ئېكولوگىيىسى بىزنىڭ مىللىي خاسلىقىمىز، ئۆزلۈكىمىز بىلەن زىچ باغلانغان. قاچانكى تارىم ئېكولوگىيىسى ھەم ئۇنى مەركەز قىلغان ھاياتلىق چەمبىرىكىمىز بۇزۇلۇشقا باشلىدى، بىزمۇ شۇچاغدىن باشلاپ ئۆزگەرگەن ھەم ئاستا-ئاستا بۈگۈنكى مەنىۋى قىياپىتىمىزنىڭ ئىجادكارىغا ئايلىنىشقا باشلىغاندۇق.

# ئۇقۇم، رېئاللىق ۋە تەقدىر

بۇرۇنلاردا تەقدىر ھەققىدىكى تېمىلار ئۈستىدە پاراڭ بولسا، كۆپىنچە ھاللاردا «ھەركىمنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا بولىدۇ»، «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى» دېگەندەك گەپلەر تولا بولاتتى، شۇنداقلا بۇ كىتاب-ژۇرناللاردىكى تەقدىر ھەققىدىكى مۇلاھىزە، تەسەللىيلەردە ئىپادىلىنىدىغان مەركىزىي ئىدىيە ئىدى. بۇگەپلەرگە مەنمۇ مۇشۇ يېشىمغىچە ئىشىنىپ ئۇنى توغرا بىلىپ كەلگەنىدىم. ماقالە-ئەسەرلەردە بۇيەكۈنلەر كۆپىنچە ھاللاردا قايسىدۇر بىر مەشھۇر تارىخىي شەخسنىڭ جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە يەتكەنلىكىدەك بايانلار ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلەتتى. شۇنداقلا بۇتارىخىي شەخسنىڭ ئاخىرقى ئېرىشكەن نەتىجىسى، ئۇنىڭ پۈتكۈل تىرىشىش جەريانىنىڭ مەقسىتى قىلىنىپ تەسۋىرلىنەتتى. ئەمما كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇ ھەقتىكى بايانلاردىن گۇمانلىنىدىغان بوپقالدىم. چۈنكى يېشىم چوڭىيىپ، ئادەمنىڭ ئارزۇ-غايىلىرى بىلەن رېئاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭ ھاڭنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ ئارزۇ-غايىلىرى، ئۇلۇغۋار مەقسەتلىرىنىڭ ماكان-زامان شەرتلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى، ھەم ئادەم بەزىدە ئۆز رېئاللىقىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىيالماي، ئۆزىنىڭ ئارزۇ-مەقسەتلىرىدىن ھەم ئۆزىگە مەنسۇپ نۇرغۇن نەرسىلەردىن كېچىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

ھازىر ئەسلەپ باقسام، بالىلىق ۋاقتىمدىكى ئارزۇ-ھەۋەسلىرىم، غايىلىرىمنىڭ يېرىمىدىن دېگۈدەك كېچىپ بوپتىمەن، شۇنداقلا ئەشۇ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىمنىڭ ئورنىنى ئۆزۈمگە ئەسلىدىن مەنسۇپ بولمىغان يات ئارزۇ-غايىلەر ئىگىلەپ كېتىپتۇ. مەندىكى بۇخىل يوقىتىش ھەم كېچىش قانداقتۇر ئۆزۈمنىڭ يۇمشاقباش، ھورۇنلۇقىمدىن ياكى ئىرادىسىزلىكىمدىن ئەمەس ئىدى. ئويلاپ باقسام، ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈم ياشاۋاتقان ماكان ھەم زامان مېنى ئۆزلۈكسىز پىششىقلاپ ئىشلەش داۋامىدا، ئۆزىنىڭ مەقسىتى، غايىلىرىنى مېنىڭ شەخسىي غايەم سۈپىتىدە ماڭا ھەمراھ قىپتۇ. قارىسام، ھازىرقى ئۆزۈمنى بېغىشلاپ كېلىۋاتقان ئارزۇ-مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسى مەن ياشاۋاتقان زامان-ماكان رېئاللىقىنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى ئىنكاسى بولۇپ چىقتى. قاتتىق ئۆكۈندۈم. بالىلىق ۋاقتىم سەھرادا ئۆتكەچكىمىكىن، كىچىكىمدە ھازىرقى زامان بالىلىرىدەك چوڭ بولسام ئۇچقۇچى، ئالىم، دوختۇر بولىمەن دېگەندەك ئارزۇ-غايىلەردىن تولىمۇ يىراقتا ئىدىم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ۋىلايىتىمىزدىكى دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگىنىمدىمۇ ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ھازىر مۇشۇلارنى ئويلىسام، مەن تەربىيىلەنگەن مائارىپ سىستېمىسىنىڭ خىزمەت مېخانىزمىدا نەقەدەر چوڭ بوشلۇقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن ھەم ئەپسۇسلىنىمەن. دارىلمۇئەللىمىندە ئۈچ يىل ئوقۇش داۋامىدا مەندە ئارزۇ-غايىلەرنىڭ شولىسى جۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئەمما مەن كېچىككەنىدىم. چۈنكى ئاز-تولا ئارزۇ-غايىسى كۆكلەشكە باشلىغان مەن بۇچاغدا ئاللىبۇرۇن رېئاللىقنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ، ئارزۇ-غايىلىرىمنىڭ قانىتى بوغۇلۇشقا باشلىغانىدى. بۇلارنى مەن كېيىن ھېس قىلدىم. دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈردۈم، خىزمەتكە چۈشتۈم، شۇندىلا مەن «ئۆز تەقدىرىمنىڭ تۆمۈرچىسى» ئەمەسلىكىمنى تولۇق ھېس قىلدىم. خىزمەت تەقسىماتى، ئىش تەقسىماتى، كەسىپ، ئىجتىمائىي ئورۇن، ئىقتىدار، مائاش دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ شەخسنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، قايسىسىنىڭ ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتىم. خىزمەت داۋامىدىكى تۇرمۇش، ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ ئارزۇ-غايىلىرىمنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ياشاشقا مەجبۇرلانغانلىقىمدىن ئىنتايىن خورلۇق ھېس قىلدىم. كېيىن قارىسام، بۇ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئىجتىمائىي فورمىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان مەن ۋە ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئورتاق تەقدىرى ئىكەن.

نۇرغۇن گۈزەل-ئارزۇ غايىلىرىم كۆپۈككە ئايلاندى. ماڭا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭمۇ مۇشۇ خىل تەقدىرى مېنى ئويلاندۇردى. بۇلار پەقەت

مېنىڭ شەخسىيىتىمگە ئالاقىدار كىچىككىنە جەريان، شۇنداقلا بۇخىل جەرياننى مەندىن باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىكى ماڭا مەلۇم. شۇڭا مەن باشتا تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى ئىككى تەمسىلنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمىمەن. چۈنكى ئۇ تەمسىللەر بىر شەخسنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئېرىشكەن نەتىجە ـ ئۇتۇقلىرى ئۇنىڭ ھايات جەريانىنىڭ مەقسىتى قىلىنغاندىلا (پەقەت مەخسەت، ئىرادە، غايىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى ئۈستىدە باشقىلاردا گۇمان تۇغۇلمىغاندىلا) پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ. ئەگەر بۇ بايانلارنى شەخستىن ھالقىپ، ئۇنى بىر ئورتاق گەۋدىگە ياكى بىر ئىجتىمائىي جامائەگە تەدبىقلىساق، ئۇ ھالدا بۇ بايانلار پۈتۈنلەي بىر سەپسەتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇنداقلا بىر ئورتاق گەۋدىنىڭ ئورتاق-غايە-مەقسەتلىرى ئالدىدا، شەخسنىڭ ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى ھەم غايە-مەقسەتلىرى پۇچەك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى تارىخ شەخسكە نىسبەتەن «ھەركىمنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا» بولۇدىغانلىقىدىن ئاز-تولا خەۋەر بەرسىمۇ، لېكىن بىر ئورتاق گەۋدىنىڭ تەقدىرىنى تارىخ ھەرخىل يوسۇندا، گاھ شۇ ئورتاق گەۋدىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا، گاھ باشقىلارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق ئورنىدا بەلگىلەپ كەلدى. تارىخنىڭ بۇخىل تەقدىر كومېدىيىسى خۇددى بىر شەخسنىڭ ئارزۇ-غايىلىرىنىڭ زامان-ماكان شەرتلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشىغا ئوخشاش مەسخىرىلىك.

ئادەمنىڭ ئارزۇ-غايىلىرى بىلەن رېئاللىقنىڭ ئۆزئارا كېسىشىش نۇقتىسىدىن چىقىپ كۆزەتكەندە، ئادەمنىڭ تەقدىرى رېئاللىق بىلەن ئارزۇ-غايىنىڭ ئۆزئارا بالانىسلىقىدا ئەكس ئېتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى ئەمەس»، بەلكى ئادەمنىڭ تەقدىرى رېئاللىقنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا، بەزىدە تۇرۇپ ئىسلام ئەقىدىلىرىدىكى «ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ئۇنىڭ تەقدىرى پېشانىسىگە پۈتۈۋېتىلگەن بولىدۇ» دېگەن قاراش، زامان-ماكان شەرتلىرىنىڭ ئادەمنىڭ ئارزۇ-غايىلىرىدە ئەكس ئېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالىمەن. تەقدىر ئۇقۇمىنىڭ خۇددى بەخت ئۇقۇمىنىڭ ئورتاق بىر ئېنىقلىمىسى بولمىغانغا ئوخشاش كونكرېت ئېنىقلىمىسى بولمايدۇ ھەم بۇ ھەقتە ئۇششۇقچە مۇلاھىزە، پىكىر يۈرگۈزۈش كۆپىنچە ھاللاردا كىشىنى ئازدۇرۇۋېتىدۇ.

بىر ئادەم ياكى بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ كۆپرەكى تاشقى ئامىللارنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ قولىدا بولىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزگە ئارزۇ-غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت دەلىل بولالايدۇ. مۇبادا بىر ئادەم ياكى بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ئۆز ئارزۇ-غايىسى بويىچە ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشەلىسە ھەم رېئاللاشتۇرالىسا، ئۇھالدا تەقدىرنى ھەممە ئۆزى كونترول قىلالايدۇ، دېيىش پۈت تىرەپ تۇرالايتتى. ئەمما رېئاللىقنىڭ %80تىن كۆپرەكى بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەقدىرنى بەلگىلەش ھوقۇقى تاشقى ئامىللارنىڭ قولىدا بولىدۇ. بۇخىل تاشقى ئامىل كىچىكلىتىپ ھەم كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئادەم بولۇشىمۇ ياكى بىرەر ئاددىي ئىجادىي ئۇقۇم ۋە ياكى بىرەر تېخنىكىلىق بۇيۇم (مەسىلەن، كومپيۇتېر) بولۇشىمۇ، چوڭايتىپ ئېيتقاندا بىرەر تەشكىلات ۋە ياكى دۆلەت، ھاكىمىيەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. تاشقى ئامىللار قانچە كونكرېت بولسا، تەقدىرنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنىڭ كىمدە ياكى نېمىدە ئىكەنلىكىنى بايقىماق تەس ئەمەس. ئەمما ئابستراكتلىشىپ ياكى چوڭىيىپ كەتكەندە ئۇنى بايقىماق ئۇنچىۋالا ئاسانمۇ ئەمەس. چۈنكى تەقدىرنى كونترول قىلىدىغان تاشقى ئامىل چوڭىيىپ كەتسە (دۆلەت، تەشكىلاتقا ئوخشاش)، ئۇ، ئادەمنىمۇ ھەم بىر ئادەم مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىمۇ ئۆز ھەجمىگە سىغدۇرۇۋالىدۇ-دە، ئادەم ماشىنىغا ئوخشاش بىر ئومۇمىي گەۋدىنىڭ ئاددىي بىر ۋىنتىسىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۆز ئىختىيارلىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئۇ ئابستراكتلىشىپ كەتكەندە بولسا، كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنى بىلە-بىلمەستىنلا قوبۇل قىلىۋالىدۇ ھەم شۇنى ئىجاد قىلغۇچىلارنىڭ ئەگەشكۈچىسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم باشقىلارنىڭ قولىدىكى قېلىپنىڭ نۇسخىسى بوپقالىدۇ. شۇڭا، تەقدىرنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان تاشقى ئامىل چوڭ بوپكەتسە ياكى ئابستراكتلىشىپ كەتسە، ئادەم ئوخشاشلا مۇشرىكلىككە يول قويىدۇ. بۇخىل مۇشرىكلىك بىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزلۈكنى ئۇنتۇش، ئۆزلۈكىدىن ياتلىشىش ھەم ياتلارنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇشتا ئىپادىلەنسە، بىر جامائەگە نىسبەتەن بۇخىل مۇشرىكلىك ئومۇمىي ئورتاق گەۋدىگە مەنسۇپ ئېتىقاد، ئەنئەنە، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ غەيرىيلىشىشى ھەم دورامچىلىق پسىخىكىسىنىڭ ئورتاق گەۋدە ئىچىدە باش كۆتۈرۈشىدە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنياغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ئۇقۇم، مەدەنىيەت-تېخنىكا بۇيۇملىرىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىمىقىمىز تەس ئەمەس. ئىنسانلار توختىماي يېڭى ئۇقۇم، يېڭى ئاتالغۇلارنى ئىجاد قىلىپ ئۇنى شەرھلەش ھەم شۇنىڭغا لايىقلىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ئەشۇ ئۇقۇم، بۇيۇملار ئارقىلىق ئۆزئارا پەرق شەكىللەندۈرۈپ، بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلەشمەكتە ھەم «قىر-چاپ» قىلىشماقتا. پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن زامانىۋى تېخنىكا ھەم ئۈسكۈنىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى گەرچە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلغار تېخنىكا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ئوتتۇرىغا قويغان تېخنىكىلىق تەلەپلەر ئادەملەرنىڭ لايىقلىشىشى زۆرۈر بولغان ئۆلچەمگە ئايلىنىپ دۇنياغا كېڭەيگەندىن كېيىن، ئادەملەر ئەشۇ ئۆلچەملەرگە لايىقلىشىش داۋامىدا ئۆزىنىمۇ سەزمەستىن

تېخنىكا - ئۇسكۈنىلەرنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى. مەسىلەن، كومپيۇتېر ھەر تېخنىكىلىق بۇيۇم، شۇنداقلا ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان. ئەمما، ئەمەلىيەتتە قارايدىغان بولساق ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە لايىقلىشىشىنى تەلەپ قىلماقتا. ئادەملەر كومپيۇتېر ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ ئوخشاشلا ياشاپ كەلگەن. ئەمما بۈگۈنكى دۇنيانى، تۇرمۇشىمىزنى كومپيۇتېر، ئىنتېرنېتتىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ مۇبادا كومپيۇتېر تۇرمۇشىمىزدىن تويۇقسىز يوقالسا، ئۇنىڭ ئورنىدىكى بوشلۇقنى بۈگۈنكى دەۋردە باشقا نەرسە ئارقىلىق تولۇقلىغىلى بولامدۇ-يوق؟ كومپيۇتېر ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋە ئۇ ئومۇملاشقاندىن كېيىنكى بىزنىڭ تۇرمۇش، تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز، تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزدە ماھىيەتلىك پەرق بارمۇ-يوق؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئويلىسا، ئادەم ئاندىن تاشقى ئامىللارنىڭ تەقدىر كومېدىيىسىدىكى كونتروللۇق ھوقۇقىنىڭ نېمىلىكىنى ئاز-تولا ھېس قىلالايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا «يەرشارىلىشىش»، «دىنىي ئەسلىيەتچىلىك»، «تېررورلۇق» دېگەندەك ئاتالغۇ - ئۇقۇملارمۇ يېقىندىن پەيدا بولۇۋاتقان ھەم دۇنياۋى ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان ئۇقۇملاردۇر. ئەمما بۇ ئاتالغۇ - ئۇقۇملار ئۆزنۆۋىتىدە يەنە بۈگۈن كىشىلەرنىڭ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان پرىنسىپىغا ئايلىنىپ قالماقتا. ئەلۋەتتە بۇخىل پرىنسىپقا يەنىلا ئادەملەر بىلىپ-بىلمەي لايىقلاشماقتا ھەم لايىقلاشتۇرۇلماقتا. بۇ ئاتالغۇ-ئۇقۇملار ئوتتۇرىغا قويۇلۇشتىن، ئۆلمىلەشتۈرۈلۈپ شەرھىلىنىشتىن ئىلگىرى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قايسى خىل يوسۇندا ياشاۋاتقانلىقىنى، نېمىنىڭ تېررورلۇق ئىكەنلىكىنى تازا چۈشىنىپ يەتمەيتتى. بۇ ئاتالغۇ-ئۇقۇملار ئىجاد قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆلچەملىرى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر بىلىپ-بىلمەي ئۆزلىرى ھەم باشقىلارنى ئەشۇ ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنىڭ ئۆلچىمىگە لايىقلاشتۇرۇشقا تىرىشىشقا باشلىدى. بۈگۈنكى دۇنيادىكى يېڭى ئاتالغۇ-ئۇقۇملار ئىجاد قىلىنىشتىن، ئۇ قوبۇل قىلىنىپ كېڭىيىشكىچە بولغان جەريان ئەمەلىيەتتە مەلۇم بىرخىل ئىرادىنىڭ ئەكس ئېتىش ھەم ئىشقا ئېشىش جەريانىدىن ئىبارەت. شۇڭا، بۈگۈنكى دۇنيادا يېڭى ئۇقۇم-ئاتالغۇ ئىجاد قىلالايدىغانلار ھەم ئۇنى شەرھىلىيەلەيدىغانلار ئۆز قارشىسىدىكىلەرنىڭ ئۇستازىغا ئايلاندى، شۇنداقلا ئۆزىگە تون كېسەلمەيدىغان بىچارىلەرگە ئۆز پىچىمى بويىچە تون كېسىشكە باشلىدى ھەم توننى قارشى تەرەپكە قاراپ ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپنى تونغا قاراپ ئۆزگەرتتى. بۇ خىل ئۆزگەرتىش جەريانى بەزىدە زورلۇق، زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشقان بولسا، بەزىدە قارشى تەرەپنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە روياپقا چىقتى. كۆلكىلىك يېرى، بۇخىل ئۆزگەرتىش ھەم ئۆزگەرتىلىشكە «ئۇقۇم-ئاتالغۇ» لارنىڭ ۋاستە بولۇۋاتقانلىقى ئىدى. بۇخىل ئۆزگەرتىش ھەم ئۆزگەرتىلىش جەريانىدىكى ئۆزگەرتكۈچى بىلەن ئۆزگەرتىلگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئۆزگەرتكۈچى ھامان ئاكتىپ ئورۇندا، ئۆزگەرتىلگۈچى بولسا يېڭى ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنى ئىجاد قىلىش ھەم ئۇنى مۇستەقىل شەرھلەش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلى ھەمىشە پاسسىپ ھەم بىچارە ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. شۇڭا، بۈگۈنكى دۇنيادا يېڭى ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنى ئىجاد قىلالمايدىغان ياكى ئۇنى مۇستەقىل شەرھىلىيەلمەيدىغانلارنىڭ تەقدىرى گويا باشقىلارنىڭ قولىدىكى قېلىپتا قويۇلغان خىشقا ئوخشاپ قالدى.

ئاتالغۇ-ئۇقۇم ئىجاد قىلىش ھەم ئۇنى شەرھلەش ئىقتىدارى جەھەتتە بۈگۈنكى غەرب دۇنياسى يۈكسەك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلمەكتە. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ھەرقانداق بىر يېڭى ئاتالغۇ ياكى ئۇقۇم دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئورتاق قوللىنىلماقتا ھەم ئۇ دۇنيانىڭ ئورتاق ئۆلچىمى سۈپىتىدە كېڭەيمەكتە. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇنيا غەربلىكلەرنىڭ قېلىپىدا قويۇلماقتا. شۇڭا، شۇنداق كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، شەرق ھەم بارلىق غەيرىي غەرب ئەللىرى تېخى غەربنىڭ زوراۋانلىقى ھەم ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغىنى يوق. مەسىلەن، «نوبېل مۇكاپاتى»نى تىلغا ئالىدىغان بولساق، ئۇ ئەسلى غەربلىكلەرنىڭ ئىجادىيىتى، شۇنداقلا ئۇ دەسلەپ غەربتىن باشلانغان، ئەمما ئۇ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئورتاق مۇكاپات فوندىغا ئايلىنىپ كەتتى. گەرچە بۇ مۇكاپات تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان ئۇنى ئىزچىل ھالدا غەربلىكلەر ئۆزى مونوپول قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن شەرقلىكلەر ھەم دۇنيادىكى باشقا ئەللەر يەنىلا بىچارىلەرچە ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلمەكتە. بۇ مۇكاپات فوندى ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، غەربلىكلەرنىڭ بىرخىل ئالاھىدە قېلىپى بولۇپ، ئۇ پەقەت شۇ قېلىپقا ماس كەلگەنلەرگىلا مەنسۇپ. شۇڭا ھازىرغىچە بۇ مۇكاپات فوندىغا «ئىسلام ئەللىرى» ھەم غەيرىي غەرب ئەللىرىدىن ئېرىشكۈچىلەرنىڭ سانى ئاز ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا كۆپ بولمايدۇ. مۇبادا كۆپىيىدۇ دېيىلسە، ئۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ مەنسۇپلۇق ھالىتىدىن چىقىپ، غەربلىكلەرنىڭ قېلىپىدا قويۇلىدىغانلار سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كۆپىيىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۈگۈنكى دۇنيادىكى زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئاتالغۇ-ئۇقۇم ئىجاد قىلالايدىغانلار كونترول قىلىپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، دەپسەندە قىلىپ كەلمەكتە، دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئاتالغۇ-ئۇقۇملار بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئادەملەر توقۇپ چىقىدۇ. رېئاللىقنىڭ ھەممىسى ئۇقۇم-ئاتالغۇلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى ھەم شەرھلەنگىنى بويىچە بولۇشى ناتايىن، ئەمما رېئاللىقنى ئاتالغۇ-ئۇقۇملارغا ماسلاشتۇرۇش تامامەن مۇمكىن. بۇرۇنقى ئىنسانلار ئىلىم-پەن، ئۇقۇم-ئاتالغۇلار، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادەتلەر ئاسان كونىرىمايدىغان دەۋردە ياشىغان. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دۇنيادا تېخى ئارستوتېل، سوقرات تەلىماتلىرى ھەم ئۇلار ئىجاد قىلغان

ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنىڭ شەرھلىرى تىلغا ئېلىنماتتى. چۈنكى ئۇلار رېئاللىقنى ھەم ئۆزلىرىنى ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنىڭ قېلىپىغا سېلىپ ئەمەس، بەلكى ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنى ئىستېمال قىلىپ ياشاپ كەلگەن. ئەمما ھازىر بىز ئىلىم پارتلىغان، ئىلىمنىڭ ئىجاد بولۇش سۈرئىتى ھەرقانداق بىر تارىخىي دەۋردىكىدىن تېز بولغان بىر دەۋردە ياشىماقتىمىز. ئىلىمنىڭ كونىرىشى، ئۇنىڭ ئىجاد بولۇش سۈرئىتىدىن تېز بولماقتا. يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئىلىم-پەن، تېخنىكىلار ھەم يېڭى ئاتالغۇ-ئۇقۇملار ئۈزلۈكسىز ھالدا بىزنىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىشىمىز ھەم ئۇلارغا ماسلىشىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ كەلمەكتە. بىز بولساق ئۇلارنى ھەزىم قىلىپ ئۈلگۈرۈپ بولالماي ئاۋارە بولماقتىمىز ھەم ئۈزلۈكسىز ھالدا شۇلارتەرىپىدىن ئىستېمال قىلىنماقتىمىز. بۇخىل تەتۈر ئىستېمال مۇناسىۋىتى ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنىڭ ئىجاد بولۇش ھەم كونىراش سۈرئىتىنى تېزلەتمەكتە. دەۋرىمىزدىكى بۇخىل ئىلىم-تېخنىكا، ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنىڭ كونىرىشىنى ئەمەلىيەتتە بىزدىكى ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى ئەمەس، بەلكى بىزدىكى رېئاللىقنى ئەشۇ ئاتالغۇ-ئۇقۇملارغا ماسلاشتۇرۇشتىكى قىزغىنلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇخىل قىزغىنلىق بىزگە دۇنيانى تەرەققىي قىلىۋاتقان، گۈللىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرغاچقا، بىز شۇخىل مەستخۇشلۇق ئىچىدە«تەرەققىيات مېلودىيىسى»گە جۆربولۇپ، ئوقى سۇنايلا دەپ قالغان دۇنيانى سۆرەپ كېتىۋاتىمىز. دۇنيانى ئەمەلىيەتتە بىرخىل كرىزىس، تەشۋىش قاپلاپ كېتىشكە باشلىدى. بۇخىل كرىزىس قانداقتۇر تارىختىكى ئاچارچىلىق، ئۇرۇش، يۇقۇملۇق كېسەللىك تۈپەيلى پەيدا بولغان كرىزىسقا ئوخشىمايدۇ. بۇرۇن كىشىلەر ئۆزىدىكى يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرغان، تەشۋىشلەنگەن ھەم غەم يېگەن بولسا، بۈگۈن ئىنسانلارنىڭ ئېرىشكەنلىرى ئۇلارغا تەھدىت پەيدا قىلماقتا. ئىنسانلارنىڭ ئېرىشكەنلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى دۇنيانىڭ ئاجايىپ مەسخىرىلىك كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

ئىلىم-پەن دەۋرىمىزدە ئەڭ كەڭ ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئاتالغۇنىڭ بىرى. ئۇ ئاتالغۇ بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ ئىنسانلار ئوخشاشلا ئىلىم-پەن ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم ئۇنى رېئاللىقتىن ھېس قىلغان. ئەمما بۇ ئاتالغۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم ئومۇملىشىشى دۇنيانى، ئىنسانلارنى ھەم ئىنسانلارغا مەنسۇپ ھەممە نېمىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. گەرچە ئىلىم-پەن دېگەن نېمە؟ دېگەن بۇ سوئالغا ھېچكىم ھازىرغىچە قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلمىگەن بولسىمۇ ،لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى بىرخىل ئالاھىدە ئۇقۇم سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى ھەم ئۇنى كەڭ تۈردە ئىستېمال قىلدى. ئىلىم-پەن ئۇقۇمى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي ئۇنۇم كىشىلەرنىڭ بۇئۇقۇمغا بولغان ئېتىقادىنى كۈچەيتىسە كۈچەيتتىكى، گۇمان پەيدا قىلمىدى. بۇ ئاتالغۇنى بەلكىم ھەممىلا ئادەم شەرھىيلىيەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەممە تىللاردا ئىلىم-پەن ئاتالغۇسى بار، شۇنداقلا بۇ ئاتالغۇنى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەممە ئادەم بىلىدۇ ھەم ئىشلىتىدۇ. بۇيەردىكى مەسىلە بۇ ئاتالغۇنى قانچىلىك ئادەمنىڭ قوللىنىشى ھەم چۈشىنىشى ئەمەس، بەلكى ئۇنى كىشىلەرنىڭ قانداق يوسۇندا قوبۇل قىلىشىدۇر. ھازىرغىچە دۇنيادا بۇ ئاتالغۇنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ كەتكەنلەرمۇ، ئۇنى بىلىپ، چۈشىنىپ قوبۇل قىلىپ ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغانلارمۇ بولدى. ئەمما ئالدىنقىلار يەنىلا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاتالغۇنى قايسى خىل يوسۇندا قوبۇل قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت پەرقى دۇنيانىڭ بۈگۈنكى كرىزىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى بۈگۈنكى دۇنيادا ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىلىم-پەن بىر ئاددىي ئاتالغۇ ئەمەس، شۇنداقلا ئىنسانلار ئۇنىڭغا ھەم بىر ئاددىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە قارىمايدۇ. ئىلىم-پەننى ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيە نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇنى بىرخىل ئېتىقاد دەپ قاراشقا تامامەن مۇمكىن. چۈنكى بۈگۈنكى ئىلىم-پەن ئىنسانلارنىڭ ماددىي دۇنياسىنىلا ئەمەس، روھىي دۇنياسىنىمۇ كونترول قىلىۋالدى. بۈگۈن كىشىلەر ئىلىم-پەنگە بىرخىل مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە چوقۇنىدۇ ھەم ئىشىنىدۇ، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇنى بىلىشكە، رېئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۆلچەم دەپ قارايدۇ. بۇنى كىشىلەردىكى يۇقىرى پەن-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ھەۋەس، ئالىم، مۇتەخەسسىس، پەن-تېخنىكا خادىملىرىغا بولغان چوقۇنۇش ھەم ھۆرمەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئىلىم-پەننى ئېتىقاد نۇقتىسىدىن شەرھلەش بەلكىم ئەڭ چوڭ ئاسىيلىق ھەم خاتالىققا يول قويغانلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

يېڭى ئاتالغۇ - ئۇقۇملارنى ئىجاد قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ پۇرسىتى ئەمەس، ئەمما ئۇلارنى قانداق چۈشىنىش ھەم قايسى خىل يوسۇندا قوبۇل قىلىش ھەممە ئادەم كاللا ئىشلەتسىلا قىلالايدىغان ئىش. يېڭى ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنى قانداق چۈشىنىش ھەم قانداق قوبۇل قىلىش ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ يېڭى ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنى ئىستېمال قىلىشى ياكى ئاتالغۇ-ئۇقۇملارنىڭ ئادەملەرنى ئىستېمال قىلىشىنى بەلگىلەيدىغان جەريان. شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، چۈشىنىش بىلەن قايسى خىل يوسۇندا قوبۇل قىلىش يەنىلا ئىككى خىل جەريان. چۈشىنىش ئانالىز، تەپەككۇر، مۇلاھىزە ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئەمما قايسى خىل يوسۇندا قوبۇل قىلىش بىۋاسىتە ھالدا كىشىلەرنىڭ مېتودىغا باغلىق جەريان. ئۇنى كىشىلەرنىڭ دۇنيانى قايسى خىل ئۇسۇلدا كۆزىتىشى بەلگىلەيدۇ.

---

*باش ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

ئاپتور: خوتەن ۋالىي مەكتىپىنىڭ تىلماچى(M1)



# ئورگان

(فېليەتون)

مۇپىجى

ئادىل ئابدۇقادىر تەرجىمىسى

ئورگان قارىماققا ناھايىتى خاتىرجەم، تىنچ ماكان بولۇپ، بىر كۈندە سەككىز سائەتلا ئىشلەيدىغان گەپ. ئورگان خىزمىتىنى چوڭ دىسە چوڭ، كىچىك دىسە كىچىك، ئۇ يۇقىرى - تۆۋەن، چوڭ-كىچىك ھەممە تەرەپكە چېتىلىدۇ. ئورگان خىزمىتىدە ئالدىراشلىقمۇ، بىكارچىلىقمۇ بار. ئالدىراش چاغلاردا ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ، ئادەمنىڭ پۇتى يەرگە تەگمەي قالىدۇ. بىكار چاغلاردا پەرى-مۇئەككەل-لەردەك گېزىت ئوقۇپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ، خۇشى كەلسە ئويناپ كۈن ئۆتكۈزۈدىغان گەپ. ئورگان سىرتىدىكىلەر ئورگاندا ئىشلەشنى بىرخىل بەخت، خۇشاللىق دەپ ئويلايدۇ. ئەمما ئورگاندا ئۇزۇنراق ئىشلەپ باقسىڭىز، ئورگان خىزمىتىنىڭ سىرلىق ھەم مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىسىز.

جۇڭگو ئەنئەنىۋى يوسۇندىكى ئەمەلدارلار خىزمەت قىلىدىغان جەمئىيەت. شۇنداقلا بۇخىل ئەمەلدارلىق ئورگاندا ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن. ئورگان مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەلئىبھرامچە قۇرۇلما شەكىللەنگەن بولۇپ، ئورگانلار ئومۇمەن رەھبەرلىك كوللېكتىپى قاتلىمى، كادىرلار قاتلىمى، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر قاتلىمىدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا بۆلىنىدۇ. بىرىنچى، ئىككىنچى قاتلام يەنە رەسمىي ۋەزىپە، مۇئاۋىن ۋەزىپە، ھەم بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى باشلىق دىگەندەك قاتلاملارغا بۆلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئورگان دەرىجىگە ئايرىلغان بىر كىچىك جەمئىيەت. بۇ جەمئىيەتتە كۆپچىلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ۋەزىپىسى بەلگىلەيدۇ. ۋەزىپىسى يۇقىرىلارنىڭ ئورنىمۇ يۇقىرى، ۋەزىپىسى تۆۋەنلەرنىڭ ئورنىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. ۋەزىپىسى تۆۋەنلەر ۋەزىپىسى يۇقىرىلارنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشى كېرەك. بىر دەرىجە يەنە ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىكنى باشقۇرۇش ئورگانلاردىكى ئومۇمىي قائىدە. ئورگانلاردىكى پايدا-مەنپەئەت تەقسىماتىمۇ ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بويىچە بۆلىنىدۇ. مەسىلەن، مائاش كوئېففىتسېنتىنى بېكىتكەندە دائىم بۆلۈم ئەزالىرىنىڭ 1، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ 1.5، بۆلۈم باشلىقىنىڭ 2.0، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ 2.5، ئىدارە باشلىقىنىڭ 3.0 بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىشتىمۇ مۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ.

كۆپ قىسىم پايدا-مەنپەئەت تەقسىماتى ھوقۇقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھوقۇقدارلارغا قولىدىكى ھوقۇقىنىڭ يەتكۈزۈدىغان پايدىسى ئوچۇق-ئاشكارا بولىدۇ. ھازىرقى ئىنقىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغان مال-دۇنياسىنىڭ كېلىش مەنبەسى نامەلۇم كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھوقۇقدارلاردۇر. ئەمما بۆلۈم ئەزالىرى، ھوقۇقى يوقلارنىڭ كېلىش مەنبەسى نامەلۇم مال-دۇنياغا ئېرىشمىكى يوقىنىڭ ئورنىدىكى ئىش. شۇڭا، ئورگاندا ئىشلەيدىغانلارنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلى ئومۇمەن ئوخشاش بولۇپ، يېرىم-يارتا بولسىمۇ ئەمەلگە ئېرىشىش ئۇلارنىڭ ئارزۇسى. مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغانلار بۆلۈم باشلىقى بولۇشنى، بۆلۈم باشلىقى بولغانلار مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇشنى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغانلار ئىدارە باشلىقى بولۇشنى كۆزلەيدۇ. ئورگاندا بىر ئادەم بىر ئۆمۈر تىرىشىپ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ياكى بۆلۈم باشلىقى بولالىسا كىشىلىك ھاياتىنىڭ قىممىتىنى تاپقان بولۇپ، ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى ئىشقا ئاشقان بولىدۇ. بەزىلەر بىر ئۆمۈر كۈتۈپمۇ ئەمەل كۈرسىنىڭ قىرىغىمۇ ئېرىشەلمەي، بىكارغا ئىشلەپ، ئارزۇلىرى كۆلگە ئايلانغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارتۆشۈك كورۇشكا تاشلىۋېتىلگەندەك تاشلىۋېتىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئورگانلاردىكى ئەڭ سەزگۈر مەسىلە كادىر ئۆستۈرۈش مەسىلىسىدۇر. ئورگانلاردا ھەر قېتىم كادىرلار تەڭشەلگەن چاغ «سەككىز ئەۋلىيا دېڭىزدىن ئۆتكەندە ھەممىسى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان» چاغ بولغاچقا، بۇ چاغدا ئورگان قارىماققا تىپتىنچ كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە رىقابەت كەسكىنلىشىپ سودا بازىرىدىن قېلىشمايدىغان ھالغا يېتىدۇ.

ئورگاننىڭ بىرخىل تەربىيە - يېتەكچىلىك خىزمىتى بولۇپ، ئۇ سىزگە مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقى ھەم پايدا-زىيىنىنى تونۇتۇپ قويىدۇ، شۇنداقلا سىزنى مۇناسىۋەتلىشىشنى ئۇقماسلىقتىن، مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ، يالغۇز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقىچە بولغان ئۆتكەلدىن سىزنى ئۆتكۈزىدۇ. ئورگاندا ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىگەنلەرنىڭ ئىچىدە مۇناسىۋەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇرەككەپ مەنانى چۈشەنمەيدىغىنى يوق. تاشقى جەھەتتىن قارىغاندا، ئورگاندىكى ھەممە ئادەم خىزمەت ئۈچۈن ئىشلىگەندەكلا كۆرۈنىدۇ. خىزمەت بولسا ئورگاننىڭ يادروسى. ئەمما ئەمەلىيەت سىزگە بىر ئادەمنى تەنقىدلەش ياكى ئۇنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش، تەڭشەش ھەم ماددىي مەنپەئەت تەقسىماتىدا قارار چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ رەھبەرنىڭ قولىدا بولۇدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئورگاندا ئىشلىشى جان بېقىش ئۈچۈن. سىز ئورگاندا ئىشلەپ رەھبەرنى مەركەز قىلىپ ئايلانمىسىڭىز ئەخمەق-دۆت ھېسابلىنىسىز. بۇ، ئەخلاق، ئىقتىدار، كىشىلىك پەزىلەت، ساپا قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ. مۇبادا سىز ئۆزىڭىزنى ئىقتىدارلىق ۋە ئىرادىلىك دەپ قاراپ، مۇستەقىل كىشىلىك پەزىلىتىڭىزنى ساقلاپ، رەھبەرگە يېقىنلاشمىسىڭىز، رەھبەرنىڭ دېپىنى چالمىسىڭىز، رەھبەرمۇ سىزنىڭ دېپىڭىزنى چالمايدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ توققۇزىدا سىزنى نەس باسىدۇ. شۇڭا، ئورگاندا ئىشلىگەندە ئەڭ ئاگاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىش رەھبەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىق، رەھبەرنى خاپا قىلىپ قويماسلىق. شۇنداقكەن، ئورگاندا غۇرۇرلۇق بولۇشقا بولمايدۇ. جاھىللىق قىلىشقا، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بولمىسا ئادەم ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. رەھبەرχχتە ئازراق مەسىلە بار ئىكەن دەپ قويسا، بۇ كىشى سىز بوپقالسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز يوق بولىدۇ. ئورگان قارىماققا يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق، ئىشلىگەنگە ھېرىپ قالمايدىغان، كىرىمىمۇ ياخشى، كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ناھايىتى ياخشى جاي، ئەمما ھېچكىم ئورگاننىڭ بەزىدە يۇمشاق قاپقان ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. سىز ئىقتىدارلىق، سەۋىيىلىك ھالدا ئورگانغا كەلسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئورگانغا ماس كەلمەيدىغانلىقىڭىزنى بايقايسىز. شۇنىڭ بىلەن سىزمۇ باش قاتۇرۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ غېمىگە چۈشىسىز-دە، تەدرىجىي ھالدا جاھانغا بېقىپ ئىش تۇتۇشقا باشلايسىز. بۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزمۇ بىلمەستىن نۇرغۇن قىممەتلىك زېھنىڭىز ھەم ياشلىق باھارىڭىزنى خورىتىپ بولغان بولىسىز. قەدىمقىلار: ماسلىشالىغانلار ھايات قالىدۇ، دېگەن. سىز ئۆز زېھنىڭىزنى مۇناسىۋەت ئورنىتىش، يالغان سۆزلەش، قۇرۇق گەپ قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا، سىزنىڭ ئۆگىنىش، نەتىجە يارىتىش پىلانىڭىز بىر چەتتە قالىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئورگان خىزمىتىگە ماسلىشىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنىڭ ۋىجدانى، دەسلەپكى ساداقىتىڭىز، غايىڭىزغا خائىنلىق قىلغان بولىسىز. ئەمما قولىڭىزغا تېگىدىغىنى ۋەزىپە، ئۇنۋان، نام-ئاتاق دېگەندەك ساختا نەرسىلەر بولۇپ چىقىدۇ. ھەقىقەتەن ئاز-تولا تۆھپە ياراتتىڭىزمۇ-يوق؟ ئەستايىدىل ئويلاپ كۆرسىڭىز، ئۇ چاغدا ھاڭ-تاڭ قالىسىز. ئورگان مانا مۇشۇنداق. سىز ئۆزىڭىزمۇ تويماي ئۆز-ئۆزىڭىزدىن مەھرۇم قالىسىز ھەم ھېچبىر ئىقتىدارى يوق، «ھەممە جەھەتتە تولۇق يېتىشكەن» ئېغىزى يۇمشاق، يۇمىلاق تاۋۇزغا ئايلىنىپ قالىسىز.

---

«فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 8-سانىدىن
(M2)



# تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

▲ ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى ئۈچۈن ياراتقان پەلسەپىلىرىنىڭ خۇدانىڭ قانۇنىدىن يۇكسەك ئورۇندا تۇرۇشى ئىنسانىيەت ھالاكىتىنىڭ ئىجتىمائىي نېگىزىدۇر.

▲ ئەقىل ئوغرىسى شەيتان غەربتە پىرومىتى ئاتىلىپ، قەھرىمان سۈپىتىدە مەدھىيىلەندى، شەرقتە ئىبلىس دەپ ئاتىلىپ ئالۋاستى سۈپىتىدە قارغالدى. شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دەل مۇشۇيەردىن باشلاندى.

▲ خەلقنىڭ قەلبىدىكى مۇستەھكەم ئېتىقاد ھەرقانداق كۈچلۈك ھۆكۈمرانىنىمۇ بويسۇندۇرالايدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچتۇر.

▲ زالىمغا نىسبەتەن ئەڭ زور تەھدىت نېمە؟

- ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە خائىنلارنىڭ بولماسلىقى.

- ئەزىز ھاشىم

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا 2-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھېسسىياتقا بېرىلسەڭ شېرىن ئازابقا، ئەقىلگە تايانساڭ مۇشەققەتلىك راھەتكە ئېرىشىسەن.

- پاتىگۈل قاسىم تۇربەگ قىزى

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە توخۇلا يېزا خالۋاپ كەنتىدىن، دېھقان

▲ مەتبۇئاتنى ئۆز ئىدىيىسى ۋە ئىرادىسى بويىچە مونوپول قىلىۋېلىش، غەيرىي ئىدىيىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەمەس، ئاقىۋەتتە مەتبۇئاتنىڭ كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ مەتبۇئاتنىڭ بۇلغىنىشى خەلق روھىنىڭ بۇلغىنىشىدۇر.

▲ تەقدىر ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر دىن ۋە تەڭرىگە بېرىپ تاقالغاندا سىرلىقلىشىپ مەۋھۇملىشىدۇ، سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىر ۋە نادانلىقتىن ئىبارەت پىكىرگە كۆچكەندە كونكرېتلىشىدۇ.

▲ ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى رامئاللاھقا بېسىپ كىرىپ ياشىر ئەرافاتنىڭ كۆكسىگە مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ تۇرغاندا، ئەرەبلەر مەسچىتلەردە «قۇرئان كەرىم» دىكى ئىتتىپاقلىق ۋە جىھاد ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇغىنىچە، خىرامان ئولتۇراتتى.

▲ مەنپەئەت ئادەملەرنى بىر-بىرىدىن ياتلاشتۇرۇپ، ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە تەقدىرىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىۋاتقان تۆپكى سەۋەبتۇر.

- زەپەر ئابدۇلھەي

---

ئاپتور: نىلقا ناھىيە سۇ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ دوستۇم، مال-دۇنيالىرىڭدىن مەغرۇرلىنىپ كەتمە، ئۇ سىناق تېشى سېنى ھالاك قىلىۋەتمىسۇن.

- ئايمىنىسا سۇلايمان

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە قارىقى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپ يىغىنىدا ئاچچىقلاپ

تۇرۇپ: «ياغاچچىلار، ساتراشلار قاراپلا ئۇستىدىن ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالايدۇ. سىلەر نېمىشقا كۈندە دوسكىغا قاراپ ئولتۇرۇپ دەرسنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈۋالمايسىلەر؟» دەپ شالىنى چاچراتتى. ئېنىقكى، ئۇ ئەمەلىيەت، بۇنەزەرىيە ئىدى. ئېيتماقچى بولدۇم، ئەمما ئوقۇتقۇچىمدىن قورقاتتىم. بىر ئالىمنىڭ: «نەزەرىيە ۋە ئوقۇتۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان مەكتەپ بىر تۈركۈم يادلامچى، ئىتائەتچان قۇللارنى يېتىلدۇرۇپ چىقىدۇ» دېگىنى خىيالىمدىن كەچتى ۋە ئۆزۈمنى «قەپەستىكى شىر بالىسى» دەك ھېس قىلالىدىم.

▲ «قاراڭغۇ»، «زۇلمەت»، «ئېزىلىش» توغرىسىدا سۆز ئېچىلسىلا «ئەينى زاماندا»، «كونا جەمئىيەتتە...» دەپ سۆز باشلايمىز. ئەجەبا، ھازىر پۈتكۈل دۇنيا «يورۇق» مىدۇ؟!

-نۇرىمانگۈل

---

ئاپتور: ئۈلۈغچات ناھىيە كانىۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ «كونىلارنىڭ توشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا» دېگەن سۆزىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان بوپقالدىم. مېنىڭچە، «يولۋاستەك يۈز يىل ياشىغىچە، توشقاندەك بىر يىل ياشا» دېگىنىمىز تۈزۈك ئىكەن. چۈنكى يولۋاسنى ئىنسانلار كۆندۈرۈپ قەپەسكە سولىيالىدى، بىراق توشقانىچۇ؟...

- نەزەرجان ياقۇپ(جانباز)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيدان پاختا زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى

▲ جۇرئىتىڭنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئۆزۈڭ سۆيگەن ئادەمنىڭ، ئۆزۈڭ ئۆلۈغلايدىغان ئادەمنىڭ، ئۆزۈڭدىن كۈچلۈك ئادەمنىڭ ئالدىدا نامايان قىلغىنىڭكى، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى سۆيگەنلەرنىڭ، ئۆزۈڭنى ئۇلۇغلايدىغانلارنىڭ ۋە ئۆزۈڭدىن ئاجىزلارنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىما، بولمىسا پېشانەڭگە نامەردلىك تامغىسى بېسىۋالىسەن.

▲ ئادەم سەرگەردان بولمىغىچە ئۆينىڭ، مىللەت سەرگەردان بولمىغىچە زېمىننىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ.

▲ دەرىزە كۈندۈزى ئۆينى يورۇتقان بىلەن، كېچىسى ئادەمنى خەۋپسىرىتىدۇ.

- ئەھەت مامۇت

---

ئاپتور: كۈچا ناھىيە چىمەن يېزا دابوزكەنتىدىن، دېھقان

▲ قەدىمدىن تارتىپ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھۆكۈمرانلار پۇقرالارنىڭ ئىتائىتىدىن، پۇقرالار ھۆكۈمدارلارنىڭ پاك دىيانىتىدىن ئىزدەپ كەلگەن. بۇ، ئۆزگەرمەس تارىخىي مەنتىقە.

مەتسايىم سايىت

---

ئاپتور: چىرا ناھىيە چىرا يېزىسىدىن، دېھقان

▲ بىز بۈگۈنكى پىلانىنى ئوبدان تۈزمەي، كەلگۈسىدىكى پىلانىغىلا كۆڭۈل بۆلگەچكە، ئىشلىرىمىز ھەمىشە يۈرۈشمەي كېلىۋاتىدۇ.

▲ راست سۆزۈمگە قاپاق تۈرمىگەن بولسالڭ، مەن يالغان سۆزلەش ئارقىلىق سېنىمۇ ھەم ئۆزۈمنىمۇ ئالدىمىغان بولاتتىم.

- ئەركىن ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى شىڭگۈەن چېكرامۇداپىئە ساقچىخانىسىدىن

▲ سۆيگۈ ۋە ھىجران كىشىگە جەننەت ھۆزۈرى ۋە دوزاق ئازابىنى بۇئالەمدىلا بىلدۈرەلەيدىغان بۈيۈك نەرسىدۇر.

▲ قولدىن كەتكەن بەخت قايتا نېسىپ بولمايدىغان شۇئنقەدىردۇر.

- غۇنچەم ئابا

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئوقۇغۇچىسى

▲ شۇنداق بىر مىنۇتلارغا دۇچار بولىسەنكى، سەن قانداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويغىنىڭنىمۇ بىلمەيدىغان ياكى بىلىشكە ئۈلگۈرەلمەيدىغان.

▲ بارلىق ساختا نەرسىلەر داغدۇغا قىلىنىۋاتقاندا، بىز ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىغا مەستانە بولۇپ، ئىلكىمىزدىكى چىن نەرسىلەردىن ئۆزىمىز تۈيۈپ-تۈيمايلا ئايرىلىپ قالىمىز.

▲ ئىلكىڭدە بار چاغدا ئەھمىيەتسىز تۈيۈلغان نەرسە، قولۇڭدىن كەتكەندە (باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قالغاندا) ساڭا ئەھمىيىتىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا ھەرقانچە چۈشەنگىنىڭنىڭ بىلەن پايدىسىزدۇر.

▲ بوۋام ماڭا شۇنداق دەيتتى: قولدىن كەتكەن نەرسىنى ئۆزپېتى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق، قولۇڭدىكىنى چىڭ تۇت!

▲ تىلنىڭ غەلىبىسى مىللەتنىڭ غەلىبىسى.

▲ ئەگەر دوزاخنى كۆرەي دېسەڭ ئىمان-ئېتىقادسىز كىشىلەر ئارىسىدا ياشاپ باق.

▲ ئەگەر بىر مىللەت ئۆز قەھرىمانىنى چۈشەنمىسە، يەنە كېلىپ ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرسە، جەزمەن ئۇ مىللەتنىڭ تەقدىرى شۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىدىنمۇ ئۆتە پاجىئەگە دۇچار بولىدۇ.

- ئابدۇرەھمجان يۈسۈپ ئۈمىدى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ جەمئىيەتتە ئاز-تولا جېدەل-ماجرانىڭ بولۇپ تۇرۇشى ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس. ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى - خەلقنىڭ دېگىنى - ئوكيان سۈيىدەك تىپتىنچ تۇرۇۋېلىپ، سۇ ئىچىدىكى بېلىقلاردەك ھەرىكەت قىلىشى.

- ئابدۇللا روزىمۇھەممەت

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرى(M1)



# «سىياسىينىڭ رەزىللىكى»دىن تاللانغان ھېكمەتلەر

لۇئىس پرووۋل (فرانسىيە)

نۇرشات مەمتىلى تەرجىمىسى

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر سىياسىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى، دەپ تەرىپلەنگەن بۇ كىتاب بوران-چاپقۇنلۇق 19-ئەسىردە، ئىنقىلابنىڭ مەركىزى فرانسىيەدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئىنسانلار تەبىئىيىتىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك ۋە رەزىللىك ئەڭ تەلتۆكۈس ئىپادىلەنگەن بىر دەۋر ئىدى.

كىتابتا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ سىياسىي سەھنىدە ئويناپ كەلگەن، كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بەتبەشىرىلىكلىرى تەسۋىرلەنگەن.

ئاپتور ئىنسان تەبىئىيىتىدىكى رەزىللىكنى سىستېمىلىق، چوڭقۇر ھەمدە داۋاملىق ھالدا پاش قىلىپ ۋە تەنقىدلەپ، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا دۇچار بولۇۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنىڭ تۈپ يىلتىزىنى ئېچىپ بەرگەن.

— لى بەيگۇاڭ (خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ سۆزى)

بۇ كىتاب لوندون فىشېر ئاڭۋان نەشرىيات شىركىتىنىڭ 1898-يىلدىكى نەشرىگە ئاساسەن جايىخچېڭ، ۋاڭ تيەنچېڭ، لى بەيگۇاڭ، ليۇشۇگۇاڭلارنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن «ئىسلاھات» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999-يىلى ئاپرېلدا نەشر قىلىنغان.

بۇ تاللانمىغا ئاپتورنىڭ مەزكۇر كىتابىدىكى بىرقىسىم پىكىر دۇردانىلىرى ۋە بەزى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئاپتور تاللاپ ئىشلەتكەن ھېكمەتلىرى سۈزۈۋېلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەھرىلىنىشىگە سۇنۇلدى.

— مۇھەررىردىن

▲سىياسىي ئەسلىدە ئىنتايىن يۈكسەك ۋە ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئاممىۋى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر تۈرلۈك سەنئەت ئىدى. بىراق سىياسىينىڭ بۇ گۈزەل ئوبرازى ئۇزۇندىن بۇيان نۇرغۇن خاتا سىياسىي پرىنسىپلار تەرىپىدىن بۇلغىنىپ كەلمەكتە.

▲نۇرغۇن خاتا سىياسىي پرىنسىپلارقانۇن تونى ئاستىدا سىياسەتنى يالغانچىلىق ۋە قويمىچىلىقنىڭ تېخنىكىسىغا ھەتتا بۇلاڭچىلىق ۋە شۇلۇۋېلىشنىڭ زوراۋانلىق ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا.

▲ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىنسانلار ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆز ھۆكۈمرانىنى ئىزدەپ كەلمەكتە. بىراق ئۇلارنىڭ ئىزدەپ تاپقىنى دائىملا ئادەم ئۆلتۈرسە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويمايدىغان قاسساپ — جاللات، تەلۋە، بۇلاڭچى، ساختىپەز، ۋەيران بولغۇچى ، سارەڭ، ئەخلاقى چىرىگۈچى ۋە رەزىللىك تاراتقۇچى بولۇپ چىقتى.

▲ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئەڭ چوڭ جىنايەتچى ئېھتىمال سىياسىي ساھەدىكى جىنايەتچى بولۇشى مۇمكىن. سىياسىي ساھەدىكى جىنايەتچىلەر دائىملا ئۆزلىرىنىڭ قارانىيىتى، ئاچكۆزلۈكى ۋە ھوقۇق-مەنپەئەت تالىشىشى ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا تەپرىقىچىلىق ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بالايىئاپەتكە باشقا ھەرقانداق بىر جىنايەت سەۋەب بولغان بالايىئاپەت تەڭ تۇرالمايدۇ.

▲ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەرقايسى ساھەلەردە غايەت زور ئىلگىرىلەپ، كۈنسايىن مۇكەممەللىشىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق پەقەت سىياسىيلا بۇنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كەلمەكتە. سىياسىي ساھەدە يەنىلا قويمىچىلىق ۋە ھىيلە-نەيرەڭلەر دەۋر سۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى ۋە ئەركىنلىكى يەنىلا كەمسىتىلمەكتە ۋە ئىنكار قىلىنماقتا.

▲پەقەت مەلۇم پەلسەپىۋى ئەقىلگە ۋە دىنىي ئېتىقاد

پرىنسىپىغا ئىگە ئادەملەرنىڭلا سىياسىي ھوقۇق يۈرگۈزۈش سالاھىيىتى بولىدۇ. چۈنكى ساپ بولغان مەنىۋى كۈچلا جەمئىيەتنى چىرىكلىشىشتىن ساقلاپ قالالايدىغان «تۇز» دۇر.

▲لاتىن ھېكمىتى: شان-شەرەپ كىشىنىڭ تەبىئىيتىنى چىرىتىدۇ.

▲سىياسىي كىشىنىڭ ۋىجدانىنى چىرىتىدۇ. سىياسىي چوقۇم تۆۋەندىكى زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن ئاقىۋەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بۇ زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولغان ھېكمەتلىك سۆزلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: «ھوقۇق ھەقىقەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»، «مەقسەت ۋاستىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ»، «ئاممىۋى بىخەتەرلىك ئەڭ چوڭ قانۇندۇر».

▲دۆلەت مەنپەئىتى ھەممىدىن ئەلا، دەپ قارايدىغان ئەخلاقىقا زىت نەزەرىيە بارلىق ھۆكۈمەت، پادىشاھ ۋە جۇمھۇرىيەتلەر تەرىپىدىن كۆككە كۆتۈرۈلمەكتە ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەكتە.

▲نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شاھ-سۇلتانلار ئەزەلدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتە كەسكىنلىك ۋە ئىككىلەنمەسلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلگەن.

▲ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىدە كىشى ئەبىئىيتىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىلەر ئۆزىنى تولۇق ئاشكارىلايدۇ.

▲ئەگەر مەقسەت ۋاستىدىن ئۈستۈن تۇرسا، ئۇنداقتا بارلىق مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت، ئەخلاق، ئىدراكلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكنى خاتا چۈشىنىشى تۈپەيلى، ئۇ ئەركىنلىك، ئىقتىدار، پەزىلەت قاتارلىقلارنىڭ كۈشەندىسىگە ئايلىنىپ قالغاندا، كىشىلەردە شۇنداق بىر تەلەپ شەكىللەنگەن: بارلىق ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ھالقىپ كەتكەن نەرسىلەر بىرخىل سەۋىيىگە تۆۋەنلىتىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئەيىبلەر كىشىلەرنىڭ ھەسەتنى قوزغىغان: باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈدىغان ئەقىل-پاراسەت، بىلىم ھەتتا فىزىئولوگىيىلىك ئەۋزەللىكمۇ.

▲دىن ياكى پەلسەپىۋى ئېتىقاد بولمىغاندا، ئىنسانلار مېھىر-شەپقەتسىز، زەھەرخەندە ۋە ياۋۇز ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲بۇرىلەر ھەرگىزمۇ ئۆزئارا قىرغىن قىلىشمايدۇ. بۇ جەھەتتە بىز ئىنسانلار ھەتتا بۇرىلەرگىمۇ يەتمەيمىز. ئىنسانلار دائىم دىن، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىقنىڭ نامىدا ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىدۇ. مەشھۇر دىنىي ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر دائىملا كىشىلەرنىڭ خاتا چۈشىنىشى سەۋەبلىك ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنىڭ چېچىلىشىغا سەۋەب بوپقالىدۇ.

▲ئىمپېراتور ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) غا چەت ئەللىكلەرگە ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش تەكلىپىنى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئارستوتېل بەرگەن دېسە، ئىشىنەمسىز!

▲ گەرچە ئۆچمەنلىك ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ سىنىپىي كۈرەش ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھلار كۈرەشلىرىدەك ئۆنۈملۈك قورقۇنچلۇق ئەمەس.

▲ئەقلىيلىك بىلەن دىن ئىنسانلارغا شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدۇ: «بارلىق پۇقرالار سېنىڭ قېرىنداشىڭدۇر، سەن ئۇلارنى سۆيۈشۈڭ كېرەك». بىراق سىياسىيئونلار كىشىلەرگە شۇنداق دەپ نەسىھەت قىلىدۇ: ھەربىر پۇقرا سېنىڭ رىقابەتچىڭ، سەن ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىشىڭ ھەم ئىمكان بار ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىڭ كېرەك».

▲لۇئىس XI نىڭ قارىشىچە، قانداق يالغان سۆزلەشنى ئۇقمىغان ئادەم، قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئۇقمايدۇ.

▲زىيانكەشلىك قىلىش زوراۋانلىق بىلەن مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغاندا، ساختىلىق بىلەن قانۇن شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

▲دىنىنى يوقىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھۆكۈمەت دىنىي خادىملارنى قالايمىقان تالاپ ئىشقا قويۇش ئارقىلىق دىنىنىڭ ئابروينى چۈشۈرىدۇ. پولشالىقلارنىڭ كاتولىك دىنىنى بېسىش ئۈچۈن رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىر ھارافكەش لۈكچەكنى باش روھانىيلىققا تەيىنلىگەن.

▲ خەلق ئۆزىگە قىلىنغان ساختا ۋە ئوچۇق-ئاشكارا خۇشامەتلەردىن ناھايىتى ئاز بىزار بولىدۇ. خەلق ھەمىشە ئېزىقتۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئارستوفىن مۇنداق دېگەن: «خەلق ئەڭ ئوڭاي ئالدانغۇچىدۇر».

▲ھېچكىم ئېزىلىشنى خالىمايدۇ، لېكىن ھەربىر ئادەم ئەزگۈچى بولۇپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەممە ئادەمنىڭ ھۆر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانئادەم بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ـ كىشىلەر پەقەت ئۆزى ۋە دوستلىرىنىڭ ھۆرلۈكىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

▲ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ئادەم ئۆكتىچى ئورۇندا تۇرغان چاغدا بىلدۈرگەن ھۆرلۈك پرىنسىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ھۆرلۈككە بولغان سەمىمىيىتىگە ئىشىنىش مۇمكىن.

▲شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئادەمنىڭ نەپسى ۋە ماددىي مەنپەئەت ئىنقىلابنىڭ شەكىللىنىشىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

▲يەھۇدىيلارنىڭ بايلىقى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە تۈرلۈك زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

▲تايىن مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئىنقىلاب مەيلى قانچىلىك جاراڭلىق بولغان ھۆرلۈك، باراۋەرلىك ۋە مېھرىبانلىق ئىبارىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى كۆككە كۆتۈرسىمۇ، ئۇ ماھىيەتتە يەنىلا مال-مۈلۈكنىڭ يۆتكىلىشىدۇر».

▲بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر مەيدان سىياسىي ئىنقىلاب قىلىش بىر مەيدان ئەخلاق ئىنقىلابى قىلىشتىن كۆپ ئاسان، ئۇنىڭ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئۇنىڭ ۋىجدانىنى ئۆزگەرتىشتىن كۆپ ئاسان.

▲ ئادەم دېگەن ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرگە نىسبەتەن دائىم ھەسەت قىلىپ ۋە بىزار بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئەتكە ئىگە.

▲سىياسىيغا سەل قاراش بىرخىل ئېغىر سەۋەنلىك، چۈنكى

بۇنداق قىلىش سىياسىي ساھەنى رەزىللەرگە ۋە لەقەمدارسىزلارغا ئېچىپ بېرىدۇ.

▲بىر دۆلەتتە ھۆكۈمەتنىڭ پەزىلىتى دائىملا مىللەتنىڭ خاراكتېر - پەزىلىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئەندىزىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ئەگەر ھۆكۈمەت ھاكىممۇتلەق ۋە زوراۋان بولسا، ئۇ ئۆز خەلقىنى ئېھتىياتچان، چۈشكۈن، گۇمانخور ۋە قۇللۇقچىلىق خاراكتېرى تولۇق قىلىپ قويىدۇ.

▲بىر مىللەت ھېچقانداق شەيئىگە ئىشەنمەس بولغاندا ئۇ پەقەت زوراۋانلىق ۋە يۈلغىلا ئىشىنىدۇ.

▲سىياسەتۋازلارنىڭ سەممىيەتسىزلىكى ۋە ئالدامچىلىقلىرىغا قارىتا ھېچ ئىش بولمىغاندەك سەل قاراش بىر مىللەتنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى.

▲ئاممىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى پۈتۈنلەي سىياسىينىڭ سەممىيىتى ۋە ئادىللىقىغا باغلىق.

▲جەمئىيىتىمىزدىكى كېسەللىك سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي كېسەللىك ئەمەس، بەلكى ئەخلاق كېسىلى.

▲رابىلاينىڭ ھېكمىتى: ئىلىمدىكى بىلىمسىزلىك روھنىڭ ھالاكىتىدۇر، سىياسىيدىكى ئەخلاقسىزلىق جەمئىيەتنىڭ ھالاكىتىدۇر.

(يۇقىرىقى مەزمۇنلار مەزكۇر كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى. تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ھەرقايسى بەتلەردىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى.)

▲دۇنيادا پەقەت ياخشى ئادەم بار، ياخشى سىياسىي تۈزۈم بولغان ئەمەس.

- تاسىتۇس (قەدىمكى رىم تارىخشۇناسى)

- مۇقەددىمە I بەت

▲ ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بارالمىغان ئوقۇتۇش ئادەمگە ھەقىقىي بىلىم بېرەلمەيدۇ، ئادالەت روھىنى ئاتا قىلالمايدۇ، پەقەتلا كىشىنىڭ ئاچكۆزلۈك، ھۇزۇرلىنىش ۋە تەكەببۇرلۇق ئىستىكىنى چوڭايتىۋېتىدۇ، خالاس.

- 85-بەت

▲بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى ئېزىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ چوقۇم باشقا مىللەتلەرگە شۇنداق ئېيتىدۇ: مەن ئۇلارغا ئىلغار مەدەنىيەت ئەكەلدىم، مېنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىم پۈتۈنلەي ئېزىلگۈچىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن.

- 125-بەت

▲تەجرىبە - سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئائىلە مەجبۇرىيەتلىرى ئارقىلىق ئەقىللىق بولالمىغان ئادەملەردە تۈزۈمگە نىسبەتەن تەبىئىي بىزارلىق، ھوقۇققا نىسبەتەن تەبىئىي ھۆرمەت كەمچىل بولىدۇ. دەل شۇ سەۋەبلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە ئىسيان كۆتۈرۈشنى شەرەپلىك دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەتسىزلىك تۈرغۇنلىغان ياشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

- 146-بەت

▲ئاددىي-ساددا ۋە مۇۋاپىق بولغان يېمەك-ئىچمەك، نورمال تۇرمۇش ۋە سالماقلىق بىلەن ئۆزىگە چەك قويۇش ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى سىياسىي چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ ياخشى دورىدۇر.

- 224-بەت

▲بارلىق قانۇنلار ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ھەمدە ئادىل بولغان بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق سىياسىي قانۇنغا بىرتەرەپلىمىلىك كۆز قاراشلارنى يۇقتۇرىدۇ ھەمدە ئالاھىدە ۋە قوشۇمچە قانۇنلارنى تۈزگۈزىدۇ.

- 250-بەت

▲قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى دائىملا ئادالەتسىزلىك ۋە ئەڭ قورقۇنچاقلىق بىلەن سىياسىي خاراكتېرنى ئالغان قانۇنغا تىزىپ كىرىدۇ.

- 254-بەت

▲سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بەزى ئىقتىدارسىز يۇمشاقباشلار دائىملا مەمۇرىي خىزمەتلەرگە تەيىنلىنىپ، بۇ ئادەملەرگەپ ئاڭلايدىغان قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىلىدۇ.

- 298-بەت(M2)

بايانات

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# تەرەققىيات ۋە ئېتىقاد

خۇرنىسا توختى(ئارمانە)

ئىنسان قاراڭغۇ ۋە تىنچ چوڭقۇرلۇقتا ئاپىرىدە بولغۇچى، ئەمما يورۇق ۋە تىنچسىز يۈكسەكلىككە ئىنتىلگۈچىدۇر.

بىباھا لەئلى-ياقۇتلارنىڭ دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا پەيدا بولۇپ، ئەشۇ چوڭقۇرلۇقلاردا ئەسىر-ئەسىرلەپ ئۈن-تىنسىز ياتقانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ ئۆز تەبىئىيىتىدىكى قەلب ئاراملىقى ۋە روھىي قانائىتىنى بوشۇرۇنغان ئېتىقاد چوڭقۇرلۇقلىرى ھەمىشە بوش قالىدۇ.

ئىنسان ئۇ تەن ھەم روھنىڭ بىرىكمىسى. ئۇ، ماددىي ئېھتىياجغا ئىگە بولماقلىقى بىلەن نەپس ئوتىدا كۆيگۈچىدۇر. مەنىۋى ئېھتىياجغا ئىگە بولماقلىقى بىلەن روھىي چوڭقۇرلۇققا مۇپتىلا بولغۇچىدۇر.

تەن ياكى روھ بولسۇن ھەرۋاقىت تەقەززالىق ھالىتىدە ئۆز قانائىتىنى ئىزدەيدۇ، ئەقىل بولسا خالىغان بىرسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. ئاچ قېلىش تەن زەئىپلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، ئېتىقادسىزلىق روھىي زەئىپلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. روھىي زەئىپلىك مۇقەررەركى ئىنسانىيەت خارابلىقىنىڭ نېگىزلىك مەنبەسىدۇر.

تەن زەئىپلىكى ئىنساننى نورمال جىسمانىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرسا، روھىي زەئىپلىك ئىنساننى ساغلام پىكىر - تەپەككۇر قىلىش ئىمكانىيىتىدىن، ئىنسانىي خاسلىقى ۋە ئىنسانىي تەبىئىيىتىدىن بىراقلاشتۇرۇپ خارابلىققا يۈزلەندۇرىدۇ. مانا بۇ، ئىنسان ئۈچۈن

بىر پاجىئە، پاجىئە بولغاندىمۇ ھەرقانداق پاجىئەلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۆزئىچىدىن تۈگىشىش پاجىئەسى.

ئۆز خاسلىقى ۋە ئۆز تەبىئىيىتىنى يوقىتىپ قويۇشنىڭ ئۆزى ئىنسان ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەرقانداق بىر مەۋجۇدلۇق ئۈچۈنمۇ پاجىئەدۇر.

ئەمما ئىنسان نەپسىمۇ شۇنداق بىر ئوتتۇركى، كۆپلىگەن ئىنسانلارنى كۆيدۈرۈپ، ئاخىرى ئۆزىگە قۇل قىلىۋالغان. شۇ سەۋەبلىك ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قايسىلا دەۋرىدە بولسۇن ماددىي ئېھتىياجنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلغان، ھارماي - تالماي ماددىي يۈكسەكلىكلەرگە ئىنتىلگەن كىشىلەر ھامان كۆپ بولغان. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى كۈندىن كۈنگە يۈكسەلگەن ھەم تەرەققىي قىلغان. نەتىجىدە بۈگۈنكىدەك يۈكسەلگەن ماددىي تەرەققىيات دەۋرى مەيدانغا كەلگەن.

كىشىلەر ھېلىھەم ئۈزلۈكسىز يۇقىرىغا، ماددىي يۈكسەكلىكنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىلىرىگە ئىنتىلمەكتە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجلىرى، ئارزۇ-ئىستەكلىرى بارغانسېرى يېڭىلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ بارماقتا. كىشىلەر ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئەشۇ ماددىي يۈكسەكلىكلەردە بىر قىسىم نەرسىلەرگە ئېرىشكەندەك قىلغىنى بىلەن، يەنە بىر قىسىم قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىنى ئاستا-ئاستا ھېس قىلىشماقتا.

نېمە ئېرىسا شۇنى ئېلىش قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئېھتىياجلىرى، تۈگىمەس ماددىي ئىستەكلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئېرىشكەنلىرى ماددىي مەئىشەت، ھۇزۇر-ھالاۋەت، سەلتەنەت ۋە ئۇنىڭدىن

روھ چولپانلىرى

كېلىپ چىققان ئۆتكۈنچى ئېپىنخار، مەھرۇم قېلىۋاتقىنى بولسا تەبىئىيكى مەنىۋى توقلۇق، قەلب ئاراملىقى، روھىي قانائەت بولماقتا.

كىشىلەر ئۆز ئارزۇسى بويىچە ماددىي تۇرمۇشنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرىنى يارىتىپ، تېگىشلىك ھۇزۇر ۋە لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ، قانداقتۇر چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان بىرخىل قەلب ئارامسىزلىقى، خاتىرجەمسىزلىك، روھىي ئاچلىق، مەھرۇملۇق تۇيغۇسى ئىسكەنجىسىدە ئىنسانىي خاسلىقىدىن، ئۆز تەبىئىيىتىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ تەنھالاشماقتا، پارچىلانماقتا. نەتىجىدە كۆز ئالدىمىزدىكىدەك مۇھەببەتنىڭ ئورنىغا خىيانەت، مېھىر - شەپقەتنىڭ ئورنىغا ھىيلە ۋە سۇيىقەست يامراپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇلماقتا، جەمئىيەت خارابلاشماقتا.

مانا بۇ دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ پاجىئەسى. مانا بۇ ئېتىقاد گۇمرانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى.

بەرشارى. . .
ئېھ، تۇغۇمچان قۇش ئۇۋىسىدەك
ئادەملەرگە بارماقتا تولۇپ.
لېكىن ئادەملەر
تەنھالىشىپ بارماقتا بۈگۈن
بەرشارىدەك.
قۇرۇماقتا قەلبلەر
بىر چاغدىكى تۇتاش ئارالدەك.
• ئېتىقاد
ئەنە، تاشقا چۈشكەن ساپالدەك.
- («تەنھالىق» ناملىق شېئىرىمدىن)

ئىنساننىڭ ھاياتىي مەۋجۇدلۇقىدا روھ ئاكتىپ ئورۇندا تۇرىدۇ، تەن بولسا بىر بېقىنغۇچىدۇر. ئەمما قورسىقىنى تويغۇزۇپ روھىنى ئاچ قويغانلىقىنىڭ ئۆزىلا، ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلايدىغان دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەقىلسىزلىقىدۇر.

روھىي ساغلاملىق - تەن ساغلاملىقىنىڭ ئاساسى. بۇ ھەممىگە ئايان ئەقەللىي يەكۈن. ئەمما روھىي ئاچلىق، روھىي زەئىپلىك، روھىي بۇزۇلۇش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان، داۋاسى تېپىلمايۋاتقان تۈرلۈك-تۈمەن كېسەللىكلەرنى روھىي ياقتىن ئەمەس، جىسمانىي ياقتىن داۋالاشقا ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئۆزىلا «ئەقىللىق» دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىقىدۇر.

ھەرقانداق دوختۇرنىڭ ھەرقانداق كېسەلگە ئالدى بىلەن «ئىشەنچ»تىن ئىبارەت مەنىۋى دورىنى بېرىدىغانلىقىنى؛ سۇئارقىلىق ئەۋۋەل بىمارنىڭ روھىنى داۋالايدىغانلىقىنى، «ئىشەنچ»تىن ئىبارەت مەنىۋى دورىنىڭ كېسەلنىڭ ساقىيىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى داۋاملىق ئەسكەرتىپ تۇرۇدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، كىشىلەرنىڭ دوختۇرخانىمۇ دوختۇرخانا چېپىپ رېتسېپ يازدۇرۇپ، دورا ئىچىپ يەپ، ئۆز تېنىنى تېخىمۇ زەھەرلەپ يۈرۈشلىرىنىڭ ئۆزىلا ئەقىلسىزلىقنىڭ، جاھىللىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

بۇزۇلۇشنىڭ ئۆزى مۇكەممەلسىزلىكتىندۇر. مۇكەممەللىك ھەربىر شەيئىگە ساپلىق ۋە قىممەت بېغىشلىغۇچىدۇر. مۇكەممەللىك بولسا ھەرقانداق نەرسىنىڭ تاشقى دۇنيادىن قوبۇل قىلغان قىسمىدا بولماستىن، بەلكى شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدە، ئۆز چوڭقۇرلۇقىدا بولىدۇ ۋە يېتىلىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانىي مۇكەممەللىكمۇ شۇ ئىنساننىڭ ئۆز ۋۇجۇدى، ئۆز تەبىئىيىتىدە يېتىلىدۇ.

ھەربىر شەيئىي ئۆز مۇكەممەللىكى بىلەن ھۇزۇر بېرگۈچىدۇر. جۈملىدىن ئىنسانىي مۇكەممەللىكمۇ شۇ ئىنساننى ئۆز-ئۆزىدىن رازى بولۇش ئىمتىيازىغا ئىگە قىلىپ، ئىنسانىي خاسلىقىنىڭ ھۇزۇرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئىنسانىي مۇكەممەللىكنىڭ ئاساسى روھىي مۇكەممەللىكتۇر، روھىي مۇكەممەللىكنىڭ ئاساسى بولسا ئېتىقادتۇر. ئىنسان پەقەت ئېتىقاد ئارقىلىقلا ئۆز مۇكەممەللىكىنى يارىتىدۇ ھەم ئۆز-ئۆزىدىن رازى بولۇش ئىمتىيازىغا ئېرىشەلەيدۇ.

ئەمما ئېتىقادنىڭ نوپۇزى بولمىغان بۈگۈنكى كۈندە ئۆز-ئۆزىدىن رازى بولۇدىغان كىشىلەرنىڭ يوق دېيەرلىك بولۇشىمۇ پاجىئەنىڭ يەنە بىر تەرىپى بولسا كېرەك. چۈنكى ئۆزىنى رازى قىلالمىغان كىشى باشقىلارنى تېخىمۇ رازى قىلالمايدۇ.

ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەقەززالىق، ئىسيان ۋە ياتلىشىشلار شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ھازىر كىشىلەرنىڭ ئەڭ موھتاج بولۇۋاتقىنى ماددىي تۇرمۇشنىڭ، تەرەققىياتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىلىرى بولماستىن، بەلكى ئېتىقادتۇر، ئېتىقاد چوڭقۇرلۇقلىرىدۇر.

روھ تەننىڭ تۈۋرۈكى دېيىلسە، ئېتىقاد روھنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. كىشىلەرنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنى ئەنە شۇ روھىي تۈۋرۈكتۇر. تۈۋرۈكسىز قەسىردە گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈش خەۋپى يوشۇرۇنۇپ ياتقىنىدەك، كىشىلەردىكى قەلب ئارامسىزلىقى، خاتىرجەمسىزلىك، مەنىۋى ئاچلىق ۋە ياتلىشىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تۈۋرۈكسىز قالغان زەئىپ روھىنىڭ ئىلتىجاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەيلى قايسى دەۋردە ياشىسۇن، مەيلى قانچىلىك تەرەققىياتلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسۇن، ئىنسانلارنىڭ ئېتىقادقا بولغان موھتاجلىقى ھامان مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلار ئۆزىگە ئېتىقادتىن ئارتۇق روھىي تايانچنى تاپالمايدۇ.

ئىنسان ۋۇجۇدى قان بىلەن گۆشنىڭ يۇغۇرۇلمىسى، ئۇنى پەقەت ئېتىقادلا پولاتقا ئايلاندۇرالايدۇ.

سېپىلسىز، قەسىرسىز شەھەرلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئىبادەتخانىسىز شەھەر بولغان ئەمەس.

بۈگۈنكى ئېتىقاد گۇمرانلىقىدا يۈكسىلىۋاتقان تەرەققىياتلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ بېشىغا يەنە نېمە پاجىئەلەرنى ئەكېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمەك ھەقىقەتەن تەس.

2002-يىل 5-ئاۋغۇست، شەھىرى ئۈرۈمچى

ئاپتور: ئاتلە ئايالى، بۇيازما ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى

(M1)



# ھەقىقەتتىن قورقىدىغان كىشىلەر

فېڭ يۈمىلى

ئابدۇلھەكىم ئوسمان (ھەقيار) تەرجىمىسى

مۇنداق ئىككى خىل كىشىلەر ھەقىقەتتىن قورقىدۇ: بىرىنچى، فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار. چۈنكى، ھەقىقەتتە ھەق گەپ ۋە ئىشنىڭ ھەقىقىتى بايان قىلىنىدۇ، ئەمما فېئودال ھۆكۈمرانلار بولسا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا بەلگىلىك دەرىجىدە يالغان گەپكە تايىنىدۇ، ئەينەن ئەھۋالنى يوشۇرۇپ ۋە زوراۋانلىققا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدايدۇ. ناۋادا ھەقىقەت ئاشكارا بولۇپلا قالسا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كرىزىسقا دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار تۈرلۈك-تۈمەن ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ ھەقىقەتنى بايقاپ قالغان ۋە ھەقىقەتنى ئىگىلىگەنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، نادان خەلق. چۈنكى ئۇلار ياخشى - توغرا دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ھەقىقەت بىنچىت قىلىۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئەقلىغە سىغمايدىغان باشقىچە تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار ۋە دانىشمەن پېشىۋالار فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاندىن سىرت يەنە جەمئىيەتتىمۇ نادان خەلقنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا دانىشمەنلەر ئېيتقانكى: «فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن نادان خەلق روھىي جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە.»

## ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياۋۇزلۇق ۋە تۈزۈلمىدىكى ياۋۇزلۇق

ئىنساننىڭ قەبىھلىكى ئىككى تەرەپتىن كېلىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچىسى تۈزۈلمىدىكى ياۋۇزلۇق. ئۇ، مۇكەممەل بولمىغان نامۇۋاپىق جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ مۇستەبىت جەمئىيەتتە كىشىلەرگە زورلاپ تېڭىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، ناۋادا سەن ھەقىقىي ئەھۋالنى دەپ سالساڭ، شۇنداقلا ئەمەلىي پاكىت دەل ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئىتىگە تەھدىت ئەكەلگەندە، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتقۇزماسلىق ئۈچۈن زوراۋانلىق بىلەن سىنى قەتل قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا كىشىلەرگە سۈكۈت قىلماي ئامال يوق. شۇنداقلا ئىجتىمائىي كەيپىيات دۇرۇس بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا سېنىڭ ئۆزۈڭنى پاك تۇتۇشۇڭ، سېنى خىزمەتداشلىرىڭنىڭ نەزىرىدە غەيرىي كۆز قاراشلىق ياكى خەتەرلىك ئۇنسۇر قىلىپ كۆرسىتىپ قويىدۇ. يالغۇز قالماسلىق ۋە زەربە يېمەسلىك ئۈچۈن، سەن ئۇلارنىڭ تۈپىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولىسەن.

ئىككىنچى، ئىنسان تەبىئىتىدىكى قەبىھلىك. بۇ، ئىنساننىڭ روھىنىڭ چوڭقۇرىدا ساقلىنىدىغان بىر خىل قەبىھلىك بولۇپ، ئۇ مۇۋاپىق تۇپراقنى تاپسا ناھايىتى تېز ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. مەسىلەن، پۇل، ھوقۇق ۋە سەتەڭلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ياكى جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانچىلىقىدا ۋولقاندەك پارتلاپ چىقىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدىكى قەبىھلىك ئىنسان روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان بولغاچقا، ئۇ ئىنسانغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدۇ. بۇ، ئىنسان يېڭىشكە ئامالسىز قالغان تراگېدىيە بولۇپ، پەقەت ئىنساننىڭ پەزىلەت جەھەتتە ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىشى ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشى بىلەن ئازىيىپ بارىدۇ.


ئىنسان تەبىئىتىدىكى قەبىھلىككە سېلىشتۇرغاندا تۈزۈلمىدىكى قەبىھلىك تېخىمۇ رەزىل بولىدۇ. چۈنكى بۇ، ئىنسان ئۆزلىرى «ئاپىرىدە» قىلغان بىر خىل ياۋۇزلۇق بولۇپ، ئۇ پەقەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى قەبىھلىكنى شىددەت بىلەن يېتىشتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇنى تېخىمۇ قاباھەتلەشتۈرىدۇ. بىراق، تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى مۇۋاپىق لايىھىلەش ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى بىرتەرەپلىمىلىكنى زور كۆلەمدە تارايتالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدىكى قەبىھلىك ۋە ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياۋۇزلۇقنى كەڭ دائىرىدە ئازايتالايدۇ ۋە چەكلىيەلەيدۇ. مەسىلەن، دېموكراتىك تۈزۈلمىنىڭ پۈتكۈل دۇنيادا يولغا قويۇلۇشى تۈزۈلمىدىكى ۋە ئىنسان تەبىئىتىدىكى قەبىھلىكلەرنى زور دەرىجىدە ئازايتالايدۇ.

---

«فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2002 - يىل 13 - ئاۋغۇست سانىدىن (M2)

## زامان تەقەززا پىكىرلەر

ئابلىكىم ئوسمان(ھەقيار)تەرجىمىسى



# كىشىنى چۆچۈتۈر ئويغا سالىدىغان ئىككى خىل سان

## چۇچاۋيۇن

بۇيەردە مۇنداق ئىككى خىل سان بار: 1917-يىلى رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ 200مىڭ ئەزاسى بار ئىدى، 1991-يىلىغا كەلگەندە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى 20مىليونغا يەتتى. دېمەك، كېيىنكى سان ئالدىنقى ساننىڭ 100ھەسسىسىگە باراۋەر دېگەن گەپ. بىراق قىزىقارلىق بولغىنى شۇكى، 1917-يىلى 200مىڭ ئەزاسى بار بولغان بىر پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇرۇپ چىقتى. ئەمما 1991-يىلى 20مىليون ئەزاغا ئىگە سوۋېت كومپارتىيىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان پارتىيىلىك ئورنىنى يوقىتىپ قويۇپ، 70يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىمۇ شۇنىڭ بىلەن پارچىلىنىپ كەتتى.

مانا بۇ، كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدىغان ئىككى خىل ساندۇر.

ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئادىمى ئاز بولغاننىڭ كۈچىمۇ ئاز، ئادىمى كۆپ بولغاننىڭ كۈچىمۇ زور بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان قانۇنىيەت ئىدى. دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغاندا 100ئادەم بىر ئادەمگە تاقابىل تۇرسا، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر 100ئادەمنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇقەررەر. يۇقىرىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، 100ئادەمنىڭ تۈكۈرۈكىمۇ بىر ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما ئىشلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئۇنداق بوپكەتمەيدۇ. بىزنىڭ شىمالدىكى قوشنىمىز بولغان ئەشۇ زېمىندا ھەقىقەتەن 100ئادەم بىر ئادەمگە تەڭ كېلەلمىدى.

سادا

«كىچىك تاغنىڭمۇ ئەۋلىياسى باردۇر، تېيىز سۇدىمۇ بېلىق ياشادۇر» دېگەندەك، بىر سىياسىي پارتىيىگە نىسبەتەن ئەزالىرىنىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ كۈچىنى زورايتىدۇ، ئەمما بۇ مۇتلەق ئەمەس، ئەڭ تۈپكى ئامىل پارتىيە ئەزالىرى سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىدە. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولسا، بىرسى ئونغا، 100گە، ھەتتا 1000غا تەڭ تۇرالايدۇ. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتى تۆۋەن بولسا، ئون ياكى 100ئادەم بولغاندىمۇ بىرگە تاقابىل تۇرالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سانى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ نېمىگە پايدىسى؟ جۇڭگودا: «بىر سېۋەت سېسىق ئۆرۈكتىن بىر چىشلەم جەننەت شاپتۇلى ئەلا» دەيدىغان تەمسىل بار. ئويلاپ كۆرەيلى، ئەينى يىللاردا رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ 200مىڭ ئەزاسى بولسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەقىقىي پرولېتارىيات جەڭچىلىرى ئىدى، كونا بولشېۋىكلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، تېزلا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالالىدى. ئەمما بۇنىڭدىن تېخى 11يىل بۇرۇنقى 1991-يىلى سوۋېت كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ سانى 20مىليونغا يەتكەن بولسىمۇ،

كوپچىلىكى «شان-شەرەپ» ئۈچۈن پارتىيىگە كىرگەچكە، ھەقىقىي ماركسىزمچىلار يوق ھېسابىدا ئىدى. ھەممىسى ئۆزى بىلگەن سەنئەتگە دەسسەۋاتقاچقا، ھېچكىممۇ پارتىيىنىڭ خىيمختەتىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ قويمىدى، ھەتتا كۆپلىگەن پارتىيە ئەزالىرى كەسكىنلىك بىلەن باش بولۇپ ئاق بايراق چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت كومپارتىيىسىدەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئەشۇنداق بىر پارتىيە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئىس-تۈتەككە ئايلىنىپ غايىب بولدى.

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بىر پارتىيىنىڭ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى بىلەن سۈپىتى ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ قانداق لۇشيەندە مېڭىۋاتقانلىقىدۇر. خۇددى پويىزنىڭ تېز چېپىشى پاراۋوزغا باغلىق بولغاندەك. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى گەرچە رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ پەقەت 200مىڭ ئەزاسى بولسىمۇ، لېنىن باشچىلىقىدىكى رەھبەرلىك كوللېكتىپى توغرا بولغان ئىنقىلابىي لۇشيەننى يۈرگۈزگەچكە، غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بىراق لېنىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ستالىن تەختكە چىقتى. ئۇ، قاتتىق سولچىل ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولمىغانلارنى قاتتىق باستۇردى، سىرتقا قارىتا چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئەھۋالدا تەبىئىي ئۆزگىرىش بولدى. ستالىننىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى گەرچە مۇقامنى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ماھىيىتى ئۆزگەرمىدى. چىرىكلىكنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ مەملىكەت ئىچىدە نارازىلىق كەيپىياتى ئەۋجىگە چىقتى. شۇ سەۋەبلىك تولىمۇ بەھەيۋەت - قۇدرەتلىك بۇ ئىمپېرىيە غۇلاپ چۈشتى. شۇڭا دېيىمىزكى، ھېلىقۇ 20مىليون پارتىيە ئەزاسى ئىكەن، 200مىليون پارتىيە ئەزاسى بولغان تەقدىردىمۇ قانچىلىك رولى بولماقچىدى؟

بۈگۈنكى ئۆزگىرىشچان دۇنيا ۋەزىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ھەرقانداق بىر سىياسىي پارتىيىنى باشىسۇن، تۈمەنمىڭ يىللار باشسۇن دەپ تۇۋلىغان بىلەنمۇ، ئۈززۈنراق ھاكىمىيەت يۈرگۈزەي دېيىشكەن، دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ئەگىشىشى، خەلقنىڭ رايىغا قۇلاق سېلىشى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى كېرەك. بولمىسا، ياغلىما گەپنى تۈمەنمىڭ قېتىم دېگەن بىلەن پايدىسى بولمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، ئەينى يىللاردا چارروسىيىنىڭ مۇستەبىت - يۇقىرى بېسىملىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھەممە يەرنى ئاھ-زار قاپلاپ، خەلقنىڭ كۆڭلى ئېغىرلىشىپ، ئېزىلگەن خەلق قارشىلىشىشنى ئىستەيدىغان بوپقالغان، شۇڭا، 200مىڭ ئەزاسى بار رۇسىيە كومپارتىيىسى خەلقنىڭ رايىغا ھەمدەم بولۇپ، قىشلىق سارايغا توپ ئېتىپ، پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. بىراق، كېيىنكى بىر قەدەر ئۇزۇن مەزگىلدە، پۈتكۈل دۇنيادا دېموكراتىيە ئېقىمى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت كومپارتىيىسى يەنىلا شۇ بىريۈرۈش ھاكىممۇتلەقلىق ھۆكۈمرانلىقنى قىلىۋەردى، داھىيلىرىغا چوقۇنۇۋەردى، خەلق دېموكراتىيىدىن ئېغىز ئاچالمىدى، ھەتتا سۆز قىلىشمۇ قاتتىق تەقىپ قىلىنىپ، كونا يولدا مېڭىۋەردى. سەل-پەل قارشى پىكىردىكىلەر دۈشمەن دەپ قارىلىپ ئۆچۈرۈلۈپ قىلىندى. ئۇلار تارىخنىڭ چاقىنى مۇشۇنداق تەتۈر ئايلاندۇرغاچقا، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالدى. سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى خەلقنىڭ ئۈيلىغىنىدەك ئىش بولدى.

تەپەككۇر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنداق قاراشقا كەلدىمكى، 200مىڭ ئەزاسى بار رۇسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىنقىلاب غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىشى تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى؛ شۇنداقلا 20مىليون ئەزاغا ئىگە سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ كېيىنكى مەغلۇبىيىتى ۋە تەختتىن چۈشۈشىمۇ ئوخشاشلا تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى. مانا بۇلار دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە تارىخنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇيەردىكى تەجرىبە - ساۋاقلار پۈتكۈل دۇنيادىكى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ تەتقىق قىلىشى ھەمدە ئىبرەت ئېلىشىغا تولىمۇ ئەرزىيدۇ.

---

«قېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 21-ئىيۇن سانىدىن

## دېھقان بالىسى مەكتەپتە ھەقسىز ئوقۇسۇن

### ساۋباۋيىن

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى باڭ چۈنشى ئەپەندى بۇ يىل 10-مارتتا مۇخبىرنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: ئېلىمىز ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن يېزىلاردا ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇپ، 100مىليوندىن كۆپ دېھقان بالىسىنى ھەقسىز ئوقۇتۇشى، ئەڭ ئاخىرىدا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ھەقىقىي يولغا قويۇشى كېرەك، دەپ تەكلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھەقسىز مائارىپ بولۇپ، بارلىق خىراجەتنى دۆلەت ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىكەن. گەرچە ئېلىمىزدە مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى تۈزۈلۈپ، توققۇز يىللىق تۈزۈمدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تېخىچە ھەرگىزمۇ ھەقسىز مائارىپ ئەمەس. بولۇپمۇ بەزى نامرات رايونلاردا ئوقۇغۇچىلار بىر نەچچە يۈز يۈەن ئوقۇش ماتېرىيال پۇلىنى تۆلىيەلمەسلىك سەۋەبلىك ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان ئەھۋاللار ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان.

خىزمەتنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن، كەمىنە قەلەم ئىگىسى

دائىم دېگۈدەك يېزىلاردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشسىز قېلىش، ئوقۇشتىن چېكىنىش ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى خەۋەر-ئاخباراتلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. يېزىلارغا بېرىپ زىيارەت قىلغاندىمۇ يېزىلاردىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئۆزى نامرات بولسىمۇ، قەتئىي ئىرادە بىلەن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان» لىقىدەك ھېكايىلەرنى ئۈزلۈكسىز ئاڭلاپ تۇرىمىز. بەزى يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئىسسىقتىن دالدا بولغىدەك شارائىتنىڭ يوقلۇقىغا ، يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قېلىشقا مەجبۇر بولۇپ ئائىلىسىدە تۇرۇپ قالغانلىقىغا ياكى ئەل-جامائەتنىڭ شاپائىتى بىلەن ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، كىيىمنىڭ يۇپقىلىقىدىن سوغۇقتا تىترەۋاتقان، چىرايى سولغۇن، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ پېقىرنىڭ يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك بىئارام بولىدۇ. شۇنداق چاغدا كەمىنە قەلەم ئىگىسى ئۆزىچە، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، ئېلىمىز ھۆكۈمىتى ھامىنى بىر كۈنى كۈچلۈك، مەردانە قەدەملەرنى قىلىپ، يېزىلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىغا كېتەرلىك بارلىق خىراجەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە كەسكىن قارار چىقىرىدىغان، دېھقان پەرزەنتلىرىمۇ كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن خۇشھال-خۇرام مەكتەپكە بېرىپ، بەختىيارلىق تۇيغۇسى بىلەن بىلىم ئىگىلەپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ، دېگەندەك تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ باقىدۇ.

ۋەھالەنكى، تەسەۋۋۇر دېگەن بەربىر تەسەۋۋۇر-دە. كەمىنە قەلەم ئىگىسى بۇ خۇسۇستا داۋاملىق ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى بەزىلەرنىڭ ھەدېسىلا «دۆلىتىمىزنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدە دۆلەت ئەھۋالى بار» دېگەندەك گەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن ئاغزى تۇۋاقلىنىشتىن ئەنسىرىدى. كەمىنە قەلەم ئىگىسى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىغاننى باشقىلارنىڭمۇ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماسلىقى ناتايىن. ياڭ پروفېسسورنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى بىر پاكىت ـ ئۇ ئويلاشقا جۈرئەت قىلىپلا قالماي يەنە سۆزلەشكىمۇ جۈرئەت قىلغان ھەمدە سان-ساناقسىز ئەل-ئاۋام كۆز تىكىپ تۇرغان مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن» دا ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئىدا قىلغان! شۇنداقلا يەنە بايرىقى روشەن ھالدا بەزىلەرنىڭ «ئالاھىدە دۆلەت ئەھۋالى نەزەرىيىسى» گە رەددىيە بېرىپ: «دۆلىتىمىزدە 100 مىليوندىن ئارتۇق يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار، ئەگەر ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويىدىغان بولساق، ھەر يىلى ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئىككى-ئۈچ يۈز يۈەندىن كىتاب ـ دەپتەر پۇلى كېتىدۇ، ھەممىنى قوشقاندا ئىككى-ئۈچ مىليارد يۈەنچە پۇل بولىدۇ. ئەمما 2001-يىلى ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە كىرىمى 24 مىليارد يۈەن ئاشقان بولۇپ، ئەگەر مەركەز بىلەن يەرلىك مالىيە ھەرقايسىسى بىرىمدىن ئۈستىگە ئالىدىغان بولسا، مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن كېتىدىغان بۇ ئىككى-ئۈچ مىليارد يۈەن پۇلنى گەپ يوق ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ، دېگەن. «ھەرقانداق دەبدەبىلىك ـ شاھانە نەزەرىيىلەرنىڭ ھېچقايسىسى پۇقرالارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئوبيېكتىپ پاكىتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ» . ياڭ چۈنشى پروفېسسور چۈشەنمەك ئىنتايىن ئاسان سان-سېفىرلار بىلەن بۇنى ھېسابلاپ چىققان بولۇپ، ھەممىسى مانا مەن دەپ ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ.

«ھەرقانچە نامرات بولغاندىمۇ مائارىپنى تاشلاپ قويۇشقا، ھەرقانچە جاپا تارتساقمۇ بالىلارنى جاپادا قويۇشقا بولمايدۇ» دېگەن بۇ شوئارنى شۇنچە يىللاردىن بېرى توۋلاپ كېلىۋاتىمىز، ئۈنۈمى زادى قانداق بولدى؟ بۇنىڭغا قەلەم ئىگىسىنىڭ كۆرگەنلىرى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: كۆپلىگەن يېزىلاردا ئەڭ ۋەيرانە كۆرۈنىدىغىنى يەنىلا مەكتەپ، ئەڭ نامرات ـ بىچارىسى يەنىلا بالىلار، ئەڭ ھېرىپ ھالىدىن كەتكىنى يەنىلا ئوقۇتقۇچىلار! «بۈگۈنكى ئاتاللار گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، گۈيجۇ ئۆلكىسى كەيلى شەھىرى كەيتاڭ يېزىسىدىكى دېھقان گۇجىنشيەن كەنتتىكى ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، ئۆزى ئىشلەمچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلىنىڭ ھەممىسىنى مائارىپقا مەبلەغ قىلىپ سېلىپ، پۈتۈنلەي ھەقسىز ئوقۇتىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرنى ئاچقان. 1994-يىلى سېنتەبىردىن بۇيىل يانۋارغىچە ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپى تەييارلىق سىنىپىدىن تەرەققىي قىلىپ باشلانغۇچنىڭ 3-يىللىقىغا كېڭەيگەن. ئۇ، مەكتەپنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سەككىز يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ بارلىق تاپقان ـ تەرگىنىنى پۈتۈنلەي بۇ مەكتەپكە سەرپ قىلىپ بولۇپ، يەنە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە قەرزدار بوپقالغان. ھېچ ئامالى قالمىغان گۇجىنشيەن 1998-يىلىغا كەلگەندە نائىلاج تىلەمچىلىك يولىغا ماڭغان!

بىر دېھقان تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلى بىلەن بالىلارنى ھەقسىز ئوقۇسۇن دەپ مائارىپقا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۇلۇغۋار ـ ئالىيجاناب روھنى نامايان قىلىۋاتقان يەردە، بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بۇ خىل مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ بەكرەك ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ كىچىك گىراژدانلىرىنى سوتسىيالىستىك جۇڭگو ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىدىن بەھرىمەن قىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ياڭ چۈنشى پروفېسسورنىڭ ئېيتقىنىدەك، نۆۋەتتە يېزىلاردا ساقلىنىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ قالاقلىقى، مۇھىتنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈش قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر مەدەنىيەت ـ مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يېزىلار زامانىۋىلاشمايدىكەن، جۇڭگودا ھەقىقىي زامانىۋىلىشىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئالدى بىلەن يېزىلاردا ھەقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇش ئىنتايىن زۆرۈر ھەم شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ. ئىلاھىم، ياڭ چۈنشى پروفېسسورنىڭ تەكلىپى ئۇزاققا قالماي رېئاللىققا ئايلانغاي!

---

*باش ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى

«قېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 5-ئاپرېل سانىدىن (M1)



# دېھقاننىڭ دەردى

توختى باقى ئارتىش تەرجىمىسى

## يۈرىكىمدىكى گەپلىرىمنى دەۋالاي

ۋاڭ فاسېي

بارماقلاپ ساناپ باقسام، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن پايناپ يۇرتۇمنى تاشلاپ جان بېقىش ئۈچۈن ياقا يۇرتلارغا چىققىنىمغا تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بوپقاپتۇ. بىرىنچىدىن، مەكتەپتە ئوقۇدى دەيدىغان شاھادەتنامەم ـ دىپلومىم يوق؛ ئىككىنچىدىن، قولۇمدا بىرەر ھۈنىرىم يوق، شەھەرلىكلەرگە مەدىكار بولماقتىن، ئىسسىق قېنىمنى ساتماقتىن باشقا ھېچقانداق ئوقىتىم يوق.

يەرنى يەنە تېرىۋەرگىلى بولمايدىغان بولدى. بۇ مەندەك دېھقاننىڭ ئۆز نېسىۋىسىگە قانائەت قىلمىغانلىقىدىن قىلىنغان گەپ ئەمەس. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە يېزىدا ئۇنىڭ پۇلى، بۇنىڭ ھەققى دەيدىغان پۇللارنى تاپشۇرۇش كېرەك؛ خىمىيىۋى ئوغۇت، ئۇرۇقلارنى سېتىۋالمىسىڭىز بولمايدۇ؛ بىر يىل ئۇزۇن دېمەي پالاقلاپ ئىشلەپ تەييار قىلغان زىرائەت يىل ئاخىرىدا ھېچقانچە پۇلغا بارمايدۇ. باشنى ھەممىدىن بەك قاتۇرۇدىغان ئىش ـ بالىلىرىڭىزنى مەكتەپكە بەرگەندە يۈرىكىڭىزنى مۇجۇيدىغان ئوقۇش خىراجىتىنى تۆلىمىسىڭىز بولمايدۇ! بىزنىڭ ئۆمرىمىزغۇ مۇشۇنداق دىشۋارچىلىقتا ئۆتۈۋاتىدۇ، ئەۋلادلىرىمىزنىمۇ شۇنداق كۈنلەرگە قالدۇرساق بولماس. كەمبىغەللەرنى يۆلەش فوندى، كەمبىغەللەرنى يۆلەشكە بېرىلىدىغان قەرز پۇل دېگەنلەردىن بىزگە ئاز-پاز مۇتېگىپ باقمىدى. قېنى ئېيتىڭا، مانا مۇشۇنداق يېزىدا تۇرۇۋېرىش مۇمكىنمۇ؟ بىزنىڭ كەتمىمىزدە مەدىكار بولۇپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتمىگەن ئادەم يوق. بىرمۇ ئۈچ پۇڭ بەر بىلەن جان بېقىشنى خالايدىغان، پۇل تېپىپ باي بولۇشنى ئارزۇ قىلمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق.

ياقا يۇرتلارغا چىققاندىن كېيىن بىلىدىكەنمىز، شەھەرلىكلەرنىڭ سايىسىدا جان باقماق بەكمۇ تەس ئىكەن! بىلەكنىڭ كۈچىنى چىقىرىپ ئىشلىشىمىزدە گەپ يوق. شۇغىنىسى «يالاڭئۆش»، «سەھرالىق قاشاڭ» ۋەھاكازا دەيدىغان بەتناملار ئازئەمەس. ھەممىدىن يامىنى ـ شەھەرلىكلەر بىزنى ئۆكنەم، مۇتىھەم، قولاق كەستى لۈكچەكلەر بىلەن بىر قاتاردا كۆرۈدىكەن، قايسىبىر ئۆيدە بىرنەرسە يوقالغان بولسا ھەدېگەندىلا مەدىكارلارغا دۆڭگەيدىكەن؛ ساقچىخانىنىڭ ئادەملىرى كېچىنى كېچە دېمەي، بىز پاناداپ قونغان پاراكەندە ئۆيلەر (ۋاقىتلىق ياسىۋالغان ساتمىلار) گە مۆكۈدەپ باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى ئۆياقىغا، بۇنى بۇياققا تاشلاپ ئاقتۇرۇدىكەن، ئۇرۇدىكەن، تېپىدىكەن، خۇددى بىز تۇغما باندىت-قاراقچىلارنىڭ پۇشتىدەك. ئوغرىلىق، قاراقچىلىق قىلمىغان بولساقمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ھېسابلايدىكەن.

ئىشلىگەندە كۈچ چىقىرىشتىن قورقمايمىز، مەينەت ئىش توغرا كېلەمدۇ، ئادەمنى ھاردۇرۇدىغان، تالدۇرۇدىغان ئېغىر ئىش كېلەمدۇ، پۇل كېلىدىغانلىكى ئىش بولسا قىلىۋەردۇق. ئۇنداق ئىشلاردىن قورقمىدۇق. بىزنىڭ قورقىدىغىنىمىز ـ ئىشلەتكەندىن كېيىن پۇلىمىزنى بەرمەيدىغان خوجايىنلار. ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەندە قالتىس يوغان گەپلەرنى قىلىدىكەن، ئىش ھەققىمىزنى بېرىدىغان چاغدا سايىسىنىمۇ

دېھقانلار تېمىسى دەپتىرى

كۆرسەتمەيدىكەن، تىكىۋېتىدىكەن؛ بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئۇنچە پۇل تۇتۇۋېلىندى، بۇنىڭغا مۇنچە پۇل تۇتۇۋېلىندى دەپ، بىر-ئىككى قەغەزنىلا تۇتقۇزۇپ قويىدىكەن. پۇلى بار ئادەملەرنىڭ بويىنى قاتتىق بولىدىكەن! ئۇلار قورساقلىرىنى دومبايتىپ، بويىنىنى غادايتىپ، ئالىي مېھمانسارايلاردا يېتىپ، ئېسىل پىكاپلاردا ئولتۇرۇپ، سەتەڭ جاھان رەنالىرىنى قۇچاقلاپ... ھۇزۇر قىلىدىكەن... بىزدەك باش-بويىدىن سېسىق تەر يۇراپ تۇرىدىغان كەتمەنچى دېھقانلار ئۇلارغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟!

راست گەپنى قىلسام، شەھەرلىكلەرمۇ بىزنى بەك يارىتىدىكەن. بىزنى بەك گەپ يەيدۇ، گول، ئاسان ئالدىنىدۇ، بوزەك، دەيدىكەن. ئەگەر بىرەر خىيىمخەتەر چىقىپ قالسا شەھەرلىكلەر ھېلى ئەرز قىلىشىۋاتقان، ھېلى سوتقا كېتىشىۋاتقان. ئۇلارنىڭ يولى كۆپ ئىكەن. ئەگەر چاتاق بىز «مەدىكار»لاردىن چىقىپ قالسا، ئۇلار بىزنىڭ «يولى»نى ئاسانلا تېپىپ بىرتەرەپ قىلىدىكەن. ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بەرسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەسكەن، 10-20مىڭ كوي بېرىپلا تۈگىشىدىكەن. قاراڭ، ئۇلارغا نېمىدېگەن ئاسان؟!

يائاللا، مەدىكارلىق يولىدا ماڭماق ھەقىقەتەن تەس ئىكەن. لېكىن ماڭماي نېمە ئامال! بالا-بارقىلىرىمىز بىلەن قاراپ تۇرۇپ ئاچ ئولتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا توپا قوندۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. كالىدەك ئىشلىسەكمۇ مەيلى؛ ئىززەت-ئابرۇي، يۈز دېگەن نەرسىلەر بىرچەتكە قايرىلىپ قالىدىكەن. ئادەملەر ئېسىل ۋە پەس، قەدىرلىك ۋە قەدىرسىز، باي ۋە گاداي دېگەندەك بىر قانچە تەبىقىگە بۆلۈنىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولمىسا دۆلەتمەن غوجاملار قانداقسىگە دۆلەت-راھەت كۆرەلەيدۇ، راھەت-پاراغەتتە ياشىيالايدۇ؟ بىز چوغدەك ئاپتاپتا ئۇلارغا ئۆي-ئىمارەت سېلىپ بېرىمىز، ئۇلارنىڭ پوق-سۈيدۈكىنى توشۇيمىز؟ شەھەرلىكلەر: بىز ئەقىل ئەمگىكى قىلىمىز، سىلەر مەدىكارلار جىسمانىي ئەمگەك قىلىسىلەر، ئىش تەقسىماتى ئوخشاش ئەمەس، شۇڭا ئىش ھەققىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ... دەيدىكەن. تۇفبي! مانا مەن شەھەردە تۆت يىلدىن كۆپرەك تۇردۇم، كۆرمىگىنىم قالمىدى، ھەممىنى بىلىپ قويدۇم، ئەيىب پەقەت ئۇسال يەردە تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمدا.

خەير، مەنمۇ زارلانماي، جان بېقىش ئۈچۈن بۇندىن كېيىنمۇ سەۋرى قىلىپ چىداي. يۈرىكىمدىكى گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، كۆڭلۈم بىر ئاز بىئارام بوپقالدى. «چوڭلار كىچىكلەرنى ئەيىبكە بۇيرۇمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار. شەھەرلىكلەربۇ گەپلىرىمنى ئوقۇپ - ئاڭلاپ كۆرگەندىن كېيىن بىز «تومپاي»لارنى «كەچۈرۈش»لىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«فېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 20-ئاۋغۇست سانىدىن

# بالىسىنى ساتقان ئانا

## زېڭ يىن

2002-يىل 4-ئىيۇلدا شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇگۇاڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بوۋاق بالىلارنى ساتقان پەۋقۇلئاددە چوڭ بىر دېلونى پاش قىلدى: سىچۈەنلىك 11نەپەر ئادەمپۇرۇش قولغا چۈشۈرۈلدى، تۇغۇلغىنىغا ئەمدىلا 1-4 ئايلىق بولغان 11نەپەر بوۋاق بالا قۇتقۇزۇلدى.

ھاۋا تولىمۇ ئىسسىق بولغاچقا، بۇدۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بۇيۇمران جانلار قۇتقۇزۇۋېلىنغان چاغدا بەزىسىنىڭ بەدىنىگە ئىسسىقلىق ئۆرلەپ چىققان، بەزىسىنىڭ كىندىكى يارا بولغانىكەن. ئۇلار جىددىي قۇتقۇزۇش نەتىجىسىدە خەۋپتىن قۇتۇلغان.

شۇگۇاڭ شەھىرىدىكىلەرنىڭ ھەرتەرەپلىمە تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە بۇ 11نەپەر بوۋاق بالىنىڭ ئاساسەن سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ لياڭشەن رايونىدىكى مەلۇم ناھىيىدىن كەلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولغان.

كەمىنە قەلەم ئىگىسى شۇ بالىلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلۇش جەريانىنى ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن مۇخبىر سۈپىتى بىلەن بىۋاسىتە باشتىن كەچۈردۈم.

پويىزدا ئۈچ كۈن ئىككى كۈندۈز تاسقىلىپ، ئاپتوموبىلدا يەنە ئون نەچچە سائەت قېقىلىپ مېڭىپ، 11بوۋاقنى ئۆزلىرى تۇغۇلغان يۇرتىغا ئەكەلدۇق. كەمبەغەللىكى بىلەن دۆلەت تىزىمىغا كىرگەن بۇ ناھىيىنىڭ شەھىرى باشقا يەرلەرنىڭ بىر يېزىسىچىلىكلا بار ئىكەن. بىز ئەسلىدە بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئانىلار قايتۇرۇلۇپ كەلگەن ئوماق بالىلىرىنى كۆرۈپ قانچىلىك يىغلاپ كېتەر، بالىلىرىنى قۇچاقلىرىغا ئېلىپ قانچىلىك سۆيۈپ كېتەر، دەپ پەرەز قىلىشقانىدۇق. لېكىن ئۇنداق ئىشلار پەقەت بولمىدى. شەھەرنىڭ كوچىلىرى تىپتىنچ. شۇڭا سۈرەتكە تارتىش توغرىسىدا فوتومۇخبىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويغان لايىھىلىرىمىز تامامەن يوققا چىقتى.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىنگىچە ئۆز بالىسىنى تونۇپ ئەكېتىشكە بىرەر ئانىمۇ كەلمىدى. شۇيەرلىك بىر ئادەم بىزگە: بۇبالىلارنىڭ ئانىلىرى ئەمدى بۇ بالىلىرىنى قايتۇرۇۋالمايدىغان ئوخشايدۇ، چۈنكى بۇلار سېتىپ قولدىن چىقىرىۋەتكەن مال، سېتىۋەتكەن مېلىنى قايتۇرۇپ كەلسە ماقۇل دەپ ئالىدىغان بىرەر دۇكاندارنى كۆرگەنمۇ؟ دېدى.

ئۈنىڭ سۆزى بىلەن تېڭىرقاپ قالدۇق. كېيىن سۈرۈشتۈرۈپ قارىساق، بوۋاقلارنى شۇيەرلىك ئادەملەر تۇغۇلۇشى بىلەنلا سېتىۋېتىكەنكەن.

شۇيەرلىك ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇيەردە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق بالىنىڭ نەرقى 1000يۈەندىن 2000يۈەنگىچە بولىدىكەن. ئۇلارنى سېتىۋالغانلار شەندۇڭ، فۇجيەن، گۇاڭجۇ دېگەندەك يەرلەرگە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاپىرىپ 8000يۈەندىن 10000يۈەنگىچە ساتىدىكەن. بۇگەپلەر ئادەمپۇرۇشلارنىڭ ئىقرارى بىلەن راست بولۇپ چىقتى. ساقچىلار سوراق قىلغاندا، ئۇلار: بۇنداق تىجارەتتە چوڭ خەۋپ يوق، ئەگەر بوۋاقلارنىڭ بىرەرسى يول ئۈستىدە ئۆلۈپ قالسا ماشىنىنىڭ ياكى ۋاگوننىڭ دېرىزىسىدىن تاشلىۋەتسەكلا بولدى، ئىككىدىن بىرسىنى پۇل قىلالىساق، دەسمايىمىزنى تىرىلدۈرەلەيمىز، زىيان تارتمايمىز، دەپتۇ.

ئۈزلىرىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان پەرزەنتلىرىنى سېتىۋېتكەن ئانىلارنى كەسىپي ئادەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ناھايىتى بەك كۆرگىمىز كەلدى. ئىلگىرى بىر چاغدا ئۆزىنىڭ بالىسىنى پۇلغا سېتىۋېتكەن بىر ئانىنىڭ ئىز-دېرىكىنى بىلدۇق.

تۆت سائەت ئاپتوموبىل بىلەن، ئىككى سائەت تراكتور بىلەن ، كېيىن يەنە ئىككى سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۈچ چاقلىق ئاپتو ماشىنا بىلەن يول يۈرۈپ، ناھىيە شەھىرىگە خېلىلا يىراق بىر كەنتكە باردۇق. ماشىنىدىن چۈشكەندە كۆتىمىز خۇددى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەستەك ئۇيۇشۇپ قاپتۇ.

كەنتتە تۈكمۇ يوق ئىكەن، تاشلارنى ئوڭغۇل-دوڭغۇل تىزىپ تام قوپۇرغان ئۆيلەر ياندىشىپ تۇرۇپتۇ. بۇئۆيلەرنىڭ ئىشىمۇ، ئىچىمۇ ئادەمگە خۇددى ھېچنەرسىسى يوق يالاڭتۆش كەمبەغەلدەك تەسىرات بېرىپ تۇراتتى. كەنت تىپتىنچ. بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرغان ئادەملەردىمۇ، بىكار ئولتۇرغان ئادەملەردىمۇ ھېچقانداق سادا يوق، پەقەت تامنىڭ بۇلۇڭىدا بەھۇزۇر يەپ-ئىچىپ، سىيىپ-چېچىپ تۇرغان توڭگۇزلارنىڭ خورتۇلداشلىرى ۋە توخۇلارنىڭ ئاز-تولا قىقىنداشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىز ئىزدەپ كەلگەن ھېلىقى ئايالنى ناھايىتى ئاسانلا تاپتۇق. ئۇ، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى توڭگۇزغا يەم قىلىپ بېرىدىغان ئوتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، قوللىرى ھۆل، ئوتنىڭ سۈيى بىلەن بويىلىپ كۆپكۆك بوپقاپتۇ.

بىزگە يول باشلاپ كەلگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇئايال بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى بىر بالىسىنى سېتىۋېتكەنىكەن.

بىز بىرەر سۆزىمىز جايىدا بولماي قېلىپ، بۇئايالنى رەنجىتىپ ياكى بىئارام قىلىپ قويمىسكەن دېگەن ئەندىشە بىلەن سوئاللىرىمىزنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن قويدۇق.

ئايال بىزنىڭ پەرەز قىلغىنىمىزدىن باشقىچە خىرامان سۆزلىدى:

ـ قاراڭلار، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىزنىڭ بۇ ئۆيىمىزدە بالىدىن بۆلەك بىرەرمىڭ كويچەنگە يارىغۇدەك نېمە ساتقۇلۇق بولسۇن؟

ئۇ، قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدۇق. كۆن ئۆرى چۈشمىگەن قاراڭغۇ ئۆي ئىچىدە بىردانە ئەبجەق كارۋات، ئوچاق ئۈستىدە ماكچىيىپ كەتكەن بىر قازان، ئوچاق بېشىدا بىرنەچچە پۇچۇق چىنە-قاچا تۇرۇپتۇ؛ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا چوڭراق بىر توڭگۇز ئۈركىگەن ھالدا بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

چالا-پۇچۇق مۆلچەرلەپ باقتۇق، ئۇنىڭ ھەممە بىساتى، ئەشۇ ۋەيرانە ئۆيىنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىغاندا، قىممىتى 1000كويدىن ئاشمايدىكەن.

ـ ئويلاپ باقساق، ـ دېدى ئۇ ئايال بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، ـ بىر قېتىمدىلا قولىمىزغا 1000كويچەن پۇل كىرىشىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئامالى يوق ئىكەن.

ـ بالا ئەي بولامدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز يوقمۇ؟

ـ دۇنيانىڭ قايسى يېرىگىلا بارماڭ، «قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەن گەپ بار. تەقدىردە شۇنداق پۈتۈلگەن. تەقدىر دېگەن ئەنە شۇ. ھەممە ئىش تەقدىرگە باغلىق.

ئايالنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ قېرىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ، كۆزلىرىنى يىراققا تىكىپ تۇرغاندەك، بىر قاراشتا بىزگە گەپ قىلىۋاتقاندەك سۆزلەيتتى:

ـ ئەجەب ئەمەس، ئۇبالا بىرەر ياخشى ئادەمنىڭ قولىغا چۈشسە ئەجەب ئەمەس.

شۇ سۆز ئارىلىقىدا ئۇنىڭ كۆزىدىن خۇشاللىقنى ۋەياكى مەيۈسلۈكنى بىلگىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر ئالامەتكە كۆزۈم چۈشتى.

قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدا، شەندۇڭلۇق مۇخبىر شۇي ئەپەندى ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

ـ ئۇلار كەمبەغەللىكتە شۇدەرىجىگە يېتىپتۇكى، بالا تېپىش ئىقتىدارىدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىكەن.

ھەممىمىزنىڭ ئۈنىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتتى. ئاتا-ئانىلىرىنىڭ تونۇپ ئەكېتىشىنى كۈتۈپ تۇرغان بۇبوۋاقلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ھەتتا شۇنداق بىر يامان خىياللارغىمۇ كەلدۇق: ئادەمپۇرۇشلار قولىغا چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قالسا. . . تەلمۈرۈپ تۇرغان بوۋاقلار، ئېھتىمال، كۆڭلىدىكى ياخشى ئادەملەرنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن. . .

---

*باش ماۋزۇ مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

«قېلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 9-ئاۋغۇست سانىدىن (M2)



# نامراتلىق قانداق بولىدۇ؟

## ـ ئابدۇقادىر جالالىدىنغا تەسەللىي شورلۇق

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى:

مۇشۇ كۈنلەردە سىز بىلەن دىدارى مۇلاقەتتە بولۇپ، نامراتلىق ھەققىدە زىكىر-سۆھبەت قىلىشقۇم بار ئىدى. بىراق ئارا يىراقلىقى بۇنىڭغا يار بەرمىگەچكە، ئۇچۇق خەت ئارقىلىق چولتا چۈشەنچىلىرىمنى بايان قىلىشقا توغرا كەلدى.

يوقسۇزلۇق شىللەمدىن بېسىپ، گېلىمدىن بوغقانسېرى نامراتلىق ھەققىدە كۆپ ئويلايدىغان، بىرنەرسىلەرنى يازغۇم كېلىدىغان، بۇ تېمىدىكى ئەسەرلەرنى تولا ئوقۇيدىغان بوپقالدىم. مەن ئوقۇغان شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرى، سىزنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 3-سانىدىكى «ئۆي كۆچۈش ۋە ئادەمدىكى ئېلاستىكلىق» ناملىق ئەبجەش خاتىرىڭىز بولدى. گەرچە سىز بۇ ماقالىڭىزدا نامراتلىق ھەققىدە بىۋاستە توختالمىغان بولسىڭىزمۇ، ئۇنىڭدىن نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە تىپىرلاۋاتقان، يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ(مەن سىزنى شۇنداق دەپ قارايمەن) بىر كادىر زىيالىينىڭ نامراتلىقتىن زارلىنىش ئالامەتلىرىنى ئاڭقىرىۋالماق تەس ئەمەس. كۆزىتىشىمچە، بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بەزى ئەسەرلىرىڭىزدىمۇ بۇخىل ئالامەت خېلىلا ئېنىق ئىشارەتلەنگەنىدى.

پەرۋا قىلماسلىقا ھەرقانچە تىرىشسامۇ باشقا دەردمەنلەرنىڭ دەردى ماڭا ئاسانلا دەرد بوپقالىدۇ. «ئۆي كۆچۈش ۋە ئادەمدىكى ئېلاستىكلىق» نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆز دەردىم ياندا قىلىپ سىزنىڭ دەردىڭىز ئۆزدەردىم بوپقالدى، كاللامغا نۇرغۇن سوئاللار كىرىۋېلىپ ئارامىمنى بۇزۇلدى. بەلكىم «چولاقنىڭ دەردىنى قولى سۇنغان بىلەر»، «غېرىبقا غېرىب يىغلار» دېگەن سۆزلەر مۇشۇنداق ئىشلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

نامراتلىق ھەققىدە گەپ ئېچىشتىن ئاۋۋال نامراتلىقنىڭ يىلتىزى(سەۋەبى) ھەققىدە ئويلاپ بېقىشىمىز زۆرۈر. ھېچبولمىغاندا ئۆز نامراتلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشىمىز لازىم. خىزمەتدىشىڭىز ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىدبەرقىي «نامراتلىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 2-سان) دېگەن ماقالىسىدا نامراتلىقنىڭ مەنبەسىنى بىر نەچچە نۇقتىدىن كۆرسىتىپ بەردى. مېنىڭچە، نامراتلىقنىڭ يىلتىزىنى تېخىمۇ كۆپ تەرەپلەردىن، تېخىمۇ چوڭقۇر يەرلەردىن ئىزدەش كېرەك.

مەنمۇ بىر نامرات. ئەسلىدە مەن نامرات دۆلەتنىڭ نامرات ئائىلىسىدە، بايلار كۆرمىش-سازايى قىلىنىپ، كەمبەغەللەر ماختىلىۋاتقان شارائىتتا تۇغۇلۇپتىمەن. ئويلاپ باقسام، مۇشۇلارنىڭمۇ مېنىڭ نامرات بوپقېلىشىمغا سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى باردەك تۇرىدۇ. ئۆتمۈشتە ئائىلىمىز(ئۇ چاغلاردا دادام ۋە چوڭ دادامىلارنىڭ ئائىلىسى) خېلىلا ھاللىق بولۇپ، دادام رەھمەتلىكنىڭ ھايات چېغىدا ئېيتىپ بېرىشىچە، ئىككى يەردە 50مودىن كۆپرەك يەر-زېمىنىمىز، قورۇ-جايىمىز، ئىككى قوشلۇق ئۆكۈزىمىز، بىر جۈپ ئېتىمىز، سېغىن ئىنەكلىرىمىز، 30 ـ 40 تۇياقتەك

ئۇششاق چارۋىمىز ۋە ئات،كالا ھارۋىلىرىمىز بار ئىكەن. دادام بىلەن چوڭ ئانام«كومپارتىيە يەر-زېمىن،چارۋا-ماللارنى تارتىۋالىدىكەن» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆلكىدىكى ئەشۇ نەرسىلەرنى سېتىپ پۇل قىلىۋالماقچى بوپتۇ. لېكىن چوڭ دادام بىكتەك تۈز،بالىلاردەك ساددا ئادەم بولغاچقا:«خەقنىڭ شاراقشىتىپ ئاق تەڭگە سانىپ ئالغان مال-مۈلكىنى بىكاردىن تارتىۋالىدىغان قانداق پارتىيەكەن -ئۇ!؟ ساتمايمەن ۋە ھېچكىمگە بەرمەيمەن!مەن بۇ روزىغارنى قىلغۇچە ھەرقايسىڭ بىلەن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم، چېقىلىشما!ھېلىغۇ كومپارتىيىكەن، شىڭ دۇبەن كەلسىمۇ ئېلىپ باقسۇننى بىر كۆرەي!» دەپ تەتۈرلۈك قىپتۇ. چوڭ ئانام چوڭ دادامنىڭ ئەكسىچە سەزگۈر،چېچەن ئايال بولغاچقا،دادام بىلەن بىرلىشىپ چوڭ دادامنى قايىل قىلىپ، يەر-چارۋىلار...نىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ پۇل قىپتۇ(كىم بىلسۇن، كېيىن ئۇ پۇللار كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپتۇ). قالغان قىسمىنى كېيىن ئاكتىپلىق بىلەن كوپېراتسىيىگە «پاي قوشۇپتۇ».سىنىپىي تەركىب ئايرىيدىغان چاغدا ئائىلىمىز ئەشۇ«ئاكتىپ»لىقى، يەر - زېمىنى كۆپرەك بولسىمۇ يىللىقچى، مەدىكار ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن «كەمبەغەل دېھقان» دېگەن شەرەپلىك تەركىبكە نائىل بوپتۇ. بىراق ئېرىشكۈچىلىرىگە بەخت-ئامەت ئەكېلىشى كېرەك بولغان بۇ شەرەپلىك تەركىب بىزگە بەختسىزلىك،ئاپەت ئاتا قىلغانىدى. مەن ئەقلىمگە كەلگەن چاغلاردا ئائىلىمىزدە بىر توكۇر توخۇدىن باشقا چارۋا، تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان توققۇزباش بەرىكە قوناقتىن①بۆلەك ئاشلىق يوق ئىدى. بىز سەككىز جان ئادەم كوممۇنادىن مىننەتلەر قوشۇلۇپ تۆۋەن ئۆلچەمدە بېرىلگەن ئاشلىقىمىز يەتمەي، شۇچاغلاردا ئۆتمۈشتىن شىكايەت قىلغۇچىلار سۆزلەپ بېرىدىغان خارلاندى يىللىقچىلاردەك ئاچ-يالىڭاچ كۈن ئۆتكۈزمەتتۇق. كېيىنكى چاغلاردا دادام«ئاكتىپ»لىقىنى، «شەرەپلىك تەركىبى»نى بىرياققا قايرىپ قويۇپ، بىزنى ئاچ-يىلىڭ قويماسلىق ئۈچۈن ئاتۇش بازىرىدىكى تۇغقانلىرىمىزدىن 20-30تەڭگە قەرز ئېلىپ، ئوغرىلىقچە ئۇنى-بۇنى ئەكېلىپ ساتقانىدى، بوينىغا«ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىپ،كاپىتالىزىمنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغان» دېگەن خەت يېزىلغان تاختا ئېسىلىپ كەنتمۇ كەنت، مەكتەپمۇ مەكتەپ ھەيدەپ يۈرۈلۈپ سازايى قىلىندى... بەلكىم بۇنداق ئىشلارنى سىزمۇ كۆرگەن،ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز.

مانا ئەمدىلىكتە ۋەزىيەت 180گرادۇس بۇرالدى. ئۇچاغلاردىكى شوئارلارنىڭ تەتۈرى توۋلىنىدىغان بولدى. كىشىلەر باي بولۇش ئۈچۈن پالاقشىيدىغان بوپكېتىشتى. «شەرەپلىك تەركىب»كە لايىق كىشىلەر پەگا كىشىلەرگە، دوقمۇنچى قوزىلارغا ئايلاندى. مۇشۇ پەگا كىشىلەرنىڭ تۆرگە ئۆتكۈسى، دوقمۇنچى قوزىلارنىڭ خوجايىن قوشقار بولغۇسى يوقمۇ؟ بار. لېكىن نېمە بىلەن ئۆتىدۇ،نېمە بىلەن بولىدۇ؟ خېمىرتۇرۇچ بولمىسا خېمىرنى بولدۇرۇپ نان يېقىپ يېگىلى، سۈپۈرنىڭ يۈزىدە بىرەر سېتەل بولسىمۇ قۇرغۇنلۇق بولمىسا، ئاشنى يېيىپ ئىچكىلى بولمايدۇ. سىياسەت ئەمەلىيلەشكەن چاغلاردا نۇرغۇنلىغان پومشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ئەينى چاغدا تارتىۋېلىنغان مال-مۈلۈكلىرى ھېسابلىنىپ،ئاز بولسىمۇ قايتۇرۇپ بېرىلدى.بىراق«بىتەلەينىڭ نۆۋىتى كەلسە تۈگمەننىڭ سۈيى توختاپتۇ» دېگەندەك، كەمبەغەل دېھقان ۋە

تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيىگە ئاكتىپلىق بىلەن «پاي قوشقان» مال-مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۇنتۇپ قېلىندى. مۇشۇنداق ئىشلارغا قاراپ گاھىدا:«مۇشۇ ھۆكۈمەت 30يىلغا يېقىن بايلارغا قارشى تۇرۇپ، كەمبەغەللەرنى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ قويغان بىلەن ئەسلىدىلا بايلارغا مايىل بولسا كېرەك» دېگەندەك پەلپەتىش - بىمەنە خىياللارنىمۇ قىلىپ قالىمەن.

ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر ئەپەندى:

يېقىنقى يىللاردىن بېرى سىزنىڭلا ئەمەس، باشقا بەزى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى كادىر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز نامراتلىقىدىن ۋايساش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مەن سىزنى ۋە ئۇلارنى ئۇنداق قىلماسلىققا،ئۆز ئەھۋالىڭلارغا شۈكرى-قانائەت قىلىشقا دەۋەت قىلماقچى ئەمەسمەن. پەقەت سىلەرنى ئۆزۈڭلاردىنمۇ نامرات تەبىقىلەرگە نەزەر تاشلاپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلماقچىمەن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ نامراتلىقىنى تەسۋىرلەپ قەلەم تەۋرەتكىنىڭىزدە يېزىلاردىكى كۆرمىگەن نامرات دېھقانلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇلار بىلەن ئۆزىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟ئەگەر سىزمۇ ماڭا ئوخشاش دېھقان بالىسى بولسىڭىز ياكى يېزىلارنى كۆرگەن بولسىڭىز شۇنداق قىلدىڭىز،ئەلۋەتتە. قەلىمى مەدھىيىدىن باشقىغا ماڭمايدىغان بەزى شائىرلارنىڭ شېئىر-قوشاقلىرىدا

«دېھقان ئاكام باي بولدى،
قازان-چۆمۈچى ماي بولدى.
ئۇيان-بۇيان بارغاندا،
مىنىشى موتو-تاي بولدى»

دەپ تەسۋىرلەنگەن، ئۆزى توقۇغان يالغانغا ئۆزى ئىشىنىدىغان بەزى مۇخبىرلارنىڭ«تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ» يازغان خەۋەر-ماقالىلىرىدا، باشلىقلارنىڭ يۇقىرىغا يوللىغان دوكلاتلىرىدا،ستاتىستىكا ئىدارىلىرىنىڭ جەدۋەللىرىدە... كىرىمى يىلدىن يىلغا ئېشىپ بېرىۋاتقان ، يىلسېرى بېيىپ كېتىۋاتقان دېھقانلىرىمىز يەنىلا نامرات! سىز بىر چاغلاردا«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىڭىزدا(قايسى يىلدىكى قانچىنچى سان ژۇرنال،قايسى ماقالە ئىكەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ) ،بىتىخوۋنىڭ: «نامراتلىقتىن مۇزىكا چىقىدۇ» دېگەن سۆزىگە ياندىشىپ قىلىپ: «نامراتلىق ۋۇجۇدىنى بوققان تەندىن مۇزىكا ئەمەس، بەلكى يۆتەل ئاۋازى چىقىدۇ» دېگەنىدىڭىز. بىزنىڭ بىر قىسىم دېھقانلىرىمىز ئەنە شۇنداق نامرات، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئۇنلۇكرەك يۆتىلىشكىمۇ مادارى يەتمەيدۇ. باشقىلارنى قويۇپ تۇرۇپ ئۆزۈمنىلا مىسال قىلسام بولىدۇ. مەن مۇشۇنداق نامرات دېھقانلارنىڭ بىرى. ئىككىسى يېپىلغان، ئىككىسى تېخى ئوچۇق ئەپچىل-ئەپچىل تۆت ئېغىزلىق ئۆي، ئۆيدىكى ئۈچ پارچە يىرتىق كىگىز،بىردانە سۇلياۋ گىلەم، ئۈچ جۈپ يوتقان -كۆرپە،كىتاب-ماتېرىياللىرىمنى ساقلايدىغان بىردانە ساندۇق،

① بەرىكە باش - ئۇيغۇر دېھقانلىرىدا ئاشلىقنى قەدىرلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاچ-زار قالماسلىقىنى، ئاشلىقنىڭ بەرىكەتلىنىشىنى تىلەپ بىرنەچچە باش (يەنى يەتتە، توققۇز دېگەندەك تاق سانلاردا) قوناق ياكى بىرنەچچە باغلام باشاقلىق بۇغدايىنى ئۆينىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويىدىغان ئادەت بار. ھازىرمۇ ئاتۇشنىڭ ھەردىكى قىسمەن دېھقانلاردا بۇ ئادەت ساقلانماقتا. - ئاپتور

بىردانە تاز جاۋەن...ئۇنىڭدىن باشقا كۆندىلىك تۇرمۇشقا زۆرۈر بولغان قازان-قاچا،ئارا-كەتمەن دېگەندەك نەرسىلەر؛ ئۈچ ئاي تومۇزدىن باشقا چاغدا ئەتراپىدا كۆكەرمىنىڭ كۆز يېشىدەك زەي پىلىلداپ تۇرىدىغان، قاندۇرۇپ سۇغۇرۇپ تۇرمىسا ئۇستىدە قوماقباش تازنىڭ بېشىدەك ئاق پوستەك ئۆرلەپ كېتىدىغان ئىككى-ئۈچمو پاتاسلىق هۆددە يەر؛ مۇشۇ يەرنىڭ ۋە ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدىكى 300 ـ 400 تۈپچە جىگدە، توغراق،بۇلغۇن ئورمانلىرى... مانا بۇلار تۆت جانلىق ئائىلىنىڭ مال-مۈلكى ـ بايلىقى! قانداق، نامراتمۇ بار يەردە بارمىكەن؟

ئىقتىدارلىق ئوبزورچى يالقۇن روزى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىل 2-،3(قوشما) سانىغا بېسىلغان «كامالتۇرك ۋە ئۇرۇمچى» دېگەن ماقالىسىدا ئۆزىنى «يۈكسەك ئاپتونومىيە» دەپ ئاتىغانىدى. سىزمۇ مەزكۇر ژۇرنالدا بېسىلغان بىر ماقالىڭىزدا:«(مېنىڭ يۈكسەك ئاپتونومىيەم) بالكۇندىن سىرتقا قارىغىلى بولمايدىغان ئاپتونومىيە» دېگەنىدىڭىز. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ «ئاپتونومىيە» مىنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىكەنلىكىگە كامىدا ئىشەنمەيمەن. شەھەرلەردىكى «ئاپتونومىيە» لەرنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقى ئاسانلىقچە دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىمايدۇ. باشلىقلىرىڭىزمۇ،سۇ، توك،پار... پۇلى يىغقۇچىلارمۇ،هەتتا ئورۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىڭىزمۇ هەرقانچە جىددىي ئىشى بولسىمۇ، ئاپتونومىيە هوقۇقىڭىزغا هۆرمەت قىلىپ،«ئاپتونومىيە» ڭىزنىڭ قوۋۇقىنى ئېهتىيات بىلەن چېكىپ،سىزدىن ئىجازەت بولغاندا ئاندىن كىرىدۇ. يېزىلاردا بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە. مېنىڭ «ئاپتونومىيەم» گە بىزنىڭ باشلىقلار كېچىسى بولامدۇ، كۈندۈزى بولامدۇ، چاتىقى يوق: هاشارغا ماڭ، سېلىقنى بەر، جەرىمانە تۆلە! دەپ قۇترىغان ئىشغالىيەتچى ئەسكەرلەردەك ئالىتاغىل ۋارقىراپ-جارقىراپ،ئىشىك-دېرىزىلەرنى مەست دۈمباق چالغاندەك ئۇرۇپ-جالاقشىتىپ بىمالال كىرىۋېرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا مەن ئۇلارغا ئاپتونومىيە هوقۇقۇمغا دەخلى-تەرۇز قىلدىڭلار،دېيەلمەيمەن.پەقەت ئادىل تۇنىيازنىڭ:

«ئۆلۈم دېگەن راهەتتۇر راهەت،
باشلىقى يوق ئىشخانىلاردەك.»

دېگەن مىسرالىرىنى دىلىمدا زىكىر قىلىمەن.

دېهقانىنىڭ كۆڭلىرى شۇنداق :باش ئەتىياز كېلىشى بىلەن مەهەللە باشلىقى بىلەن كەنت كادىرلىرى غېمى كۆنسىرى ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان دېهقانلارغا مەهەللە مەسچىتىدە يىغىن ئېچىپ:«بىرمو يەرگە مانچە هارۋىدىن قىغ، مانچە هارۋىدىن قۇم قويۇپ،يالتىراقلىرىنى پاكىز تازىلاپ، يەرلەرنى ئوسىغا تەييارلا! مانچىنچى چېسلا سۇ كېلىدۇ، بۇ ۋەزىپىنى تەلەپكە لايىق ئورۇندىمىساڭلار ،بىرمو يەر ئۈچۈن 50كويدىن 100كويغىچە جەرىمانە!...دەپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىدۇ،خۇددى يەرلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئەمەس، ئۇلارنىڭكىدەك، ئۇلار دېمىسە ئۆز يېرىمىزگە ئىشلەشنى ئۆزىمىز بىلمەيدىغاندەك... پېقىرنىڭ قىغ چۈشۈرۈدىغان جاندارلىرىم بولمىغاچقا،تۇغقانلىرىم سىيلە ـرەهىم قىلىپ ئاشۇرۇپ بەرگەن قىغلارنى ئاچىقىپ، ئەشۇ ئىككى-ئۈچ موپېرىمنى ئوغۇتلىغان بولىمەن. ئەمما هازىرچە هېچكىم هەق ئالماۋاتقان كونا ئۆستەڭنىڭ قۇمنى بولسا ئايىماي قويىمەن.

يوقلۇقتىن قىغنى ئاز قويغان جىنايىتىمگە مەهەللە باشلىقى بىرمو يەر ئۈچۈن 50كويدىن جەرىمانە يازىدۇ. يەرنىڭ ئوسسى تاۋلاشقاندا يېزىلىق ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىغا نەچچە كۈن سوكۇلداپ، شۇيەردىكى غوجاملارغا نالە قىلىپ قەرز پۇل ئېلىپ، بۇپۇلغا يالتىراق،خىمىيىۋىي ئوغۇت ۋە ئۇرۇقلۇق چىكىت سېتىۋېلىپ يەرگە كېۋەز تېرىيمەن... سۇغۇرۇش مەزگىلى كېلىدۇ. بۇ چاغدا كادىرلار سۇدىن بىرنەچچە كۈن بالدۇر كېلىپ سۇ هەققى يىغىدۇ.«قەرزدارنى قەبرىدە قىستاپتۇ» دېگەندەك، سېرىقتال مەزگىلىدە كەلگەن بۇ«سۇ هەققى»نى جازانىخورلاردىن بولغۇسى كېۋەزگە يېرىم باهادا پۇل ئېلىپ بولسىمۇ بەرمەي بولمايدۇ. بولمىسا، دېهقانلارنى باي بولۇشقا يېتەكلەيدىغان،كەڭ خەلقنىڭ توپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كادىرلىرىمىز سىزنىڭ زارلىنىشىڭىزغا، زىرائەتلىرىڭىزنىڭ قۇرۇپ نابۇت بولۇشىغا خۇددى ماشىنا ئادەمدەك پىسەنت قىلماي، سۇنى پۇل بەرگەن بايلارغا باشلاپ بېرىدۇ. بۇلا ئەمەس: زىرائەتلەرنى گالۋاڭ قىلىۋېتىدىغان ئۆستۈرۈش دورىسى،ئۆسۈشنى تىزگىنلەش دورىسى، ئوت-چۆپ،كېسەللىكنى يوقىتىش دورىسى،يوپۇرماق گۆھرى، پات ئېچىلدۇرۇش دورىسى... دېگەنلەرنى ۋاقتىدا چاچمىسىڭىز يەنە جەرىمانە... شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ كۈزمۇ كېلىدۇ. كېۋەزنى تېرىپ-يىغىپ پاختا زاۋۇتىغا ئاپىرىپ ئالارمەننىڭ دېگىنىگە ساتىسىز. ئۇيەردە سىزنىڭ ئۆز مېلىڭىزغا باها قويۇش، باها تالىشىش هوقۇقىڭىز يوق. قاچان،قانداق ئېلىش پۇتۇنلەي ئالارمەننىڭ ئىختىيارىدا. باش ئەتىيازدىن بېرى بۇيىل كېۋەزنىڭ باهاسى ئۇنداق بولىدۇ، بۇنداق بولىدۇ، دەپ بېشىڭىزدا دېۋىلەپ يۇرۇپ ئىشقا سالغان كادىرلارنىڭ بۇيەردە سايىسىنىمۇ كۆرەلمەيسىز.تەسادىپىي بىرەر-ئىككىسىنى ئۇچرىتىپ هال ئېيتسىڭىز، ئۇلار هايان يېگەن بىدىكتەك سىزنىڭ ئەمەس، ئالارمەننىڭ پايدىسىغا سۆزلەيدۇ... ئاخىر كېۋەز سېتىلىپ،پۇلى يانچۇققا كىرىدۇ. ئەمما بۇ پۇل يانچۇقتا بىرەر كۈن تۇرمايلا سىز بىلەن خوشلىشىدۇ. تۇرمە ئاشخانىسىنىڭ تاماق بېرىش تۆشۈكىدەك پولات چۇۋۇق بىلەن مۇداپىئە قىلىنغان، قوش قەپەسنىڭ ئىشىكچىلىك تۆشۈكتىن هېساباتچى تاشلاپ بەرگەن پۇلنى ئېلىپ بىرچەتكە چىقىشىڭىزغا سەزگۈر رازۋېدچىكتەك كۆزىتىپ تۇرغان ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىنىڭ خادىمى يېنىڭىزدا پەيدا بولۇپ، ياسىما سالام قىلغاچ دەپتىرىنى ئاچىدۇ.ئۇنىڭ ئېلىشىنى بېرىپ، ئۆيگە كەلسىڭىز مەهەللە باشلىقى بىلەن كەنت بوغالتىرى ساقلاپ تۇرغان.«خامان تۆپى» بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىزىملىكىدىكى هەرخىل«...هەققى» ـ سېلىقلارنى،نېسى قالغان جەرىمانىلەرنى بېرىدىغان گەپ. توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر تۇتقاندەك ،ئورۇق-تۇغقان،قولۇم-قوشنىلارمۇ مۇشۇ چاغدا ئېلىشنى ئالمىسا ئۇنىمايدۇ. ئۇلارغىمۇ بېرىپ كەلسىڭىز ئاخىرىدا سىزگە هوسۇل ئوبدان بولغان بولسا،300 ـ 400كويچە بىرنېمە ئاشىدۇ،بولمىسا نەسىرىددىن ئەپەندى: «پۇل چۈشۈپ قالغان تۆشۈك قالىدۇ» دېگەندەك،كېلەر يىلى كېۋەز تېرىسا بولۇدىغان ئىككى-ئۈچ مو يەر بىلەن پۇل سالىدىغان يانچۇق قالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا،كېلەر يىللىق هوسۇلغا تېۋىنىپ يەنە يېڭىدىن قەرزدار بولۇشقا باشلايسىز.چۈنكى قورساقنى بىرلىقلاپلا تولۇمنى ئاسقاندەك بىريەرگە ئېسىپ قويغىلى،سوغۇق قىش پەسلىنى سېهىرلەپ

كەلتۈرمىگىلى ،تىرىك ئادەملەرنىڭ بەدىنىنى مېيىتنى كېپەنلىگەندەك بىر قۇر رەخت بىلەن مەڭگۈلۈك ئوراپ قويغىلى بولمايدۇ-دە.

شۇنداق بولغاچقىمىكىن،ھازىر ئورۇق ئۆچكىنى پىت باسقاندەك نامرات دېھقانلارنى قەرز بېسىپ كەتتى. كوممۇنا ۋاقتىدا پوقسوقتىسى كۆپ بەزى ئائىلىلەر يىل بويى ئىشلەپمۇ ئوماچ قەرزىگە بوغۇلۇپ قالاتتى. لېكىن ھازىر... ھازىر تۇرلۇك تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا دېھقانلىرىمىزنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولدى، ھاللىق سەۋىيىگە يۈزلەندى دېيىلمەكتە. مەن بۇ گەپلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن ھەم دېھقانلارنىڭ كۆنى كوممۇنا ۋاقتىدا ئوبدان ئىدى دېمەكچىمۇ ئەمەسمەن. قورساقنى تويغۇزۇش ئىنسانىي ئەمەس، ھايۋانىي تەلەپلەرنىڭمۇ ئەڭ تۆۋىنى؛ كىيىمنىڭ پۈتۈن بولۇشى ئىنسانىي ھاجەتلەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىيسى. مۇشۇ ئەڭ تۆۋەن ھاجەتلەرنىڭ راۋا قىلىنىشى باشقىلارغا ماختانغۇدەك، داملانغۇدەك چوڭ ئىش ئەمەس. يەنە كېلىپ،ئادەمنىڭ قەرزى بولمىسا يېگەن-ئىچكىنى تېنىگە سىڭىدۇ، چىرايىغا چىقىدۇ، كىيگەن كىيىمىنىڭ ھۆزۈرىنى سۈرەلەيدۇ.

ئەمدى يەنە ئۆزۈم ھەققىدىكى گەپكە كېلەيلى. ئائىلەمنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى مەھەللە باشلىقىمىزدىن تارتىپ يېزا باشلىقىمىزغىچە بولغان كادىرلار ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تىزىملىكىدە مېنىڭ ئائىلەم «قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلە» دەپ ئەنگە ئېلىنغان. بىرچاغلاردا «نامراتلىق كېنىشكىسى» دېگەن بىر كېنىشكىنىمۇ ئۆيۈمگە كادىرلار ئەكېلىپ بەرگەن. ھازىر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ،تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ ۋە ئىشنى ئەمەلىي ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ سىياسەت، تەشەببۇسلار بىزنىڭ بۇ يىراق يېزىغا يېتىپ كەلگىچە ھېرىپ قالامدۇ ياكى پايناپ يەرگە سۇنىڭ سىڭىپ كەتكىنىدەك ئىش بولامدۇ ۋەياكى رەسمىي كونتەرتىپكە كىرگۈزۈلمىگەن خىزمەت شۇنداق ئىشلىنەمدۇ؟ بىلمىدىم. بۇ خىزمەت بىزنىڭ يېزىدا مەن رادىئو-تېلېۋىزىيە،گېزىت-ژۇرناللاردا كۆرگەن-ئاڭلىغاندەك ئىشلەنمەيۋاتىدۇ. يېزىمىزغىمۇ پات-پات يۇقىرىدىن نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇدىغان قۇتقۇزۇش - ياردەم پۇلى، ئۆسۈمسىز قەرزپۇل،ئۇزۇن مۇددەتلىك، تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ۋە ھەرخىل ماددىي بۇيۇملار كېلىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قولغا لوغىلەك تېگىدىغان، ئىشلىتىپ پايدىسىنىمۇ كۆرگىلى بولۇدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز ۋە تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇللار مەندەك نامراتلارغا تەگكىلى ئۇنىمايدۇ. بۇپۇللارغۇ ھازىرقى قىز-چوكانلار ئەمەس، ياش، ئىقتىدارلىق بولسىمۇ نامرات يىگىتلەرنى ياراتماي،قېرى،سەت بولسىمۇ باي ئەرلەرنى قوغلىشىدىغان.لېكىن نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلىرىمىز قىزنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمەيدىغان ئانىلاردەك ئارىغا كىرىپ، ئۇ پۇللارنى بىزگە تەگكىلى قويمايدۇ. ئۇلارچە مەندەك نامراتلارنىڭ «قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوق». ئەمما ھەرخىل سېلىق - جەرىمانىلەرنى بېرىدىغان چاغدا بۇ ئىقتىدارىمىز مەن-مەن دېگەن بايىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ نېمىگەپ دەپ قېلىۋاتقانسىز؟ يانچۇقىمىزدا بايلارنىڭكىدەك نەقپۇل بولمىغان بىلەن، ئۆيىمىزدە ئۆي سايمانلىرى ،

بىر-ئىككى تۇياق ئۇششاق چارۋا بار ئەمەسمۇ. بۇنەرسىلەر كادىرلىرىمىزنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئەرزان بولسىمۇ پۇلغا يارايدۇ... ئەدناسى، يېقىندا توخۇ فېرمىسى قۇرۇپ ئاۋۇپ كەتكەن توخۇلىرىنى بازاردا سېتىپ تۈگىتەلمىگەن بايلاردىن چۈجە ئېلىپ، نامراتلارغا ئون - يىگىرمىدىن تارقىتىپ بېرىلدى.لېكىن ئەشۇ قورغۇيدەك،قۇشقاچتەك بولغان توخۇ چۈجىلىرىنىمۇ باقالمايدۇ،دەپ ماڭا بەرگىلى ئۇنىمىدى.

نېملا بولمىسۇن، مەنمۇ بىر«بۇدۇشقاق زىيالىي» ئەمەسمۇ. بۇنداق ئىشلاردا كاھىدا داۋۇت داڭقاندەك(ياسىنجان سادىقنىڭ «چاشقان ئاپتى» ناملىق ھېكايىسىدىكى باش پېرسوناژ.بۇ ھېكايە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997-يىل 6-سانىدا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن) داڭقان پۇتى گەپلەرنى قىلىپ، كادىرلىرىمىز بىلەن زاكۇنلىشىپمۇ كېتىمەن. كېيىن ئاچچىقىم بېسىلغاندا بولسا، بۇ«قاپ يۈرەك»لىكىمدىن چۆچۈپ ئەنسىرمىشكە باشلايمەن. كىچىك چاغلىرىمدا سىنىپىي تەركىبى پومېشچىك، باي دېھقان دەپ ئاتالغان ،ئەمما شۇ چاغلاردا ھېچنەرسىسى قالماي،ھازىرقى مەندىنمۇ بەتتەر ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇلغان بايلارنى بېشىغا ئۇزۇن قەغەزقالپاق كىيدۈرۈپ، بويىنىغا تاختا ئېسىپ ئۇرۇپ-سوقۇپ كۈرمىشكە تارتقان ئىشلارنى كۆرگەنىدىم. شۇنداق قىلىشقا ھازىرقىدەك كادىرلار باشلامچىلىق قىلاتتى. كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان«ئاكتىپ»لىرى ئەشۇ بايلارنى قارا قويۇق ئۇرۇپ-تېپىپ،يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ«پرولېتارىيات دىكتاتورىسى»غا تارتاتتى، ئۇلاردىن «تارىخىي ھېساب» ئالاتتى. سەبىي ئەقلىم بۇئىشلارغا ھەيران قالاتتى.كېيىن بىلسەم، شۇچاغلاردىكى بايلارنى يوقىتىپ كەمبەغەللەشتۈرۈش سىياسىتى شۇنداق قىلدۇرغانىكەن. ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە نامراتلىقنى يوقىتىپ بايلاشتۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈلىۋاتىدۇ. ناۋادا شۇنىڭغا ئوخشاش بىر دولقۇن قوزغىلىپ، مۇشۇنداق ياخشى سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدىمۇ شۇنچە يىلدىن بېرى باي بولالمىغان جىنايىتىمىز ئۈچۈن،شۇچاغلاردىكى بايلاردەك كۈرمىشكە تارتىلىدىغان ئىش بوپقالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇۋاقىتتىكى بايلارغۇ ئۆتمۈشتە خىمىيلىك بۇلغىنىشى بولمىغان نېمەتلەرنى تويغۇدەك يەپ ئۇستىخىنى چىڭ،يىلىكى توق يېتىلگەچكە قىيىن-قىستاق، تاياق-توقماقلارغا چىداشلىق بەرگەنىدى. بىراق ھازىر خىمىيلىك بۇلغىنىشى ئېغىر يېمەكلىكلەرنى تاپساق يەپ، تاپالمىساق ئەسلەپ، پارنىكتا ئۆسكەن كۆكتاتتەك يېتىلگەن بىز نامراتلار بېشىمىزغا شۇنداق كۈن كەلسە، چوماقنى كۆرۈپلا كاك دېگەن بىچارە توشقاننىڭ كۈنىگە قېلىشىمىز مۇمكىن. يەنە كېلىپ، ئۇچاغلاردا بەردەم بايلارنى ئاجىزنامراتلار ئۇرغان بولسا، ھازىر ئاجىز نامراتلارنى بەردەم بايلار ئۇرۇدىغان گەپ - دە ... چەت ئەللىك قايسى ئۇلۇغ دېپتىكەن؟ مۇشۇ كۈنلەردە گېزىت،ژۇرنال،كىتابلاردا: «نامراتلىق جىنايەتتۇر» دېگەن گەپ تولا ئۇچرايدىغان بوپقالدى. خۇدا ساقلاپ بىزنىڭ بىر قىسىم ھايت دېگۈچە ھۆيت دەپ بولۇدىغان ،دوپپىسىنى ئەكەل دېسە بېشىنى ئەكېلىدىغان ،سەزگۈرلۈكى ۋە جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك كادىرلىرىمىز ئەشۇ گەپ بار كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرمەيۋاتقان ئوخشايدۇ. بولمىسا ئۇلار: مۇنۇلار جىنايەت ئۆتكۈزدى، دەپ تەۋەسىدىكى نامراتلارنى ساقچىخانىغا ھەيدەپ بېرىشتىن يانمايتتى.

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئۆزۈمنى كادىرلارنىڭ، بايلارنىڭ ئالدىدا راستىنلا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ھېس قىلىمەن، ئۇلارغا تىكىلىپ قاراشتىن، قاتتىق گەپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيمەن.

ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر ئەپەندى!

قانداقلا بولمىسۇن سىز بۇ دەرىجىدىكى نامرات ئەمەسسىز. سىز دۆلەت كادىرى ـ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنۇۋانىڭىز دوتسېنت. ھەر ئايدا تېگىپ تۇرىدىغان مۇقىم مائاشىڭىز بار، باشقا تەمىنات،كىرىملىرىڭىزمۇ بولۇشى مۇمكىن.«ئۆي كۆچۈش ۋە ئادەمدىكى ئېلاستىكلىق» دېگەن ئەبجەش خاتىرىڭىزدە: يېقىندا ئۆي كۆچكەنلىكىڭىزنى، بۇنىڭ ئۆي تۇتقان 12 يىلدىن بۇيانقى تۆتىنچى قېتىم ئۆي كۆچۈش ئىكەنلىكىنى دەپسىز. ئاتۇشلۇق بىر ئۆلىما بىر قېتىم: «بۇ دۇنيا خۇددى بىر بازارغا ئوخشايدۇ. بازاردىكى ئادەملەر دەسمايىسىگە لايىق دەسسەيدۇ» دېگەنىدى. ئەگەر ئاز-تولا دەسمايىڭىزبولمىسا يالقۇن روزىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «يۈكسەك ئاپتونومىيە» گىزنى 12 يىلدا تۆت قېتىم ئالماشتۇرالمايتتىڭىز.بېزىلاردا«ئاپتونومىيە» سىنى بىر قېتىممۇ ئالماشتۇرالماي گۆردىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك ئاپتونومىيىسىگە كېتىپ قالىدىغانلار كۆرۈمىلىك.يەنە تېخى ئۆمۈر بويى ئۆز «ئاپتونومىيە» سىنى قۇرالماي،سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇيەردە مەن سىزنى نامرات ئەمەس،باي،باي بولغاچقا تۆت قېتىم ئۆي ئالغان گەپ، نامراتلىق ھەققىدىكى بايانلىرى يالغان دېمەكچى ئەمەس. بىرچاغلاردا:

ئاشپەزنىڭمۇ دەردى بار،
شوپۇرنىڭمۇ دەردى بار،
دېھقاننىڭمۇ دەردى بار،
كادىرنىڭمۇ دەردى بار،

. . .

بۇ جاھاننى ئاختۇرساڭ
دەردى يوقلار نەدەبار؟

دەيدىغان بىر قوشاق چىققانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ھەقىقىي نامراتلاردا يوق ئىكەنلىكى راست، بىراق قول ئىلكىدە ئوبدانلا بار بىرەر ئاغىنىڭىزدىن پۇل سورىسىڭىز، سىزدىن ئۆتە دەرد ئېيتىدۇ. شۇنداق، نامراتلىقمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ھەربىر نامرات نامراتلىقنىڭ دەردىنى ئۆزىلا بىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھاجەت-تەلەپلىرى ئۇنىڭ ياشاۋاتقان مۇھىت-شارائىتىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا نامراتلىق دېھقانلارنىڭ تەبىقىسىدىلا مەۋجۇد بوپقالماستىن، باشقا تەبىقىلەردىمۇ،جۈملىدىن كادىرلار تەبىقىسىدىمۇ،بولۇپمۇ ھازىرقى شارائىتتا بىرەر مەنسەپ ياكى مەنسەپدارنىڭ پېشىنى تۇتالمىغان كادىرلاردىمۇ مەۋجۇد. دېھقانلار يەرگە تايىنىپ جان باققاندەك، كادىرلار ئايلىق مائاشىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. ئەشۇ مائاشىنىڭ ۋاقتىدا تەگمىكى بىر گەپ، ھەرخىل ناملاردىكى تۇتۇپ قېلىنىش خەۋپىدىنمۇ خالىي ئەمەس. يەنە تېخى بۇ سوتسىيالىزمچە مائاشلارنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان كاپىتالىزمچە ئىستېماللارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىقى تەس. بۇ ھال سىز ئېيتقاندەك، مەنسەپسىز كادىرلارنى ئۆلچەملىك پرولېتارىياتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

«ئۆي كۆچۈش ۋە ئادەمدىكى ئېلاستىكلىق» دېگەن ئەبجەش خاتىرىڭىزدە: «مەن ھەرقېتىم ئۆي كۆچكەندە بىرمۇنچە ئىقتىسادتىن ئايرىلدىم» دەپسىز. ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە. بولمىسا «ئۆيدىن ئۆيگە كۆچسەڭ موزايلىق ئىنەككە زىيان» دەپ بىكار ئېيتاتتىمۇ؟ خوش، ئەشۇ زىيان بولىدىغان موزايلىق ئىنەك ئۆزىڭىزنىڭ بولسىغۇ بىر نۆۋرى، لېكىن ئۇنى باشقىلاردىن ۋاقتىنچە سېغىپ ئىچىشكە سوراپ ئالغان بولسىڭىزچۇ؟ ئۇ چاغدا «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك ئىش بولىدۇ. كەمبەغەللىك شەرەپ چاغلاردا گەرچە كىشىلەر قورسىقىنى ئاران بېقىۋاتقان بولسىمۇ، قەرزدارلار ئاز ئىدى. ھازىرقى بايلىشىش دەۋرىدە ھېلىقى چاغلاردا يېڭى شىملارنىڭ كاسا،تىزلىرىغا ياماق سېلىپ كىيىش مودا بولغاندەك، ئەمدى قەرزدار بولۇش مودىغا ئايلاندىمۇ ـ قانداق؟ كۆزىتىدىغان بولسىڭىز، دىرېكتوردىن تارتىپ مەندەك نامرات دېھقانغىچە نۇرغۇن كىشى قەرزدار. كادىرلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. سىزگە ئوخشاش مائاشقا تايىنىپ جان باقىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كادىرلار تەبىقىسىدىكى قەرزدار. دېھقانلار يەرگە ئىشىنىپ قەرزدار بولغاندەك، كادىرلار مائاشقا ئىشىنىپ قەرزدار بولىدۇ. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ھەرئىككىلىسى قەرزدار بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

30 يىلغا يېقىن باي بولۇشنى جىنايەت ،كەمبەغەل بولۇشنى شەرەپ دەپ تەشەببۇس قىلغان جۇڭگو(بۇنداق تەتۈرلۈك دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تېپىلماس) مۇقامىنى ئۆزگەرتكەن 20نەچچە يىلدىن بېرى كۆرمىگەنلەر تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، باي بولدى. ھېلىھەم ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا:ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا، ئىلگىرىلىمەكتە... دەپ تەرىپلەنمەكتە. پېقىرغىمۇ ئۈرۈمچىنىڭ ئۆيېقىنى كۆرۈش ھازىرغىچە نېسىپ بولمىدى. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئازتولا چۈشەنگەن بىلەن ئىچكىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرگەنلەرنىڭ سۆزىدىن، گېزىت-ژۇرنال،رادىئو-تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدىن ھېس قىلىمەن. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى «ئۇچقاندەك» دەپ تەرىپلەش ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلغانلىق، لاپ ئۇرغانلىق بولمايدىكەن. ئەمدى جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىگە جايلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قانداق ئاتىساق بولار؟ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات تېزلىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىيات تېزلىكىنى ئۇچقاندەك دېمەي، ئۆمىلىگەندەك دېسەك كەمسۇندۇرغانلىق،مەسخىرە قىلغانلىق بولماس. ئەشۇ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بېيىغان ۋە تېخىمۇ بېيىش يولىنى ئىگىلىگەن سودا-سانائەتچىلەر ئاپتونوم رايونىمىزغا مەبلەغ سېلىپ، تۈرلۈك كارخانا-شىركەتلەرنى قۇردى، قۇرماقتا. ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك سانائىتى تەرەققىي قىلمىغان، تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئاستا قەدەمدە ئىلگىرىلەۋاتقان بىزلەر ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرىغا ـ ئىشلەپچىقارغان تاۋارلىرىنىڭ ئاكتىپ ئىستېمالچىلىرىغا ئايلىنىپ قالدۇق. دېمەك، بىزنىڭ سوتسىيالىزمچە ئىش ھەققىلىرىمىز ئەشۇ كارخانىچىلارنىڭ چۆنتىكىنى تومپايتماقتا. شۇنداقكەن، سىزنىڭ ئۆلچەملىك پرولېتارىيات بولۇشىڭىز تۇرغان گەپ-دە. بۇھال ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈرۈمچىگە ئوخشاش چوڭ شەھەرلىرىدە تېخىمۇ

گەۋدىلىك.

سىز مەندىن ياخشىراق بىلىشىڭىز مۇمكىن ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر ئەپەندى، نامرات دېگەننىڭ زاغرا تىلىدىكى مەنىسى — يوقسۇل، سوتسىيالىزمچە ئاتىلىشى — كەمبەغەل،ماركسىزمچە نامى — پورولېتارىيات،نامراتلارنىڭ بىزدىكى ئومۇملاشقان كەمسىتىلىش ناملىرى — گاداي، دېۋانە،قەلەندەر،ئابدال... ئادەملەر قاچاندىن تارتىپ باي،كەمبەغەل دەپ ئىككىگە ئايرىلغان؟ نېمە ئۈچۈن بايلار ئەزىز ،كەمبەغەللەر خار؟ بايلار ئالاھىدە، كەمبەغەللەر ئاددىي؟ كەمبەغەللەر كەمسىتىلىدۇ، بايلار ھۆرمەتلىنىدۇ؟ بۇھال قاچانغىچە داۋاملىشار؟

تارىخ كىتابلىرىدىن ئوقۇشۇمچە، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قەبىلە باشلىقلىرى ئىش تەقسىماتى ۋە ئولجا-نېمەتلەر تەقسىماتىدا ئادالەتسىزلىك قىلىپ ئۆزىنگە، ئۆز يېقىنلىرىغا يان باسقان، ئەزەلدىن قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى مۇقەددەس بىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر بۇنىڭغا غىڭ قىلالمىغان. شۇنداق قىلىپ، قەبىلە باشلىقى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى باي، باشقىلار كەمبەغەل بولۇشقا باشلىغان ھەم ئاستا-ئاستا ئەشۇ بايلار ئەزگۈچى(قۇلدار) ،كەمبەغەللەر ئېزىلگۈچى (قۇل) بولۇشتەك ئىككى قۇتۇپ(سىنىپ) شەكىللەنگەن.

مەن يەنە ئوقۇغۇچى چاغلىرىمدا ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ ئاغزىدىن: بىز ھازىر ئېزىش-ئېزىلىش مەۋجۇد بولمىغان سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ياشاۋاتىمىز.بىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز كوممۇنىزم قۇرۇش. كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە باي-كەمبەغەللىك،يۇقىرى-تۆۋەنلىك پەرقى بولمايدۇ. ھەممىلا ئادەم ھەممىلا نەرسىدىن تەڭ بەھرىلىنىپ باراۋەر ياشايدۇ دېگەن گەپلەرنى تولا ئاڭلايتتىم. شۇچاغلاردا كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق قۇرۇلسا بولاتتى، دەپ تەشنا بولاتتىم. ھازىرمۇ شۇنداق بىر جەمئىيەتكە ئېرىشىش ئىستىكىم بەربات بولغىنى يوق. ئەمما يېقىندىن بېرى باي بولۇشنىڭ گېپىلا بولۇپ، كوممۇنىزم ھەققىدىكى گەپلەر بولماي قالغانسېرى كۆڭلۈم يېرىم بولۇدىغان بوپقالدى. مۇنداق قارىماققا ھازىر كوممۇنىزمغا يېتىش شوئارلىرىنىڭ ئورنىنى باي بولۇش شوئارلىرى ئىگىلىۋالغاندەك قىلىدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىدا پەيدا بولغان ئىگىلىۋېلىش، مەھرۇم قالدۇرۇش خاھىشى،باي-كەمبەغەللىك پەرقى ئىنسانلار ئەقىل-پاراستىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان، كېڭەيگەن،زورايغانكى، ھەرگىزمۇ يىمىرىلمىگەن، ئاخىرلاشمىغان. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مەۋجۇدلا بولۇدىكەن، بۇ تەڭسىزلىكمۇ بىللە مەۋجۇد بولۇۋېرىدىغان ئوخشايدۇ. مەيلى ئۆتمۈشكە نەزەر سېلىڭ ياكى بۈگۈنگە، كۆرۈنىدىغىنى: كۈچلۈكلەر(بۇيەردە دېيىلىۋاتقان كۈچلۈك ھەرگىزمۇ جىسمانىيىتى كۈچلۈكلەرنى كۆرسەتمەيدۇ) نىڭ باي، ئاجىزلارنىڭ نامرات؛ ئەمەلدارلارنىڭ باي، مېھنەتكەش ئاۋامنىڭ نامرات؛ساختىپەزلەرنىڭ باي، سادىلارنىڭ نامرات... ئىكەنلىكى.شۇڭا ئۆزۈمچە شۇنداق خۇلاسە چىقىرىپمۇ قالىمەن: سادىلار بولمىسا ساختىپەزلەر بېيىيالمايدۇ، خىزمەتچىلەر بولمىسا ئەمەلدارلار باي بولالمايدۇ، كەمبەغەللەر بايلارنىڭ باي بولۇشىدىكى بىرخىل قورال. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان بايلاردا نامراتلارنىڭ ھەققى بار! مەن دىنىي كىتابلاردىن ئاللانىڭ: «دۇنيادىكى بارلىق نېمەتلەرنى بەندىلىرىمنىڭ تەڭ بەھرىلىنىشى ئۈچۈن ياراتتىم» دېگەنلىكىنى، قانۇن — نىزاملاردىن «ھەممە تەڭ بەھرىلىنىش، ھەرخىل يوللار بىلەن بىر - بىرىنىڭ رىسقىغا چاڭ سالماسلىق — ھەققىنى ئىگىلىۋالماسلىق كېرەك...» دېگەن بەلگىلىمىلەرنى ئوقۇغاندىم. لېكىن ئاللانىڭ پەرمانىغا، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنىغا پەرۋا قىلمايدىغان بىر قىسىم مەككار، تويىمسىزلارلا ئاللا ئۆزلىرىگە ئاتىغان نېمەتلەرگە قانائەت قىلماي، باشقىلار (كەمبەغەل — ئاجىزلار)نىڭ ھەققىنىمۇ ھەرخىل ۋاسىتىلار بىلەن ئىگىلىۋالىدۇ. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئەنگلىيە ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىگە ئىشىنىپ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان. ئەپيۇندىن ئىبارەت زەھەرنى تېڭىش ھېسابىغا جۇڭگونىڭ ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە باشقا قىممەتلىك بايلىقلىرىنى پاراخوت-پاراخوتلاپ توشۇپ ئەكەتكەن. ياپونىيىمۇ 1937-يىلى جۇڭگوغا كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئەسكىلىكلەرنى قىلغان؛ مىليونلىغان بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرىپ تاشلىغان، يۇرت-ماكانلارنى خانىۋەيران قىلغان، قىز-ئاياللارنى ھايۋانلارچە ئاياغئاستى قىلغان، مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ-تالىغان،ئانىسىنىڭ ھەققى باردەك زېمىنىمىزنى بېسىۋالغىنى ئاز كەلگەندەك، ھەرخىل بايلىقلىرىمىزنى يەنە بىرنېمىسىنىڭ ھەققى باردەك يۆتكەپ كەتكەن. ئەگەر شۇچاغلاردا ئەنگلىيە،ياپونىيەلەر باي — كۈچلۈك، جۇڭگو نامرات — ئاجىز بولمىغان بولسا بۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى مەغلۇب بولۇپ ،جۇڭگو زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھازىرمۇ يەنىلا دۇنيادىكى باي دۆلەتلەر. ئۇلارنىڭ بايلىقىدا جۇڭگونىڭ ھەققى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ قوغلانغانلىقتىن( بەلكىم ئىنسانلارنىڭ نەپسىگە بېرىلىشى شۇنىڭدىن باشلانغان بولسا كېرەك) ،جەننەتتىن قوغلانغاندا ھېچقانداق مال-بىساتى بولمىغان ئادەمئاتىنىڭ كېيىنكى پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا بايلىققا ئىنتىلىش،پۇلغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى قاچانلاردا پەيدا بوپتىكىن؟ ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر دۇنيادا باشقا ئىشلارنى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك پۇل تېپىش،باي بولۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ كەتتى. پۇل تاپقان،باي بولغانلار ئەقىللىق، بىلەرمەن،ھۆرمەتلىك،ئالاھىدە ھېسابلىنىدىغان؛ پۇل تېپىش — باي بولۇشتىن باشقا ئىشلارنى ئويلىغانلار (قىلغانلار) ئەخمەق، كالۋا،ئاددىي سانىلىدىغان ھەتتا كەمسىتىلىدىغان تەتۈرلۈك كېلىپ چىقتى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بىز نامرات زىيالىيلار ئۆزىمىزنى تۆۋەن چاغلىساق، ئاددىيلىقىمىزدىن ئاغرىنساق زادىلا بولمايدۇ. چەتئەللىك قايسىبىر ئۆلۈغنىڭ: «بىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىمىز — دەل بىزنىڭ ئاددىيلىقىمىزدا» دېگەن بىرجۈملە سۆزى يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز ئاغرىنىپ ئېيتقاندەك،پرولېتارىيات،ئاددىي ئادەم بولمىغان بولسىڭىز كۆپچىلىكىمىزگە تونۇش بۈگۈنكى ئابدۇقادىر جالالىدىن بولالماسلىقىڭىز مۇمكىن ئىدى. ئەتراپىمىزدا پۇل تاپقان، ھوقۇق تۇتقان،باي بولغان«ئالاھىدە ئادەم»لەر سامان نەرخى. ئۇلارپەقەت ئۆزلىرىتۇرۇشلۇق دائىرىدىلا «ئالاھىدە ئادەم»، يەنە تېخى بەزىلىرى ئۆزىگە ئۆزىلا «ئالاھىدە ئادەم» .

ئاتۇشلۇق بىر مىليونېرنىڭ نامىنى قەشقەرلىكلەر بىلمەسلىكى، بۇناھىيىدە ھاكىملىق قىلىۋاتقان ئەمەلدارنى ئۇناھىيىدە ئۇقماسلىقى مۇمكىن. بولمىسا ئۇلار ئۆز يۇرتىدا پىكاپىنىڭ ئالدىدا، تۆرنىڭ بېشىدا كېرىلىپ ئولتۇرۇدىغان «ئالاھىدە ئادەملەر».

جوڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئەدىبى سىماچيەن: «بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىرت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ» دېگەنىكەن. ھاياتمۇ شۇنداق. بەزىلەرنىڭ ھاياتى مازار تاغلاردەك قەدىرلىك بولسا، بەزىلەرنىڭ توزىغان توزغاقتەك قەدىرسىز بولىدۇ. قەدىرلىك ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزەلمىگەن ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ بىر شائىرىمىز بۇھەقتە:

«بەزىلەر ئۆلگەن تامان گەرچە ھايات بولسىمۇ،
بەزىلەر ھايات هامان گەرچە ئۆلگەن بولسىمۇ.»

دەپ يازغانىدى. بۇنىڭدىن 300نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن بابارەھىم مەشرەپ ھازىرمۇ ئەل ئارىسىدا «ھەزرىتى شاھ مەشرەپ» نامى بىلەن ياشىماقتا، ئىش-پائالىيەتلىرى، ئىسيانكار شېئىرلىرى مەتبۇئاتلاردا تەھلىل-تەتقىق قىلىنماقتا، چاقنىماقتا. شېئىرلىرى مۇقاملىرىمىزدا ياڭرىماقتا (مۇھەررىردىن). مەشرەپ ئۆمرىنى جاھانكەزدىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر نامرات.ئۇ، زامانىسىدىكى «ئالاھىدە ئادەم» لەر تەرىپىدىن تەقىپ قىلىنىش، بوھتان چاپلىنىش، سۈرگۈن قىلىنىش، ئاختا قىلىنىش... قا ئوخشاش خورلۇقلارنى تارتقان ۋە ئاخىرىدا دارغا ئېسىلىپ قەتل قىلىنغان... مەشرەپنى مەشرەپ قىلغان ۋە ھازىرغىچە ياشنىتىۋاتقان دەل ئۇنىڭ شوخىل مەشرەپچە روھى بىلەن شېئىرلىرى.

مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) نىڭ نامىنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇرلار ئاز. ئۇمۇ قانداقتۇر غايەت زور بايلىقى بىلەن ئەمەس، ئىلكىدە ھېچقانچە ئىقتىسادى يوق تۇرۇپمۇ ئاتۇشتا يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇپ، مەكتەپ ئېچىپ خەلقنى غەپلەتتىن ئويغاتقانلىقى ۋە بۇيولدا قۇربان بولغانلىقىدەك تەۋپىق روھى بىلەن مەڭگۈ ئۆلمەستۇر!

ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر ئەپەندى، ئويلاپ باقسام، نامراتلىق كۆپلىگەن زىيالىيلارنىڭ ھاياتىغا باغلانغان قىسمەت ئىكەن. ئۆمرىدە 1023خىل كەشپىيات يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان ئامېرىكا ئالىمى ئېدىسون ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى موھتاجلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتىكەن. پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى، كوممۇنىزم ۋە ماركسىزمنىڭ ئىجادچىسى كارل ماركسمۇ ئىقتىسادشۇناسلىققا ئائىت كاتتا ئەسىرى «كاپىتال» نى بىرپارچە بولكىغا زار ھالەتتە يازغانىكەن. بۇ«قىزىل ئىنقىلابچى» نىغۇ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قوينىغا ئېلىپ، كاتتا كاپىتالىست ئېنگلىس دوست بولۇپ خارۇ-زارلىقتىن قۇتقۇزغانىكەن. لېكىن بىزدىكى نامرات زىيالىيلارغا كىم مەردلىك بىلەن ئىلتىپات كۆرسىتەر؟

مەن مەملىكەت ئىچىدە تونۇلغان بىر ئىجتىمائىي پەنلەر دوكتورىمىزنىڭ بىر پارچە كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇشقا ئىقتىسادى يار بەرمەي، قولىيازمىسىنى نەشرىيات سودىگەرلىرىگە سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى؛ياۋروپادا ئوقۇپ دوكتور ئاشتى بولغان، چەت ئەلنىڭ باياشات تۇرمۇش ئاتا قىلىپ ئېلىپ قېلىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان يەنە بىر زىيالىينىڭ ھازىر غورىگىل تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانمەن. يەنە دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن «مىجىتقەلەم» نىڭ ئىجادچىسى مىجىت ئەمەتخان ئاكىنىڭ ئەشۇ كەشپىياتىنىڭ پاتېنت ئىلتىماسىنى تەستىقلىتىش جەريانىدا نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلغانلىقىنى، ھەتتا شىنجاڭغا قايتقۇدەك پۇلى قالماي، بېيجىڭ كوچىلىرىدا سارغىيىپ يۈرگەنلىكىنى؛ ئىككى قېتىم دۇنيا جىنىنىس رېكورتى ياراتقان «تەڭرىتاغ ئوغلانى» جورئەت ئوبۇلقاسىمنىڭ مۇشۇ رېكورتنى يارىتىش ئۈچۈن پۇلى (مەبلىغى) يېتىشمەي، ئۆرۈمچىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك، بولاقبېشى بازارلىرىدا سائىللاردەك خورجۇن كۆتۈرۈپ، ساپايى سوقۇپ ئىئانە توپلىغانلىقىنى... ئوقۇغانىدىم. «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭمۇ چاڭجياڭ دەرياسىدىكى ئۈچ بوغۇز (سەنشيا بوغۇزى) ئۈستىدىن پولات ئارغان بىلەن ئۆتۈپ، دۇنيا جىنىنىس رېكورتى يارىتىش ۋاقتىدا قانچىلىك ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكى بىزگە سىر ئەمەس. ئەگەر مۇشۇ زىيالىي، چولپانلار چەت ئەللەردە ياكى ئىچكى ئۆلكىلەردە بولغان بولسا، ئەھۋال بۇيەردىكىدىن باشقىچە بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ھازىر شىنجاڭچە سوتسىيالىزمچىلىقتا بۇنداق ئىشلار كۆپ ئۇچراپ تۇرغاچقىمىكىن، بىزنى ئانچە ھەيران قالدۇرماس، ئەپسۇسلاندۇرماس بوپقالدى.

رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۇھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم ئەپەندىمىز: «ھەقىقىي بايلىق – روھىي بايلىقتۇر» دېگەنىدى. ئاللا بەندىلىرىگە بايلىق تەقسىم قىلغاندا بەزىلەرگە ماددىي بايلىقنى، بەزىلەرگە روھىي (مەنىۋى) بايلىقنى بەرگەنىكەن ۋە «ئۆزۈم يېقىن كۆرگەن بەندىلىرىمگە روھىي بايلىقنى بەردىم» دەپتىكەن. ئېسىل پىكاپى، كاتتا ئۆي-ئىمارىتى بار بايلارنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىڭىزدە كۆزىڭىزگە بىرەر تال بولسىمۇ كىتاب – ژۇرنال چېلىقمايدۇ-دە، بۇنداق باي بولغىچە گادايلىقىم ياخشىكەن، دەپمۇ قالىسىز. لېكىن تائام بولمىسا گەپ بىلەن قورساقنى تويغۇزغىلى بولمايدۇ. بۇ، زىيالىي نامراتلاردىكى ئورتاق قايغۇ. بايلار مول نازۇ-نېمەتلەردىن تويسا، نامراتلار نامراتلىقتىن تويىدۇ. بايلار توقلۇقتىن سېمىز كېكىرگەندە، نامراتلار يوقلۇقتىن ئەسنەيدۇ. بايلار پاراغەتتىن قورساق سالىدۇ، ئايالالار ئەرلەردىن بويىدا قېلىپ قورساق سالىدۇ. زىيالىي نامراتلارچۇ؟ ئۇلار دەردتىن قورساق سالىدۇ. ئايالالار توققۇز ئاي توققۇز كۈندە تۇغۇپ يەڭگىدۇ. دەرد «ھامىلدار» قىلغان زىيالىيلار تۇغالماي ئۆزىنىمۇ، «ھامىلىسى» نىمۇ تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ناۋادا باينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋال ئېيتسىڭىز ئۇنىڭ سىزگە بېرىدىغىنى ئاچقان يەرگە تېگىدىغان ئەمەلىي نەپ بۇيۇمى (پۇل) بولماستىن، تاپا-تەنە، مەسخىرە-مەممەدانىلىق ئارىلاشقان قۇرۇق ئۆگىتىمچىلىك بولىدۇ. نامراتنىڭ نامراتقا بېرىدىغىنى نېمە بولىدۇ؟ ئىلاجىسىزلىق تىت-تىت قىلغان نامراتنىڭ سىزگە بېرەلەيدىغىنى پەقەت سەمىمىيەت سۆيى بىلەن سۇغۇرۇلغان تەسەللىيدىن ئىبارەت بولىدۇ. گېزى كەلگەندە بۇنداق ياردەم كىشىگە ئوبدان ئوزۇقمۇ بوپقالىدۇ.

---

ئاپتور: دېھقان (M1)



# بىز كىمدىن يامانلايمىز؟!

**مەھمۇت مۇھەممەدى**

ئادەم بالىسىنى زامان ئۆستۈرىدۇ. كىم ئەيىبلىك بولسا،
ئۇنىڭ زامانداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئەيىبلىك.

— ئاباي قۇنانباي

مەن كىچىكىمدىلا ئاتا-ئانىلار ۋە چوڭلارنىڭ جاپاكەش لېكىن قانائەتچانلىقىدىن، ھەسەتخور لېكىن ئېتىقادسىزلىقىدىن، چىراغ ياقماي قاراڭغۇنى تىللاپ، يول ياسىماي ئېشەكنى قاغايدىغانلىقىدىن ھەيران بولاتتىم. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە مەنمۇ ئاتا-ئانىلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان بولساممۇ، ھەيرانلىقىم تۈگىمەي، تۇرغان يەردە مەڭدەپ تۇرۇپ قالىدىغان ھاڭۋاقتى بوپقالغىنىمنى سېزىۋاتىمەن.

ئاتا-ئانا دېگەن ئۇقۇمنى كىشىلەر يەر-ئۇرۇق دەپمۇ ئىپادە قىلىشىدۇ. بەزىلەر يەرنى تاللاش كېرەك دېسە، بەزىلەر ئۇرۇق ياخشى بولمىسا بىكار، دەيدۇ. بالا تېپىش ئىنساندىن مەدەنىيەت-سەۋىيە، ئۇنۋان-دىپلوم، نەسەب-ئىمتىياز ۋە ئەقىل-تېخنىكا تەلەپ قىلمىغانلىقتىن، ئۇمۇمىي جانلىققا ئىرسىيەت بويىچە ئەڭ تەبىئىي ۋەزىپىنى ھەركىم بىمالال ئورۇنلاۋېرىدۇ. لېكىن بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنى كىشىلىك دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي مۇھىتقا لايىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش بالا تاپقان ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا دانىشمەن ئاتا-بوۋىلىرىمىز «ھايۋان تۇياقتىن، ئادەم قۇلاقتىن» دېگەن ئىلمىي يەكۈنى ئارقىلىق بالىنىڭ ئادەم بولۇشى تۇغما ئىقتىدارىدىن ئەمەس، تەربىيىلەشتىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن بولسا، كەشپىيات شاھى ئېدىسون مەكتەپتە ئاران ئۈچ ئاي ئوقۇپ، بىر ئۆمۈر تىرىشىپ تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن كەشپىياتلىرىدىن «تالانت ئىككى پىرسەنت تۇغما قابىلىيەت، 98 پىرسەنت تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. بۇ توغرىدا نۇرغۇن مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە بالا تەربىيىلەشنى ئۈستىگە ئالغان ئاتا-ئانا، ئۇستاز ۋە رېئال مۇھىتنىڭ ئۆز ئارا قولاشمايدىغانلىقى نەتىجىسىدە، بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى، قىزىقىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ ئادەم تەربىيىلەشنىڭ ئورنىغا، ئەبەدىي چىقىلمايدىغان «تۆمۈر تاۋاق» - دۆلەت شىتاتىغا ئۆتۈۋېلىشنى بەختلىك ياشاشنىڭ ئۆلچىمى، دەپ قاراپ ماڭاشقا ئادەتلەنگەنلەر بالىلىرىنى پەقەت مائاشلىق قىلىش ئۈچۈنلا ئوقۇتىدۇ. دېھقان ۋە ئۆزكۈننى ئۆزى ئالىدىغانلار بولسا، بالىلىرىغا كەتمەن چېپىش، مەدىكارچىلىق قىلىشتىن باشقا ھېچبىر چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئەنە شۇنداق رەھىمسىز رىقابەتكە دۇچ كەلگەن گۆدەكلەرنى پاراسەتسىز، بەزىلەتسىز، كىشىلىك ھەققى ۋە ئۆزىنىڭ ھەققى، بۇرچىنى تونۇمايدىغان، رىقابەت ئېڭى تۇۋەن، بىلىمسە تۇرالمايدىغان، بېلىنمىسە ماڭالمايدىغان روھىي زەئىپلىكىمىزنى دورىمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟! ئەمدى كېلىپ، شاھانە ماركىسى بار چوڭ زاۋۇتلار پۈتكۈل قول سانائەتكە خاتىمە بېرىپ، كىشىلەرنىڭ يەككە ھالدا ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇشنى، ھۈنەر-سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەبىئىي ھالدا چەتكە قاققاچقا، رىقابەتتە يېڭىلىپ، بىلىدىغان ھۈنىرىنى ئىشلىتەلمەي، يەر تېرىش، مال بېقىش ۋە ئېلىپ سېتىشتىن باشقىسىنى قىلىشقا چامى يەتمەي گاڭگىراپ قالغان بەزى ئاتا-ئانىلىرىمىز، ئۇستاز ۋە جەمئىيەتنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا ئىنتىنها ساقلاپ تۇرغان گۆدەك پەرزەنتلىرىنى: «ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرسە بەرىبىر ئورۇنلىشالماي تالادا قالىدۇ» دەپ مەكتەپكە بەرمەي، «زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ» دەپ ھۈنەرگە شاگىرتمۇ بەرمەي، ئۇلارغا ياشاش يولى تېپىپ بېرەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار بىلىپ-بىلمەي يانچۇقچى - ئوغرىغا، ھاراقكەش - بەڭگىگە، قىمارۋاز -خرورۇئىنچىغا، پاھىشۋاز، قاتىلغا شاگىرت بوپقالغانلىقتىن، بۇنداق ياشلاردىن كۆز ئالدىمىزدا قىسقىغىنا - بىرنەچچە يىللىق زامانىۋى يانچۇقچى، پۇل تۆلەپ ئاقلىنىدىغان قاتىل، نىكاھ تۈزۈمىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان زىناخور، تاپىنى چىققاندا «تەڭشىلىپ قالىدۇ» دەيدىغان ھاراقكەش، تاپقىنىنى خروئىنغا ئۆلگۈرمەيدىغان بۇلاڭچى، ھالال تاماق يەپ باقمىغان قىمارۋاز، تۇرمۇشنى «ئادەم-ئادەمنى بوزەك قىلىش» دەپ چۈشىنىدىغان جازانىخور، ھەتتا قېرىنداشلىرىنىمۇ ئوكىدا قويىدىغان قويمىچى، كالامۇشەرىفنىڭ ۋارىقىدا موخوركا ئوراپ چېكىدىغان ساۋاتسىز، «ھىندىنىڭ ئېتىنى سوغىرىپ پۇلىنى ئال» دېيدىغان غالچا، ھەسەلگە ياكىيۇ، لازىغا كېپەك، سۈتكە سۇ، قىچا يېغىغا ئاپىئول ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىغان كاززاپ، ئاتا-ئانىسىنى بېقىپ چوڭ قىلغانغا تويغۇزۇۋېتىدىغان نائەھلى، مېڭىسى ئىشرەت ناخشىلىرى ئېلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىسى، بويى

مەرىكەتچان كىيىم ئاسقۇچ، ئاشقازىنى ئۈزۈنسۈپەرسال لۇغۇت زاۋزۇتى بولغان پاك زېمىنغا نىجىس يۇك (مۇھەررىردىن) ئاتەملىلەر كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

دۆڭگاتىل، ئېلېكترونلىدىن ھالقىپ، نۇر دەۋرى باشلانغان، ئىلىم-پەن راۋاجلانغان بۈگۈنكى پەن-تېخنىكا تەرەققىيات دۇنياسىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ياش ئەۋلادلىرىنىڭ رەھىمسىز رىقابەتكە ماسلىشالماي گاڭگىراپ، ھەتتا چۈشكۈنلىشىش يولىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى: سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ «جاھالەت پىرلىرى» بولمىش سوپى - ئىشانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانلىقىدىن، دەپ تارىخىي نۇقتىدىن ئىزاھلاشسا، بەزىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن بىز تەرەققىي قىلالمىغان دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر ئىسلام دىنىنى چۈشەنمىگەنلىكىمىز بولغان دېيىشسە، بەزىلەر ئىسلام دىنىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمىزدىن رېئاللىقىمىزدا ھازىرقىدەك ئەخلاقسىز قىلمىشلار ، روھىي ئاسىيلىقلار يۈز بەرمەكتە، دېيىشىدۇ. بەزىلەر ئىقتىسادىي ئورنىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، مائارىپىمىزنىڭ تەرەققىياتقا ماسلىشالماسلىقى، ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ بالا تەربىيىلەش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن سەۋەب ئىزدەشسە، بەزىلەر پسىخىك ئاجىزلىقلىرىمىزدىن، نادانلىقىمىزدىن ئىزلەيدۇ. بەزىلەر: بىز ئەزەلدىن ئوسال خەق، كۆرۈۋاتقىنىمىز بىزگە ھەق، دېيىشسە، يەنە بەزىلەر: بىز ئەزەلدىن مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىدۇق، دەپ رەددىيە بېرىشىدۇ.

..

مېنىڭچە، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار، ئەمما مەن قايسىسىنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەب ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمايمەن. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇخىل ئىزدىنىش بىر قۇتلۇق ئىش. قارىشىمچە، مەسىلىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلىرىمۇ باردۇ، دەپ ئويلايمەن.

دۇنيادىكى ھەرقانداق ھادىسە - ۋەقەلەرنىڭ ، جىنايى رەزىللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە سەۋەبى بولىدۇ. ئەشۇ مەنبەلىك سەۋەبنى تېپىپ چىقىپ يوقىتىلىق تۈزەتمىسە، كۆزدىدەك ئۈستىنى ئورۇپ، ئاستىنى قالدۇرماي پىياز كولىغاندەك كولاپ ئېلىۋەتمىسە، جىنايەت دېگەن خۇددى ئانىلىق تۇخۇم مۆجەيرىسىدەك بىرسى ئىككى، ئىككىسى تۆت، تۆتى سەككىز نىسبەت بويىچە كۆپىيىپ، ئاۋۇلم خەلقە ۋە ساقچىلارغا ئاپەت ۋە بېسىم پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلارنىمۇ شۇ نىسبەت بويىچە كۆپەيتىشكە توغرا كېلىپلا قالماستىن، خەلقىمۇ جىنايەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانىنىڭ ئۈستىگە، دەۋا ھەققى تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ، قوش زىيان تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە پۇلنىڭ ئالدىدا بىلىم-ئىقتىدار، ئەخلاق-پەزىلەت، ئىنساب -دىيانەت، ۋاپا-مۇرۇۋۋەت ۋە خەلق ئۈچۈن، دېگەنلەر خۇددى تۈنۈگۈنكى كىنو بېلىتىدەك بازارغا ئاقمايدىغان بوپقالغىلى تۇردى. گەرچە بىزنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىمىز دۇنيادىكى ئەڭ مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈم بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئىلگىرىكى فېئوداللىق قانۇن-تۈزۈمدىن كۆپ ئىلغار ھەم مۇكەممەل. بىزگە دىنىي ئەقىدىلەرنى، مۆئمىنلىكنى، ئەدەب-ئەخلاق، ئادىمىيلىكنى سۆزلەپ تۇرىدىغان ئاتا-ئانىلىرىمىز، موللا-تەقۋالىرىمىز، بىزگە ئىككى مەدەنىيەتنى، ئىككى خىل مائارىپنى، ئىسلاھات، تەرەققىياتنى كۈندە چۈشەندۈرۈپ تۇرىدىغان يۈزلەپ نەشرىيات، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بار. دۇنيادىكى ھەممە ئىجابىي ئىبارىلەرنى ئىشقا سېلىپ بىز سۆزلەيمىز، ئەمەلدە بولسا، ئىنسان تەبىئىتى كۆتۈرمەيدىغان ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىز قىلىمىز.

ئۇنى تەرەققىيات يولىمىزدىكى گەخلەت ۋاگوندەك ئارقىمىزغا چېتىپ ماڭىۋېرىمىز. ئېسىت، بىزگە ھەقنى تونۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ئايەت، ھەدىس، تەپسىرلەر؛ ئېسىت، ئوقۇلماي تۇرۇپلا يىرتىلىپ تۈگەيدىغان كىتاب-ژۇرنال، گېزىتلەر؛ ئېسىت، ھېسسىياتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، تۇرمۇش خاتالىرىدىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ھېكايە، پوۋېست، رومان، شېئىر-داستانلار؛ ئېسىت، ھاردۇقىمىزنى چىقىرىپ، گۈزەل ھاياتقا مەپتۇن قىلىپ تۇرغان ناخشا، مۇزىكا، مۇقاملار؛ ئېسىت، بىزگە ئاش-نان، كىيىم-كېچەك يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئارام ئالماي ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىڭ قان-تەرى؛ ئېسىت، ئۈمىد بىلەن چوڭ قىلغان بالىلىرىدىن خورلۇق تارتقان ئاتا-ئانىلار؛ ئېسىت، تەربىيىسىز تاشلىۋېتىلگەن قارغىش قېپى ئوغۇل-قىزلار؛ ئېسىت، بىھۇدە ئۆتكەن ئۆمۈر!

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىككى خىل مائارىپنى يولغا قويۇش توغرىسىدا نۇرغۇن قانۇن-تەشەببۇسلار ئېلان قىلىنغان، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە-سىياسەتلەر تۈزۈلگەن، مەكتەپ يېشىدىكى ئوقۇشسىز بالىلارنىڭ ئىسمى تولۇق تىزىملانغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار تېخىچە سىنىپ پارتىلىرىدىن تولۇق ئورۇن ئېلىپ بولالمىدى. خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، يىغىنلاردىكى داغدۇغىلىق قارارلار تۆۋەندە تولۇق ئەمەلىيلەشمەي بۇ خىزمەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالى ۋە نەتىجىسىمۇ تۈزۈك سۈرۈشتە قىلىنمىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش قىزغىنلىقى ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ مائارىپ چۈشەنچىسىدە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولمىدى. دېھقان ئاتا-ئانىلارغا گەرچە مائارىپنىڭ مۇھىملىقى، پەن-تېخنىكىنىڭ زۆرۈرلۈكى پات-پات ئاغزاكى تەكىتلەنسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئىشلەپچىقىرىش، دېھقانچىلىق پائالىيىتىدە پەن-تېخنىكىنىڭ تەمىنى تېخى تولۇق تېتىيالمىغاچقا، ئۇلاردىكى مائارىپقا بولغان گۇمان تېخىچە تولۇق تارقىلىپ كەتمىدى. دېھقانلارغا بولغان مەدەنىيەت ئاقارتىشنىڭ دائىرىسى، سەۋىيىسى، ئىزچىللىقى ھازىرقى دۇنيانىڭ ، ئەقەللىيسى ئۆز رايونىمىزنىڭ، ھەتتا شۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ كونكرېت تەلەپلىرىگىمۇ لايىقلىشالمىدى. گەرچە يېزىلاردا پات-پات ساۋات چىقىرىش كەچ كۇرسلىرى ئېچىلىپ تۇرسىمۇ، ئاخىرىدا ئېلىنىدىغان ئىمتىھانمۇ كۆز بويامچىلىقتىن خالىي بولالماي، يۇقىرىغا: «يېزىمىزدا چوڭلار مائارىپى ئومۇملاشتى، ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %98 كە يەتتى» دەپ يالغان دوكلات يوللىنىپ، «ساۋاتسىزلىقتىن خالىي ئائىلە» ، «ساۋاتسىزلىقتىن خالىي ئورۇن» بولماق ئوڭايلىشىپ كەتتى. گېپى كەلگەندە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھازىرقى تەرەققىياتنىڭ كونكرېت تەقەززاسى دېھقانلارنى «خەت تونۇيدىغان» قىلىپ قويۇشنىلا ساۋات چىقارغانلىق دەپ ھېسابلاشنىڭ ئۇچىغا چىققان ئەخمەقانىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن بۇيەردە دېھقانلارمۇ چەت ئەل تىللىرى، كومپيۇتېر، ماشىنا ھەيدەشنى بىلىشى كېرەك، دېمەكچى ئەمەس. بىر ساۋاتلىققا قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپ شۇكى، ئۇ چىقارغان شۇ ساۋاتى ئارقىلىق ئۆزى ئۈچۈن ئاز-تولا مەنپەئەت يارىتالىشى، ئۇنىڭدىن ئاز-تولا پايدىلىنالىشى كېرەك. خەت تونۇش كىتاب ئوقۇشقا تەڭ ئەمەس. كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنىپ ھەزىم قىلىش، ئوقۇغانلىرىنى تولۇق ئاڭقىرىش ئۆزىنى ساۋاتلىق دەپ قارىغان ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس.

يېزىلاردا دېھقانلارنى مەدەنىيەتلىك قىلىش داۋرىڭى كۆتۈرۈلگىلى خېلى زامانلار بوپقالدى. دېھقانلار راستىنلا مەدەنىيەت ئەھلى بولالىدىمۇ؟ توغرا، ئۇلار ھازىر تېلېۋىزور،

تېلېفون، ئۈنئالغۇ، VCD، سىنقويغۇلارنى ئىشلىتەلەيدۇ، ئەمما مۇشۇ مەدەنىيەتلىك بولغانلىقمۇ؟! بىر ئادەمنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە بولۇپ مەدەنىيەتلىك بولمىقىغا يالغۇز خۇسۇسىي تىرىشچانلىقىلا كۇپايە قىلمايدۇ، مۇھىمى بەلگىلىك مەدەنىيەت مۇھىتى بولۇشى كېرەك. ھازىر دېھقانلىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى تېخى ئۇلارنى مەدەنىيەتلىك ھالغا يۈكسەلدۈرۈشكە قادىر ئەمەس. دېھقانلارنىڭ تاھازىرغا قەدەر ئىزچىل قالاق ھالدا تۇرۇپ قېلىشى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش سالمىقىنىڭ تولىمۇ زەئىپ ئىكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىز ھەمىشە ھازىرقى ئەھۋالىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكىدىن ياخشىلىقىدىن خۇشاللىنىمىز، بۈگۈننى تۈنۈگۈنگە سېلىشتۇرۇپ ئۆزىمىزگە تەسكىن ـ تەسەللىي تاپىمىز. بىراق بۇ كىشىنى ھەقىقىي رازى قىلالمايدۇ. بىز ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى باشقىلارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن، بۈگۈنىمىزنى باشقىلارنىڭ بۈگۈنى بىلەن سېلىشتۇرۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا بىز ئۆزىمىزنىڭ ھالىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە توغرا باھا بېرەلەيمىز، دىئاگنوزىمىزمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ.

«ساۋاتسىزلىقتىن خالىي ئائىلە» بولۇش ئۈچۈن، شۇ ئائىلىدىكى سەككىز ياشتىن يۇقىرىلارنىڭ ھەممىسى ساۋاتلىق بولۇپ بولغان بولۇشى لازىم. ساۋاتسىز، چالاساۋاتلار بۇ قاتارغا كىرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە ئاددىي ئۇيغۇر يېزىقىدا ساۋات چىقارغان، گېزىت ئوقۇيالايدىغان ھەريۈز ئادەمنىڭ نوقسىنى ئىملا قائىدىسىنى بۇزۇپ خەت يازىدۇ. بۇ، خاتاسىز خەت يېزىشنىڭ جەمئىيەتلەشمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

«مەدەنىيەتلىك ئائىلە» دېگەن، ئائىلىدىكى ئەمگەك ئىقتىدارى بارلارنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش شارائىتى بولۇشى، ئۆزئارا مۇئامىلىدە ئەدەبلىك بولۇشى، پاكىز، ئازادە تۇرمۇش مۇھىتىغا ئىگە بولۇشى، ئائىلىدە ئوغرى، بۇلاڭچى، ھورۇن، قاتىل ۋە كوچا خوتۇنى دېگەنلەرنىڭ بولماسلىقى، باللارنىڭ بىرسىمۇ مەكتەپ سىرتىدا قالماسلىقى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، جەمئىيەت تەقەززاسى ۋە تەرەققىياتىغا ماسلاشقان بولۇشنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. سۆزگە سۆز توغرا كەلگەندە ئۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم: بىر يىلى روزا ھېيتتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدا بىر كېچە قونۇپ قالدىم. ياتاق بىناسىنىڭ ھەرقەۋىتىدە كوللېكتىپ ھاجەتخانا بار ئىكەن، لېكىن ئۇ ھاجەتخانىلارنىڭ سۇيىدۇك ئوقۇرلىرىدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئاتا ـ ئانىلار بوللۇق ئۇتقان ساڭزا، توقاچ، پېچىنە ـ پىرەنىك دېگەنلەر تاشلىنىپ، تولۇپ يېتىپتۇ. بۇيەردە ئوقۇۋاتقان پەخرىمىز ـ ئۇيغۇر باللىرى ئەشۇ نان ـ توقاچلارنىڭ ئۈستىگە تەرەت قىلىدىكەن. ئۇلار مېنىڭ كۆزۈمگە گويا يەرشارىغا تاشقى پلانېتتىن كەلگەن ئادەملەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى تۇرۇقلۇق، ئۇ يەردە تەربىيىلىنىۋاتقانلار يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن نەرەتنىڭ پەرقىنى يۇرت ئاتلاش بىلەن يوقاتقان ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرتال داننىمۇ تاشلىۋەتمەي يىغىۋالىدىغان دېھقان ئىكەنلىكىنى قورسىقى تويغاندا ئۇنتۇغان تۇرسا، بىزنىڭ «مەدەنىيەتلىك بولۇش» توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا نېمە ھەققىمىز بار؟! يېمىشقا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارغا ھاراق، تاماكا بوللۇق ئۇتماي، يېمەي تۇرۇپلا ئوغۇتقا ئايلىنىدىغان ساڭزا ـ توقاچلارنى كۆتۈرتۈپ قويغاندۇ؟

ئالىي مەكتەپلەردە ئۆگىنىش ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاڭلىقلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئەركىن ـ ئازادە. ئەمما بىزنىڭ ستۇدېنتلىرىمىز بۇخىل ئەركىن ـ ئازادىلىكنى مۇستەقىل ئۆگىنىش قىلىشنىڭ، ئىزدىنىشنىڭ پۇرسىتى ئەمەس، بەلكى ئويۇن ـ تاماشا، مۇھەببەتلىشىشنىڭ پۇرسىتى دەپ چۈشىنىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر مۇھەببەت مۇتەخەسسىسى، ئۇلارنىڭ تانسىخانا، دىسكوخانىلاردىكى ئاجايىپ تولغىما ئۇسسۇللىرىدىن جېكسون، مادوننالار ئۆرنەك ئالىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەرمۇ ستۇدېنتلارنىڭ ئاڭلىقلىقىغا بەك ئىشىنىپ كەتكەچكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە بولغان بېسىم ئىمتىھان بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ھازىر ستۇدېنتلارنىڭ نەزىرىدە دىپلوم ئېلىش تولىمۇ ئوڭاي ئىش. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىز ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ تولۇق دىپلوم ئالالىشى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارايدۇ. بىراق مېنىڭچە، ئىش دەل ئەكسىچە، چوقۇمكى دىپلومنى تارقىتالماي قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان مەكتەپلەر قويمىچى مەكتەپلەردۇر. دېمەك، ھازىر ستۇدېنتلار ئوقۇش پۇلىنى تۆلىسە، سىنىپتا ئولتۇرۇپ بەرسە، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشى ساقلاپ، چىشىغا تەگمىسىلا دىپلوم ئاسانلا قولغا كېلىدۇ. ستۇدېنتلار دىپلومنى تولىمۇ خاتىرجەم ئالىدۇ. دەرۋەقە، شۇ دىپلوم بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن كىم ئۇلاردىن ئۆمرى ئىچىدە بىرەر قېتىم پىشاڭنىڭ رولى، سۇنىڭ فورمۇلاسى ياكى جىسىملارنىڭ ھالەت ئۆزگىرىشى قانداق بولىدۇ، دەپ سورايدۇ دەيسىز؟! ئۇلار ئالەم بوشلۇقىنى ئۆزگەنگەن بىلەن ئۆزىيۇرتىدىكى قۇرغاقچىلىقنىڭ ئۆزگەرتىلىشى توغرىسىدا باش قاتۇرمايدۇ، ئۇلار «كاپىتال» نى ئوقۇغان بىلەن ئۆز كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تەدبىر كۆرسىتەلمەيدۇ، ھەتتا ھۆكۈمەت ئىش بەرمىسە، ئۆزى ئىش تېپىپ قىلالمايدۇ. مانا شۇلار بىزنىڭ 21 ـ ئەسىرنى يارىتىدىغان پەخىرلىك ستۇدېنتلىرىمىز (ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدىكى نەتىجىسىگە ئاساسەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بىرقانچە تۆھپىكارلىرىمىز بولسىمۇ ئۇلاربەكمۇ ئاز)!

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئوقۇۋاتقان، ئوقۇمايۋاتقان ۋەياكى ئوقۇيالمايۋاتقان ياشلىرىمىزنى ئۆزئىچىگە ئالغان جەمئىيىتىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرىدە ھەم ھەقلىق مۇلازىمەت بايرىقى ئاستىدا ئىنسانپەرۋەرلىككە، مەنىۋى، ماددىي مەدەنىيەتكە زىت، رەزىل قىلمىشلار كۆنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. تامغا تۇتقۇچى بىر قېتىملىق تامغىنى تۆۋەنى بەش يۈەن، يۇقىرى بولغاندا بەش مىليون يۈەنگە باسىدىكەن، ھوقۇق ـ ئەمەللەرنىڭمۇ باھاسى بار ئىكەن، دەپ ئاڭلاۋاتىمىز. ئەگەر پۇل بولمىسا، ئومۇم ئۈچۈن ياردار بولغانلار بولسۇن، تەبىئەت قازاسىغا يولۇققانلار بولسۇن، بىردەك دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلىنمايدۇ، پۇلنى تېپىپ كەلگىچە ئاغرىق ئاللىبۇرۇن ئۇدۇنياغا سەپەر قىلىپ بولغان بولىدۇ. يېقىندا xx ناھىيە بازىرىدا رېمونت قىلىنىۋاتقان توك سىمىغا سوقۇلۇپ، ھوشىدىن كەتكەن تۆت نەپەر ئوغۇل بالا ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئەكېلىنگەن. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئانىسى دەررۇ خەۋەر تېپىپ يېتىپ كېلىپ پۇل تۆلىگەچكە، شۇ بىر بالا قۇتقۇزۇۋېلىنغان، قالغان ئۈچ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋاقىپلىنىپ پۇل ئەكەلگىچە، دوختۇرلار قاراپ تۇرۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكتىن، باللار بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن. دېمەك پۇل ھەممىنى بەلگىلەپ تۇرغاچقا، دوختۇرلارنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيىتى ۋە ئىنسانىي بۇرچى سۈرۈشتە قىلىنمىغان. مۇنداق ھالەت دوختۇرلۇق ھۆددە ئابورۇتىغا مۇۋاپىق كەلسىمۇ، ئۇلارنى «ھاياتلىق پەرىشتىسى» نامىغا ئېرىشتۈرگەن ئىنسانپەرۋەرلىك سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. (خۇدا ساقلىغان بەندىسىنى مۇشۇ

ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە كېسەل بولۇپ دوختۇرنىڭ ئالدىغا بارغىلى، داۋالىنىپ سوتخانىغا بارغىلى نىيىت قىلمىسۇن). داۋالاش ھەققىنىڭ ئېشىپ كېتىشى - دۆلەت شىتاتىدىكىلەرگە داۋالىنىش چىقىمىنى دۆلەت مالىيىسى ئۈستىگە ئېلىپ تۆلىگەچكە، ئېغىر تۇيۇلمىغان بىلەن، ئەمگەككە تايىنىپ ياشىغۇچىلارنى «ئۆلەي دېسە جان تاتلىق، داۋالىناي دېسە پۇلى يەتمەيدىغان» باش قېتىنچىلىقىغا چۈشۈرۈپ قويدى. پۇل كۆز ئالدىمىزدا ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى شۇنچىلىك نامايان قىلماقتىكى، پۇل تاپشۇرمىسا نامراتلارنىڭ كېسىلى داۋالانمايدۇ، دەۋا-ئەرزى سورالمايدۇ، باللىرى بىلىم يۇرتلىرىغا بارالمايدۇ، نامىزىنى چۈشۈرىدىغانغا ئادەم بارمايدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرۈلسە دەۋاگىرى بولمىسا، قاتىلى سۈرۈشتە قىلىنمىغىلى تاس قالىدۇ. ئوغرى، يانچۇقچى، ئەتكەسچى، قىمارۋاز تۇتۇلۇپ، ساقچىغا ئېلىپ بېرىلسا، جەرىمانە تۆلىسىلا مۇنداق ساخاۋەتچى گۇناھكار قويۇۋېتىلىدۇ. بۇ شەكىلدىكى ئىقتىسادىي زەربە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، يامان خۇيىنى داۋاملاشتۇرۇشتا تېخىمۇ خاتىرجەم، ئەركىن-ئازادە قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ «كاتتا» ئىجادىيىتى - جەلپكار ئالۋاستى خروئىن رايونىمىزغا كىرگەن قىسقىغىنە بىرنەچچە يىلدا مەنىۋى بەرداشلىق كۈچى تولىمۇ ئاجىز ياشلىرىمىزنىڭ ئېتىقاد مۇداپىئە تېمىنى ئوڭايلا بىنچىت قىلىپ، مىڭلىغان يىگىت-قىزلىرىمىزنى ئۆزىگە خۇمار-ئەسىر قىلىۋالدى. بىزدەك تاماكا چېكىشنىمۇ ھارام، گۇناھ ھېسابلايدىغان بىر مۇسۇلمان قەۋمنىڭ ئىچىدە زەھەر چېكىشنىڭ شۇنچە توسالغۇسىز، تېز يامراپ كېتىشى، ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ سانىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى نوپۇسى ئىنتايىن زىچ شەھەرلەردە ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە 2-ئورۇنغا چىقىشى بىزدەك ئاتالمىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟! مانا ھازىر ئۇنىڭ بالا جىنايەتلىرى بولغان يانچۇقچىلىق، بۇلاڭچىلىق تۈپەيلىدىن سەھرالىق بوۋا-مومىلىرىمىز شەھەرلەرگە يۈرەكلىك كىرەلمەس بوپكەتتى.

گەرچە قانۇن تارماقلىرى زەھەرلىك چېكىملىك جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش سالمىقىنى كۈچەيتكەن، بۇ جەھەتتە زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ئاپەت تېخى يوقىتىلغىنى، خەلقىمىز بۇنىڭ تەھدىتى، ۋەھىمىسىدىن تولۇق قۇتۇلغىنى يوق. دەرۋەقە، مۇنداق قويۇق ئادەملەر توپى ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى ئېگىز بىنالاردا تۇرۇپ، تېلېۋىزور ئېكرانىغا قاراپ، تېلېفون بېرىپ، دوكلات ئاڭلاپ ۋە قارا ئەينەكلىك پىكاپلاردا كېتىۋېتىپ كۆرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. كۆرگەنلەر ئەھۋال مەلۇم قىلسا، پۇل چىقمايدىغان دەۋانى سورايدىغان ھاماقەت ساقچى تېخى يوقتە! سەن ياخشى، مەن ياخشى، دەپ بىر-بىرىمىزنى بەزلەپ، مۇشۇ پەيدە ياشاۋەرسەكمۇ، ئىشلىسەكمۇ، ئىشلىمىسەكمۇ مائاشىمىز ئۆكسىمەي چىقىۋاتقاندىكىن، كىشىلەر داد دېسە قۇلاقنى ئېتىپ، «مە» دېسە ئالقاننى ئېچىپ ھوقۇقنى سېتىپ، ئىشخانىغا كېلىپ ئىشىكنى تاقاپ قارت ئويناپ، خۇشامەتچىلەرنىڭ زىياپەتلىرىگە كىرىپ، كېچىچە ئىچىپ، ئەتىسى ھاراق چىشلىۋېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ، زىياپەتكىمۇ، ئەملىنىشكىمۇ ياندىن چىقىم تارتمىغاندىكىن ھەم بۇنى سۈرۈشتە قىلىش كۈنتەرتىپكە قويۇلمىغاندىكىن يامان ئۆگىنىپ قالدۇق. ھەردەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام ئورگانلىرىدىكى، زومىگەرلەرنى يوقىتىش، يەر ئىسلاھاتىدا تاللىنىپ، «ئۈچكە، بەشكە قارشى ھەرىكەت» لەردە تاۋلىنىپ، «ئېچىلىپ سايراش» تا تاسقىلىپ، «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى» دە شاللىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» . . دا تەختى-بەختىدىن ئايرىلىپ، 1980-يىللاردا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بەزى ئەمەلدارلاردىن ئۆزىنىڭ بوپقالغان يۇقىرىنى ئالداپ تۆۋەننى بېسىشتەك ناچار ئىللەت ئىسلاھات دەۋرىنىڭ شەكىلۋاز يېتەكچىلىرىگىمۇ مىراس قېلىپ، ئۇلار پەقەت تۆۋەندىن دوكلات تاپشۇرۇۋېلىپ يۇقىرىغا دوكلات قىلىشنى ئۆزىنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپى قىلىۋالغان. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىمۇ ئىشىنىپ، باشقىلارنىمۇ ئىشەندۈرۈپ ئادەتلەنگەن مۇنداق دوكلاتلارنى ئاساسىي قاتلامدىكى خەتكە ئۇستىراق بىرسى گېزىت-ژۇرنال ۋە كۆرسەتمىلەردىن پايدىلىنىپ، بۆلتۈرقى دوكلات كۆپىيىسىنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىقىدۇ. ۋىلايەتتىن كىشى بېشىغا دېھقانلارنىڭ كىرىمى مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بوپقالماسلىقى كېرەك، دەپ يارلىق چۈشكەن بولسا، دوكلات يازغۇچى زاكاز بويىچە شۇ ئۆلچەملىك رەقەمنى يېزىپ قويىدۇ. راست-يالغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە يۇقىرىدىن ھېچكىم كېلىپ يۈرمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغان بۇ دوكلاتچىلار ئەمەلىي ئەھۋال ئورنىغا كۆپتۈرۈپ يازغان ساختا دوكلاتى ئۈچۈن ئالغان مائاشى ئۈستىگە مۇكاپات ئالىدۇ. بەزى ئەمەلدارلار كوللېكتىپ مۈلكىنى قورقماي ئۆزىدىن يۇقىرىدىكىلەرگە ئەۋەتىپ بېرەلەيدۇ، سېتىپ خەجلىۋېتەلەيدۇ؛ دۆلەت تەرىپىدىن دېھقانلارغا بېرىلگەن ھەقسىز ياردەم ۋە ئۆسۈمسىز قەرز پۇللارنى ئۆز ئارا تەقسىم قىلىشىۋېلىپ، ھەزىم قىلىۋېتەلەيدۇ. قول ئاستىدىكىلەردىن پارا، خۇشامەت تەمە قىلىدۇ. ھەتتا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەرلىرىنى ھاشارغا، خىزمەتكە ئەۋەتىپ، خوتۇن-قىزلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار پاك ئەمەلدار بولۇشنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي «بىز خەلقنىڭ چاكىرى» دەپ سەھنىگە چىقىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئاچكۆزلۈك ئەمگەكچىلەرنىڭ شىلىسىغا مىنىۋېلىپ، چىرىكلىك پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي، بىر-بىرىنى قوللاپ خاتالىقلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ، «چىرىكلىككە قارشى تۇرايلى، پاك-دىيانەتلىك بولايلى!» دەپ قۇرۇقتىن قۇرۇق ۋارقىرىشىۋاتىدۇ. بۇ سادانى ھەربىر ئاڭلىغاندا ھەممەيلەن «راست ئوخشايدۇ، ئەتىدىن باشلاپ ئوڭشالسا كېرەك» دەپ قېلىۋاتىمىز. ئەمما ئىشلار بولسا «ئاتام ئېيتقان بايىقىدەك».

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئىللەت-زىللەتلىرىمىزنى خەلقنى يېتەكلەشكە مەسئۇل بولغانلار باش بولۇپ تۈزەتمىسە، ئاللىبۇرۇن تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن مەدەنىيەت ياراتقان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەرۋاھلىرى كېلىپ تۈزىتەمدۇ ياكى كالتە پەم، ئارىسالدى ئاتىلىرىمىزنىڭ مەسلەك ۋە ئادىتىگە تەۋە بوپكەتكەن ساۋاتسىز ئانىلىرىمىزمۇ؟ ئىمتىياز ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئالاقىگە تايىنىپ قاتتىق - سوقتا، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ يەپ-ئىچىپ، بۇزۇپ-چاچىدىغان ئىسراپخورلۇقلىرىغا چەك قويۇلمىسا، ئۆمۈربويى يەرگە باغلىنىپ راھەت كۆرمەي ئىشلەپ تۇرۇپ، نامراتلىقتا قېلىۋاتقانلارنى قانداق قىلىپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزگىلى بولسۇن! ئون جانلىق بىر ئائىلىدە توققۇز ئادەم پۇل تاپسا، بىرسى ئىشلىمەي بۇزۇپ-چاچسا، ئائىلە روناق تاپمايدۇ. كۈندىلا ئۆزىمىزنى ماختاپ، تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغىنىمىزنى «مەدەنىيەت» دەۋېلىپ، تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر كىيدۈرۈپ قويغان «راۋاج تاپمايدىغان مىللەت» دېگەن قالپاقنى چۆرۈۋەتكۈدەك رىقابەت ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىز بولمىسا، ھەركىم ئۆزى ئۈچۈن ياشاۋاتقان ۋە ئەمەل تۇتقان تۇرسا، بىز يەنە كىمدىن يامانلايمىز؟!

(ئاپتور: كۇچا ناھىيە كۆكچى مەھەللىسىدىن، دېھقان(M1)



# بىزدىمۇ چولپان بار

**ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى**

ھۆرمەتلىك قۇربان مامۇت ئاكا، رىسالەت مۇھەممەت ھەدە، تىنچ - ئامانمۇسىلەر؟

ژۇرنىلىڭلارنى مەن بىر دېھقان ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن سۆيۈپ ئوقۇيمەن. ژۇرنىلىڭلار دىيارىمىزدىكى ئەل كۆڭلىگە ئەڭ ياققان خەلقچىل ژۇرنال بولۇپ، يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، قېرىنداش قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار خەلقلىرىنىڭمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ژۇرنىلى، روھىي - مەنىۋى بايلىقى، سىردىشىغا ئايلاندى. بىز دېھقانلار سېرىقتال كۈن كەچۈرۈپ كەلسەكمۇ، بۇ ژۇرنالغا يېزىلىدىغان ۋاقىتتا نېمە ساتساق سېتىپ، بىر ئاماللارنى قىلىپ يېزىلىمىز. بۇ شەخسەن مېنىڭ تۆت يىلدىن بۇيان داۋام ئەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان ئۆزگەرمەس ئادىتىم. بۇ ژۇرنالدا بىزلەر ئەمدىلا ئويلاۋاتقان، ئېيتىشقا تەمشىلىۋاتقان قىممەتلىك - زور-زور پىكىرلەر بېسىلىپ خېلى يەڭگىللەپ قالىمىز. ياستۇقنىڭ بېشىدا ژۇرنال يوق بولغان كۈنى ئۇيقۇ مەززىسىز بوپقالىدۇ.

ھۆرمەتلىك مۇھەررىرلەر، مەن بىر قىرغىز بالىسى. كىچىكىمدىن ئۇيغۇرچە ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ يۈردۈم. شۇنداقلا ئانا تىلىم قىرغىز يېزىقىدا ئەسەر يېزىپ يۈرۈپ، تۇرمۇشقا بولغان قارىشىم كۈنسېرى يېتىلىنىۋاتىدۇ. جەمئىيەتكە قاراپ گاھى ئويلىغانلىرىمنى ئۇيغۇرچىمۇ يېزىپ باقاي دەپ ۋە ئاتاقلىق ياش قىرغىز ئوبزورچىسى مامبەت تۇردى ئاكامنىڭ: سېنىڭ ئانا تىلىڭ قىرغىز تىلى ھەم ئۇيغۇر تىلى، ھەر ئىككىسىدىن تانالمايسەن، تېنىشقا ھەققىڭ يوق. شۇڭا ئۇيغۇرچىمۇ يېزىپ تۇر، مەسىلە ئېلان قىلىنىش - قىلىنماسلىقتا ئەمەس. قىرغىزلارغا تونۇلۇشقا باشلىدىڭ، بىراق بۇنىڭ بىلەنلا سۆزلەۋاتقان تىلىڭ - ئۇيغۇر تىلىنى تاشلاپ قويۇشۇڭ خاتا! دەپ ئېيتقان سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىۋاتىمەن. مۇشۇنداق كاتتا ژۇرنالغا ئەسەر ئەۋەتىش مەن ئۈچۈن ئوڭاي ۋە ئاددىي چاغلايدىغان ئىش ئەمەس. شۇنداقتىمۇ «ئارزۇدا ئەيىب يوق» دېگەندەك، بۇ يازمامنى تەۋەككۇل قىلىپ ئەۋەتىپ باقتىم.

سىلەرگە ئامانلىق تىلەپ كامالىي ئېھتىرام بىلەن: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمىدۇن يېزىسىدىكى قىرغىز ئوقۇرمىنىڭلار **ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى.**

* * *

ياش لىغىرلىغان كۆزلەر ئېكرانغا تىكىلگەن، تېلېۋىزوردا چىقىۋاتقان فىلىم ۋەقەلىكىدىن

تەسىرلەنگەن كۆرۈرمەنلەردىن نەچچىسى مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى، نەچچىسى ياش يۇقى كۆزلىرىنى سۈرتۈشتى، يەنە نەچچىسى ئويچان كۆزلىرىنى ئېكرانغا تىككەنچە تاشتەك قېتىپ قېلىشقان. . .

بۇ، يېقىنقى مەزگىللەردىن بېرى دىيارىمىزدا ئىشلىنىپ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشكەن، ھەرمىللەت كۆرۈرمەنلىرىنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشى، ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن «تەڭرى گۇۋاھ»، «بەربات بولغان مۇھەببەت»، «يىغانلىق ناخشا»، «ئازابلىق لەززەت» قاتارلىق نەچچە ئونلىغان تېلېۋىزىيە ۋە VCD فىلىملىرىنىڭ خەلقتە قالدۇرغان ياخشى تەسىرىنىڭ گۇۋاھسى، ئادىل باھالىغۇچى بولغان خەلقنىڭ لىللا - خالىس باھاسىنىڭ پاكىتى.

شەرقلىقلەر شەرق مەدەنىيىتىنى ياراتتى، غەربلىكلەر بولسا غەرب مەدەنىيىتىنى ياراتتى، ئىنسانلار ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزئارا مەدەنىيەت قوبۇل قىلدى ياكى تەسىر قىلدى. ئەقىللىق - سەزگۈر ئادەملىرىمىز ئېھتىياجلىق بولغان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ، مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتتى. ئەخمەق، مايمۇن مىجەز كىشىلىرىمىز بولسا ھالال-ھارامنى ئايرىماي ئالدىغا كەلگەننى قارا-قويۇق «مەدەنىيەت» دەپ قوبۇل قىلىش، دوراشقا ئۆرۈندى. نۆۋەتتىكى چولپانغا چوقۇنۇش ھادىسىسى بۇ پىكرىمىزنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ غەربنىڭ كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرى، تىلىنى چۈشەنمىگەن ناخشىلىرى، ناخشا، كىنو چولپانلىرى بىزنىڭ ئەشۇ مايمۇن مىجەز كىشىلىرىمىز ۋە قىز-يىگىتلىرىمىزنىڭ چوقۇنىدىغان مەبۇدىغا ئايلاندى.

ھەركىمنىڭ قىزىقىشى، چوقۇنۇشى ئوخشاش بولمايدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال. بىراق بۇخىلدىكى چوقۇنۇش - قىزىقىشنىڭ مۇئەييەن چېكى بولۇشى كېرەك. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرى قايسىدۇر بىر ئەسەرگە قىستۇرغان تەھرىر تولۇقلىمىسىدا: «بەزى ئادەملىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئەجنەبىيلەرنىڭ ئوسۇرۇقىمۇ ئەتىر پۇرايدۇ» دەپ تەنە قىلغاندەك، غەربنىڭ كىنولىرىدىكى يېرىم يالىڭاچ ياكى ئاساسەن يالىڭاچ ئېكرانغا چىققان ئاياللار، مۇشت-پەشۋانى سانىماي نەق-نېسى ئاتالايدىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى چولپان بولۇپ كۆرۈنمەكتە. مەسىلەن، زامانداشىمىز ئادىل يىلدىرىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 5-سانىدا ئېلان قىلغان «شاھرۇھخان ئۆلمىسۇن» ناملىق ھېكايىسىدە يازغان ھىندىستان كىنو چولپىنى شاھرۇھخانغا چوقۇنۇش ھادىسىسى ئەمەلىيەتتىلا بىزنىڭ ئەل چەت-يىراق يېزا-قىشلاقلىرىمىزدا خۇددى مەزكۇر ھېكايىدىكىدەكلا ھەتتا ئۇنىڭدىن بەتتەر بولۇۋاتىدۇ. شاھرۇھخاننىڭ بىر يۈرۈش سۈرىتى ئېسىلمىغان ساتىراشخانا، ئاشخانىلار ئادەمسىز. شاھرۇھخاننىڭ سىن لېنتىسى قويۇلۇۋاتقان ئاشخانىلار بېسىق. . .

مەھەللىمىزدىن ناھىيىمىزگە بېرىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان بىر قانچە قىزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار بىرەر قېتىملىق ئوقۇش ھەققىنى پىخسىقلىق قىلىپ تولۇق تاپشۇرماسلىقتىن تارتىنمايدىكەنۇ، ساۋاقداشلارئارا بەسلىشىپ، چەت ئەللەرنىڭ كىنو چولپانلىرىنىڭ سۈرىتىنى تولۇق ئالالماي قېلىشتىن نومۇس قىلىدىكەن. بىرەر كىتابنى سەۋەب كۆرسىتىپ ئالماي، «ئىقتىساد» قىلغان پۇللىرىغا چولپانلارنىڭ يۈرۈشلۈك سۈرەتلىرىنى سېتىۋالىدىكەن. دەرس ۋاقتىدا كۆزى دوسكىدا بولغان بىلەن خىيالىدا چولپانلار بىلەن غايىۋى سىردىشىپ چىقىدىكەن. ھېسسىياتچان قىزلىرىمىز ئىسمى تىلغىمۇ كەلمەيدىغان چەت ئەللىك چولپانلارنىڭ دەردىدە تەسىرلىك كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ، سارغىيىپ كېتىشىدىكەن تېخى !

يىگىتلىرىمىزچۇ؟ ئېيپىتىنى توسۇپ تۇرغان بارماقتەك لاتىدىن باشقا ھېچنەرسە كىيمىگەن ئالتۇن چاچ قىز چولپانلارنىڭ ھەسرىتىدە ئاچچىق تاماكىنى بولۇشىغا تارتىپ، ئۆپكىسىنى ئىسلاپ يۈرۈشىدۇ؛ ھەقىقىي چولپان دەپ ماختىشىدۇ تېخى. بىر مەھەل غەربنىڭ قۇلاقنى مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان ناخشىلىرىنى دوراپ ئوقۇغان «BADBOY» ناخشىلىرى تارىلىۋېدى، مەدەنىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن مايمۇن مىجەز دوستلىرىمىز: «ۋاھ! مەدەنىيەت دېگەن مانا، چولپان دېگەن مانا! » دەپ تەۋرەپ كېتىشتى. بىراق ھوشيار، سەگەك، پاكىز ئىمان - ئېتىقادىنى يوقاتمىغان خەلقىمىز ھېچقاچان كىشىگە گۈزەللىك زوقى بېرەلمەيدىغان چۈپەي، «بەتبۇي» ناخشىلاردىن تېزلا بىزار بولۇپ، ساتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا، دۇتار - تەمبۇرنىڭ ياڭراق كۈيلىرىگە، راۋابنىڭ شوخ رىتىملىرىغا، دۇمبۇرا-قومۇزنىڭ يېقىملىق ئۈنىگە تېخىمۇ قۇلاق سالدى. ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپتى.

«بەزىدە توخۇمۇ بۈركۈتتىن ئېگىز ئۇچۇپ قالىدۇ» (مۇھەررىردىن) دېگەندەك، چاكىنا مەدەنىيەت بىر مەھەل ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك قىلسىمۇ، تېزلا ئەل نەزىرىدىن قالىدۇ. چۈنكى تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز! شەرق مەدەنىيىتى شەرقتە يىلتىز تارتقان، شەرقتە كۆكلەپ - ئۆسۈپ، شەرقتە مېۋە بېرىدۇ. چىلانغا پور جىگدىدىن ئۇلاق قويسا تۇتمايدۇ. قاراڭ، ئۆزىمىز قەدرىگە يەتمەيۋاتقان شاھانە سەنئەتلىرىمىز غەربلىكلەرنىمۇ قىزىقتۇرۇۋاتىدۇ؟ غەربلىكلەرنىڭ «ئون ئىككى مۇقام»، «دولان مۇقاملىرى»، «ماناس» قا ھەيرەتتە قېلىۋاتقانلىق-لىرىنى تېلېۋىزورلاردىن كۆرۈپ، كىتاب، گېزىت-ژۇرنال، رادىئولاردىن ئوقۇپ، ئاڭلاپلا كېلىۋاتىمىز.

يېقىندىن بېرى دىيارىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدە بىر چوڭ سىلكىنىش خاراكتېرلىك يۈكسىلىشلەر بولۇۋاتىدۇ. دىيارىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى، قەدىرلىشى، پەخىرلىنىشىگە ئەرزىيدىغان ئېپتىخارلىق چولپانلىرىمىز يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. بىزگە چولپان كېرەك بولسا، تاموژنىدىن ئوغرىلىقچە كىرىۋاتقان ئۈن-سىن بۇيۇملىرىدىن ئەمەس، بىزنى ئىمانى ئەركەك، لەۋزى ھالال، شەرم - ھايالىق ئوغۇل - قىزلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈۋاتقان بۇ شۆھرەتلىك، مۇقەددەس ئانا دىيارىمىزدىن ئىزدىسەك بولىدۇ. بىز ئاپىرىدە بولغان بۇئۇلۇغ تۇپراقتىن بىز ئىزدىگەن ھەرقانداق مەۋجۇدات تېپىلىدۇ.

چەت ئەللەرنىڭ فىلىملىرىدىكى ئادەمنىڭ ئاغزى كەلمەيدىغان «جاراپپى، جارايىھى» لىرىنى تەلەپپۇزغا قاراپ دەپتەرگە يېزىۋېلىپ ئەپلەشتۈرەلمەي مېڭىنى خورىتىپ، ئاخىرىدا كۈلكىگە قالغاندىن كۆرە، ئۆزىمىزنىڭ يېقىملىق لىرىكىلىق چولپان ناخشىلىرىدىن بولغان «بەربات بولغان مۇھەببەت»، «ھىجران» لارنى ئوقۇساق، دىلنىڭ تەشنالىقى قانماسمۇ؟ «بەتبوي» چولپانلىرىنىڭ ناخشىلىرىغا ساراڭدەك يېپىشقانىنىڭ ئورنىغا زاھىر بۇرھان، ئابدۇللا ئابدۇرېھىملارنىڭ مەردانە، تاغ سۇلىرىدەك سۈزۈك ئاۋازىغا مەست بولساق يامانمۇ؟! قىز-چوكانلىرىمىز چەت ئەللەرنىڭ كىنولىرىدىكى قاپقارا، ئادىمىي ھېسسىيات كەم، «جېدەلخور» چولپان ئەرلىرىگە چوقۇنۇپ غايىبانە ئاشىق بولغىچە ئۆزىگە ئەڭ تونۇش، تىلداش، دىلداش، يىلتىزداش، تومۇرداش بولغان كۈلكە - كومېدىيە ئۇستىلىرى ئادىل مىجىت، تۇرغۇن ئىمىر ئاكا، ھەممىنى تەڭ قاملاشتۇرغان تالانت ئىگىسى مەۋلان نىياز ئاكا، خالمۇرات ئۆمەر ئاكىغا ئوخشاش ئۆز چولپانلىرىمىزغا ئاشىق بولساق بولمامدىكەن؟

يىگىتلىرىمىزمۇ بىزدە قاچان قىز چولپان بولار، دەپ ئارمان قىلىشىدۇ. ئەجەبا، دىيارىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالغان، ئاقساقال-كەمپىر، بوۋاي-مومايلارغا ئۆز قىزىدەك تونۇش بوپكەتكەن، سەبىيلەرنىڭ غايىۋى ھەدىسى بولۇپ ئالقىشقا ئېرىشكەن، تالاي-تالاي كۆرۈرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەلىگەن قىز چولپانلىرىمىزدىن - ئايگۈزەل ئابدۇۋاھىد، كامالەتكە يەتكەن ئاۋاز سەنئىتى بىلەن ھەرمىللەت قېرىنداش جامائەتچىلىكنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكەن ھاۋاخان ھېيت ھەدە، كۆرگەن كىشىگە مېھرىبان ئانىنىڭ سىماسىنى ئەسلىتىدىغان زۇنۇنقىز ئېلاخۇن ئانا. . .غا ئوخشاش چولپانلىرىمىز ئەجنەبىيلەرنىڭ چولپانلىرىغا يەتمەمدىكەن؟! غەربنىڭ ئالتۇن چاچ، ياپيالىڭاچ، ئاق تەنلىك كىنو چولپانلىرىنىڭ ئىشقىدا سارغىيىپ سامان بولغانىنىڭ ئورنىغا ئىپپەت-ھايالىق، غۇرۇرلۇق ۋە ئۆزىمىزگە ئەڭ تونۇش قىز چولپانلىرىمىزغا كۆيسەك، ئاشىق بولساق بولمامدىكەن! ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوقمۇ بىزدە؟! . . .

ئاۋام خەلق مەدەنىيەتنىڭ نېمىلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، ساغلام بولغان ئۆز مەدەنىيىتىنى ئاسرايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېڭىغا ئۇزاق تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن مىللىي ئەنئەنىۋى قاراشلار سىڭگەن بولىدۇ. قۇلاق - مېڭىنى يەيدىغان «BADBOY» ناخشىلارنى ئاڭلىغاندا بىزار بولۇپ: تولا قۇلاقنى ئاغرىتماي تۈزۈكرەك نەرسەڭ بولسا قويساڭچۇ، دەيدۇ. تېررور-لۇق قاپلىغان «ھايت-ھۇيت» لارنى كۆرسە: كۆزۈمنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى، ئۇچۇر ئۇ نېمەڭنى، دەيدۇ. بۇ ئۇلاردىكى خۇراپىي قاراش، كونا ئادەت ئەمەس، ساپ مىللىي ئىدىيە-ئاڭ سىڭگەن پاكىز دۇنيا قاراش. ئۇلار كۆرۈنۈشلەر ئۆزىگە تونۇش، ۋەقەلىكى تەسىرلىك، ناخشا-مۇزىكىلىرى قۇلاققا يېقىشلىق، ئادىمىي چىن ھېسسىيات سىڭگەن يەرلىك - ئۆز فىلىملىرىمىز قويۇلسا، تەنلىرى يايراپ كېتىشىدۇ. چولپانلىرىمىزنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى تەڭ تارتىشىدۇ، تەڭ قايغۇرۇپ ياش تۆكىدۇ. مەسىلەن، بالىسى بارلار ھاۋاخان ھەدىنىڭ بالىلاردەك تاتلىق ئۈنىدىن سۆيۈنۈپ لەززەتلەنسە، بالىسى يوقلار ئۇنىڭ چۈچۈك، سەبىي ئۈنىدىن تەسىرلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكىشىدۇ. سەلبىي رولدىكى چولپانلىرىمىز ئەگەر ئەشۇ كۆرۈرمەن خەلقنىڭ يېنىدا بوپقالسا، چايناپ پۈركۈۋەتكىدەك ھېسسىياتقا كەپكېتىدۇ. خەلقىنى ئەنە شۇنداق ھېسسىياتقا كەلتۈرەلىگەن، يۈرەك قاتلىمىدىن ئورۇن ئالالىغان يەنىلا بىزنىڭ چولپانلىرىمىز.

قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، دوراش ھېچقاچانمۇ بىزنى مەدەنىيەت بىلگەن، قوبۇل قىلغان يۈكسەكلىككە كۆتۈرمەيدۇ. بۇ خۇددى ھېلىقىدەك ئەجنەبىيلەرنىڭ ئۇسۇرۇقىنى ئەتىر دەپ بىلگەنگە ئوخشاش ئەخمەقلىق، بىمەنىلىك، خالاس. بىز كۆزىمىزنى ئېچىپ ئىككى يېنىمىزغا ئوبدانراق قاراپ بېقىشىمىز لازىم. ئۆز دىيارىمىزدىمۇ چولپانلار خېلى بار، يەنە كۆپلەپ چىققۇسى. «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىسا نېمە پايدا» دېگەندەك، گۆھەر ئۆز يېنىمىزدا تۇرسا، يەنە بىزدە چولپان يوق دەپ ئاغرىنمايلى، بىزدىمۇ ئەشۇنداق چولپان بار!

رەسسام: غازى ئەھمەت (M1)



## قىرئاق پاراڭلار

## «يېمەكلىكلەر»نىڭ تەدرىجي تەرەققىيات نەزەرىيىسى
### شۆچياڭ

**ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە:** - قەبىلە باشلىقى، قەبىلىمىزدە يېمەكلىك قالمىدى، نېمە يەيمىز؟

- نېمە؟! تۆگە مىنىپ تۈزدەپ يۈرەمسەن، ئالدىنقى كۆنلەردە قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر بارغۇ؟ شۇلارنى يېسەك بولمامدۇ!

**فېئوداللىق جەمئىيەتتە:** - بېگىم، بۇ يىلقى بايرامدا نېمە يېگۈلىرى بار؟

- كالۋا! شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، توخۇ، ئۆردەك، بېلىق گۆشى... نېمە بولسا شۇنى يېگۈلۈك، نېمە قىلاتتىڭ تولا سوراپ؟ پەخەس بول، سېنى بېلىق ئورنىدا قورۇۋەتمەي يەنە. ماڭ، ماڭ، ماجىراڭ ئويىنىشىمغا دەخلى قىلما!

**بۈگۈنكى جەمئىيەتتە:** - ئىدارە باشلىقى، بۈگۈن كەچتىكى زىياپەتتە نېمە يەيمىز؟ ئېيىق تاپىنى، پىل بۇرنىمۇ ياكى مايمۇن مېڭىسىمۇ؟

- ھەممىدىن زېرىكتىم، يېڭىراق بىر نەرسە يېمەيلىمۇ؟

## ئاچچىق كۈلكىلەر

**كەلگۈسىدە:** - رەئىس جۇمھۇر (زۇڭتۇڭ) جانابلىرى، ھازىر يەرشارىدا ئىنسانلاردىن باشقا جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەسلى قۇرىدى، بىز نېمىمۇ يەمىز؟

- ھەي...ي! ئىنسانپەرۋەرلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمىغۇدەك، كلون ئادىمنى يەيلى!

**كەلگۈسىنىڭ كەلگۈسىدە:** - تېز قارىڭا باشلىق، ئاۋۇ ئۇچار كېمىدىن بىر توپ تاشقى پلانېت ئادەملىرى چىقىۋاتىدۇ، بىز ئاچ قالمىغۇدەكمىز!

- (تاشقى پلانېت ئادەملىرى) ھا-ھا-ھا، بەك بەلەن بولدى، بۇ سەييارىدە يەنە بىر توپ نەسلى قۇرۇمىغان مايمۇن بار ئىكەن، ئەمدى بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز بار بولدى.

---

«مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 9-سانىدىن **مۇھەممەتجان ئۇبۇل** تەرجىمىسى

## مەلۇم كىشىنىڭ نەزىرىدىكى باراۋەرلىك
### سۈن پىڭ

ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى دېگىنىمىز - دۆلەت مەمۇرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى ئوقۇلغاندا، ئاياللارنىڭ ئىسمىغا كەلگەندە «ئايال» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇش.

كادىرلار بىلەن ئامىمىنىڭ باراۋەرلىكى دېگىنىمىز - دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرى بولغان ئىشچى-دېھقانلارنىڭ تولىسىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى

يېتىشمەيدۇ، ئەمما خەلقىنىڭ چاكىرى بولغان دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ ماشىنىسى قاتلاممۇ قاتلام ئۆسۈش دېگەنلىك.

قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگىنىمىز - پارا بەرگەنلەر ياكى كۆپرەك پارا بەرگەنلەر سوتتا چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

## كىم كىمگە ئۆزگەردى؟

### سۇلۇگجۇن

«غەربكە ساياھەت» فىلىمىدە مۇنداق بىر كۆرۈنۈش بار: شەپقەتچى مەبۇد تاڭ راھىبىغا ياردەملىشىپ قارا ئېيىق جىنىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يىلان جىنغا ئايلىنىدۇ. بۇۋاقىتتا تاڭ راھىبى مۇنداق دەيدۇ: «شەپقەتچى مەبۇد يىلان جىنغا ئۆزگەردىمۇ ياكى يىلانجىن شەپقەتچى مەبۇدقائۆزگىرىۋالدىمۇ!». بەزى يېزا كادىرلىرىنىڭ باج - سېلىقلارنى تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمەيۋاتقان دېھقانلارنىڭ يېنىك بولغاندا ئۆيىدىكى نەرسىلىرىنى ئەكېتىشى، ئېغىر بولغاندا قاماپ قويىدىغان ھەتتا ئۇرۇدىغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، كادىرلارنىڭ باندىتلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ياكى باندىتلارنىڭ كادىرلارغا ئايلىنىۋالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

## ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئىمتىھان سوئالىغا بەرگەن جاۋابى

### بېي خۇڭتۇ

سوئال: بىزنىڭ ھوقۇقىمىز نېمە؟

جاۋاب: ئاساسىي قانۇن بىزگە بەرگەن ھوقۇقتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن، پىكىر بايان قىلىش: بىز ھېچقانداق چەكلىمىسىز ھالدا كىچىك بۇش ۋە لى دېڭخۇينى سۆكسەك بولىدۇ. ئافغانىستاندا يۈز بەرگەن بالايى-قازا، ساددامنىڭ ھاكىمىيەتلەقلىقى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلساق بولىدۇ. يىغىن ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىمىز: بىز كوچىلارغا چىقىپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ ئامېرىكىنىڭ ئېلىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى پارتلىتىۋەتكەنلىكىگە غەزەپلەنسەك بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئالقىشلىساق بولىدۇ. تەشكىلاتلارغا قاتنىشىش ھوقۇقىمىز: بىز كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا كىرسەك بولىدۇ. ئەگەردە قىزىقىشىمىز بولسا، كەپتەرۋازلار جەمئىيىتى ۋە بېلىق تۇتۇش جەمئىيىتىگە كىرسەك بولىدۇ.

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 4-سانىدىن

**توختىھاجى ئىمىن** تەرجىمىسى

## زىيارەت قىلىش

### خۇاڭ شەن

بىر مۇخبىر يېڭى مۇخبىرغا «بىخەتەر»، «ئاۋارىگەرچىلىكى يوق» زىيارەت قىلىش يولى ۋە تەجرىبىسىنى تونۇشتۇردى: ئايال چولپانلارنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇنىڭ بىلەن xx باشلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەرگىز سورىماسلىق؛ ئىدارە باشلىقى جاڭ بىلەن ئىدارە باشلىقى لىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ شىركىتىنىڭ پايدىسىنى ھەرگىز سورىماسلىق؛ ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ قورسىقىنىڭ توق، كىيىمىنىڭ پۈتۈن بولۇش ئەھۋالىنى ھەرگىز سورىماسلىق؛ دېھقانلارنى زىيارەت قىلغاندا، كەنتتىن ئۇلارغا ئاق ھۆججەت يېزىپ بېرىش - بەرمەسلىكىنى ھەرگىز سورىماسلىق.

---

«فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىل 4-سانىدىن

**ئەسقەر ئەھمىدىي** تەرجىمىسى

## خىزىر ھەققىدە چۆچەك

### مۇھەممەت مەتنىياز دانىش

ئاللاتائالا ئەلەيھىسسالاملارنى پەرمانگاھىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېتىپ:

- بەندىلىرىمنىڭ قىلغان ياكى قىلىدىغان ئەجىر-مېھنىتىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ مۇكاپات تەرىقىسىدە ئۇلارغا بەخت-تەلەي ۋە ئامەت ئەۋەتىمەن. بۇمۇكاپاتنى ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى خىزىر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇردۇم. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بىر-بىرىڭلارنىڭ سىرىنى پاش قىلماي قويۇپ، بىر-بىرىڭلارنىڭ ۋەزىپە ئورۇندىشىغا ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار، - دەپتۇ.

ئەلەيھىسسالاملار ئاللاتائالاغا بىر-بىرىنىڭ

سىرىنى قاتتىق ساقلايدىغانلىق ۋەدىسىنى بېرىپ، پەرمانگاھتىن بىر-بىرلەپ ئايرىلىشقا باشلاپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام پەرمانگاھنىڭ بوسۇغىسىدىن ئەمدىلا ئاتلىشىغا بىر ئادەم ئۇنىڭغا ئوڭ قولىنى سۇنۇپتۇ.

— بۇ نېمە ئىش؟! — دەپ سوراپتۇ خىزىر.

— بىر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «خىزىر بەخت-تەلەي، ئامەت يەتكۈزگۈچى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ داۋاملىق ئەر كىشى سىياقىدا يۈرۈيدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى سۆڭەكسىز -يۇمشاق» دېگەنتى، مەن ئۇنى تېپىپ ئۇنىڭدىن بەخت-تەلەي، ئامەت تىلىۋالاي دەپ بۇ يەردە تۇرۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈۋاتىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— توۋا خۇدايىم، ئاللانىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ، بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويغان زادى كىمدۇ؟ مەن ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ — دەپتۇ خىزىر ۋە ئوڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنى تونۇپ قالغان ئادەمگە بەخت-تەلەي، ئامەتنى ساناپ ئولتۇرماي بېرىۋېتىپ، چۆل -جەزىرىگە قېچىپ كېتىپتۇ.

سان-ساناقسىز بەخت-تەلەي، ئامەتكە ئېرىشكەن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە خىزىرنى ئىزدەش دولقۇنى قوزغىلىپ، ئوڭ قولنى بېرىپ كۆرۈشۈش ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. خىزىرنىڭ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان ئاللاتائالا ئۇنى يالغۇز چاقىرىپ:

— سەن ئەمدى تۆت ئاياغلىنىپ ماڭغىن، -دەپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن خىزىر چۆل-جەزىرىدىن ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كەپتۇ. لېكىن ئاللا ئۇنىڭغا ئادەملەر ئاددىي كۆزى بىلەن كۆرەلمەيدىغان غايىبلىق سىرىنى ئاتا قىپتۇ.

خىزىر تۆت ئاياغلىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ (ھېلىقى دەسلەپكى بەخت-تەلەي، ئامەتنى قانداق ئادەمگە بېرىپ قويغاندىمەن؟ ئۇ ئادەم قەدىرگە يېتەرمۇ ياكى قەدىرگە يەتمەي گۇناھ قىلىپ، مېنى ئاللانىڭ ئالدىدا ئىزاغا قويارمۇ؟ دېگەن خىياللار بىلەن) مېڭىۋەرگەچكە، ئۇدۇل كېلىپ قالغان بىرەرىمىز ئۇنىڭ شىلىلىسىغا مىنىلىپ قالغىدەكمىز-دە، ئۆزىمىزمۇ تۇيمىغان ھالدا ئىشلىرىمىز ئوڭغا تارتىپ بەخت-تەلەي، ئامەت دېگەن كەلگىلى تۇرغىدەك. بۇنىڭ قىلغان ئەجىر - مېھنىتىمىز ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئەجىر قىلماس ھەتتا ھارامنىمۇ بەخت-تەلەي، ئامىتىم دەپ يەۋېرىدىغان بوپكەتكۈدەكمىز. بۇنىڭدىن رەنجىگەن ئاللاتائالا خىزىرغا:

— ھەي، سەن كىمنى كۆتۈرۈۋاتىسەن؟! — دەپ ۋارقىرىغۇدەك.

خىيال بىلەن كېتىۋاتقان خىزىر بۇ ۋارقىراشتىن چۆچۈپ: «ھە!؟» دېگىنىچە بېشىنى بىر كۆتۈرۈدىكەن-دە، بىز ئۇنىڭ ئۈستىدىن گۈپلا قىلىپ ئوڭدىسىغا چۈشىدىكەنمىز. بىز خىزىرغا مىنىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەندە ئارقىمىزدا قالغان كىشىلەر ئەنە شۇ چاغدا كەينىمىزدىن بىزگە يېتىشىپ كېلىپ، بىز ئەينى چاغدا ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، بىزنىمۇ كۆزگە ئىلماي، بىزنى دەسسەپ-چەيلەپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك. بۇ چاغدا خىزىر يەنە بىرىمىزنى مىندۈرۈپ ماڭغۇدەك...

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە لۈكچۈن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش 9-ئاينىڭ 20-كۈنى باشلىنىپ 11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ يەككە باھاسى 5يۈەن، يېرىم يىللىقى 15يۈەن، پۈتۈن يىللىقى 30يۈەن. مۇشتەرىلەرنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2003-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇشتا پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 - 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز بىۋاسىتە تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنداقلا 2003-يىلىدىن باشلاپ پارچە سېتىش كىسى يولغا قويۇلمايدۇ. شۇڭا مۇشتەرىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

— كامالى ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



## ئىككى لەتىپە

خەنزۇ مەتبەلىرىدىن توپلىغۇچى: توختى باقى ئارتىشى

### شوئارنىڭ تەتۈر مەنىسى

«ھەرقانچە نامرات بولساقمۇ مائارىپنى نامراتلاشتۇرمايمىز!» دېگەن سۆزدىن مائارىپنىڭ نامراتلىقى مانامەن دەپ مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

«تېرىلغۇ يەرلەرنى يولسىز ئىگىلىۋېلىش، يولسىز ئىشلىتىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ!» دېگەن سۆزدىن تېرىلغۇ يەرلەرنى يولسىز ئىگىلىۋېلىش، ئۇيەرلەردىن يولسىز پايدىلىنىش ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

«دېھقانلارنىڭ سېلىقلىرىنى راستتىن ئازايتىش كېرەك!» دېگەن سۆز دېھقانلار سېلىقىنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«بىكارغا يېيىش، بىكارغا ئېلىش، بىكارغا قايرىۋېلىش، زورلۇق بىلەن ئېلىش ھادىسىلىرىنى قەتئىي مەنئىي قىلايلى!» دېگەن سۆزدىن شۇنداق ھادىسىنىڭ ئومۇملىشىپ قالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

«قاتتىق زەربە بېرىش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرى پارلاق!» - بۇ سۆزدىن مەلۇمكى، شۇيەردە ئوغرى، بۇلاڭچى يامراپ كەتكەن.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر ھەريەرگە «جىنسىي كېسەللەرنى داۋالاش» ئېلانلىرى چاپلىنىپ كەتكەن بولسا، بۇئەھۋال پاھىشىۋازلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.


ئەگەر تامنىڭ بۇرجىكىدە «بۇيەرگە چوڭ-كىچىك تاھارەت قىلماڭ» دېگەن سۆزلەر ئۇچرىسا، مەلۇمكى، چوقۇم شۇيەرگە تاھارەت قىلىدىغانلار بار.

### بېشىم قېيىپ قالدى

شاھ-پادىشاھلار كىنو-چاتچىلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئىككى مەسىلە بېشىمنى قايدۇرۇۋەتتى:

بىرى: پادىشاھلار شۇنچە دانا ئىكەن، ئەمىسە نېمە ئۈچۈن تەختى-بەختى بىلەن يوقۇلۇپ كېتىدۇ؟ پادىشاھلارنىڭ سەلتەنىتى شۇنچە ئۇلۇغ ئىكەن، ئۇنداقتا بىزنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىنىمىز نېمىسى؟

يەنە بىرى: 21-ئەسىر بوپقالدى، نېمىشقا بەزىلەر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىكى فېئودال خاندانلىقنى شۇنچە زوقلىنىپ كېتىدۇ؟ فېئودال خاندانلىق شۇنچە ياخشىمۇ ياكى بۇگۈنكى تۇرمۇشتىن شۇنچە بىزارمۇ! (M2)



# شېئىرنىڭ تەكلىماكانى

## ئابدۇلباست ئابدۇرەھمان

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھېكمەت بىلەن قىسمەت ئارىلىقىدا كۆپ ئىزدىنىشلەر ۋە كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى. شېئىر، تارىخ، ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئۇقۇم يەنىلا ئۇشبۇ قەدىمىي خەلقنىڭ يۈرەك مەۋقەسىدە ئۇزۇن زامانلار ساقلاندى. شېئىر خەلق قەلبىدىكى ئەڭ نازۇك ئىچكى كۆي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي فورمىسىنى ئىقتىساد، سىياسەت ۋە بات مەدەنىيەتتىن مۇستەسنا ھالدا ئۆزگىچە مىللىي پاسوندا قايتا-قايتا نۇسخىلاپ تۇردى. يەنىلا بۇ مىللىي نۇسخا ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىكى شېئىرىي كۆيىنى مەنبە قىلىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە خەلقنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە كىيىم-كېچەكلىرىدە مۇستەھكەم ماكانىنى ئىپادە قىلىپ تۇردى. ئىنسانىي تاكامۇللۇق ھامان شېئىرىي تاكامۇللۇقتا ئىپادىلەندى. مىللىي تاكامۇللۇقمۇ ئۆزلۈك ئېتىقادىدا تاۋلىنىپ، شېئىرنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئىنچىكە ئۆزگىچىلىكتە خۇسۇسىيەتلەندى.

شېئىر يەنە ئىنسانىيەتنىڭ يۈرىكىدىكى ۋەتەن قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر مىسرا شېئىردا ئىپادىلەنگەن ۋەتەن گۈزەللىكى جۇغراپىيىلىك چېگرا توساقلىرى بىلەن قاشالانغان غايەت زور ۋەتەننى ئۆزىگە سىغدۇرالىدى. دەرھەقىقەت، شېئىر پۈتكۈل دۇنيانى ۋە ھەتتاكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يۈرىكىنى ۋەتەن تۇتتى.

يۈرەك مەڭگۈلۈك ئۆزگەرمەس قەدىمىي ۋەتەندۇركى، بۇ ۋەتەن سىياسىي ئېھتىياجلار تۈرتكىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان جۇغراپىيىلىك ۋەتەندىنمۇ قەدىمىيدۇر ۋە سۆيۈملۈكتۇر. ۋەھالەنكى، شېئىر تارىخ ۋە باشقا مەۋجۇد ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلار بىلەن داۋاملىق ئېلىشىپ، ئۆز خاندانلىقى ۋە ئېھتىراسىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالدى. تارىخ بەزى ھاللاردا ئۆز بىلنامىلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، چىنلىق مەناسىدىن ئالغاندا شېئىرنىڭ ئالدىدا ئاسىي بولدى. شۇۋەجىدىن شېئىردەك مۇقەددەس بولالمىدى. دېمەك، شېئىردىكى تارىخىي تۈيغۇ بىلنامىلىق تارىختىن ھالقىپ كەتتى.

نېمىلا دېمەيلى، شېئىر مەلۇم بىر گەۋدە خەلقنىڭ روھى

> **بىلىشىمىز ھامان شەرقتە**

قۇرۇلمىسى، پەلسەپىۋى ئىزچىللىقى، ئەدەب-ئەخلاقى، ئىلىم ساپاسىدىن ئىبارەت ماكرولۇق مۇستەقىل هايات ئەندىزىسىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدۇر. بۇمۇنبەت تۇپراقتا ئەركىن هېكمەت گۈللىرى بىخ سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە ئەۋرىشىملىكى بىلەن مەمۇرىيەت قاتلىمىغا يامىشىدۇ. شۇئار ۋە ئەمر-پەرمانلاردىن مۇستەسنا هالدا مەدەنىيەت يۈنىلىشىنى بەلگىلەپ، ئىدراك ۋە ئادىمىيلىك مەنتىقىسى بىلەن دۇنياغا نەزەر تاشلايدۇ. شېئىرنىڭ دۇنياۋى هەرىكىتىنى مۇلاهىزە قىلغاندا، تىنچلىق ۋە مۇهەببەتنى سۆيۈپ، مۇستەبىتلىكنىڭ قاتلىرىنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىدىن جاهالەتنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، سۆيگۈ هۆررىستانىغا يول ئاچىدۇ.

خوش، مەۋجۇد رېئاللىق كىشىلەر ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز نازارەت قىلىپ، تۈرلۈك كەسىپلەر، تۈرلۈك پەنلەر كىشىلەرنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە شېئىرىيەتنىڭ ۋە شۇ شېئىرىيەت زىكىر قىلىنىۋاتقان ماكانىنىڭ بىر مىللەتنىڭ تەپەككۇر كەڭلىكىدە، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن هادىسىۋى كەيپىياتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈردۇر.

قىسمەت ۋە هېكمەتكە باي ئۇيغۇر شېئىرىيىتى جاهان شېئىرىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجىغا كۆپ تەسىرلەرنى بېرىپ كەلدى. مىللەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تارىخقا ئىگە قەدىمىي بىرمىللەتتۇر. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مۇشۇ قەدىمىي مىللەتنىڭ پارلاق ئىجادىيىتىدۇر هەمدە ئىدىئولوگىيە بىرلىكى تارىخىي ئەنئەنىسى، پەلسەپىۋى مەۋقەسىنىڭ غول لېنىيىسىدۇر.

مىللەت روهىدا نامايان بولۇپ تۇرۇۋاتقان نەپىس قەدىمىي شېئىرلار هامان رىۋايەتلەر بىلەن پىچىرلىشىپ تۇرىدۇ. رىۋايەتلەر بولسا مەشهۇر قەهرىمانلار بىلەن گۈزەل مەلىكىلەرنى، چۆل-جەزىرىلەر بىلەن بوستانلىقلارنى، قەلئەلەر بىلەن شەهەرلەرنى، چۆل بۇلاقلىرى بىلەن پەرىزاتلارنى ئۆزئارا باغلاپ مۇرادىنى هاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. شېئىر بىلەن رىۋايەت ئەشۇ ئېتنىك مىللەتنىڭ مىللىيەت قاتلاملىرىدا گىرەلىشىپ، ئۆتمۈش بىلەن هازىرنى يۇغۇرۇپ مىللىي مەدەنىيەت ئامبىرىغا قاچىلايدۇ. بۇ، (Folklor) نامى بىلەن ئالىملار تەرىپىدىن قايتا قېزىلىدۇ. دىن قەدىمدىن هازىرغىچە زامان بىلەن ماكاندىن هالقىغان هالدا ئىنسانىيەتنى ئورتاقلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان مەنىۋىيەتنىكى نەپىسلىك بولۇپ، شېئىر بىلەن رىۋايەت ئۇنىڭ بېغىشىغا يىلتىز تارتقان. ئېغىز ئەدەبىياتىغا پىششىق قەدىمىي مىللەتلەردە بۇ تېخىمۇ گەۋدىلىكتۇر. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىمىز، شېئىرلىرىمىز، مۇقاملىرىمىز، هېكمەتكە باي تۇرمۇش ئەكىللىرىمىز ئەنە شۇ جۇغراپىيىلىك تەبئىي ئىجتىمائىي مۇهىتنىڭ، بۇمۇهىتنىڭ ئىجتىمائىي دەۋردىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرەلەيدۇ»①.

تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدە ئېشەك مىنىپ، كەتمەن چېپىپ تىرىكچىلىك قىلىشۋاتقان ئەشۇ خەلق تولىمۇ ئۇلۇغ خەلقتۇر. ئۇلار ئەتىئەنگە شۇنداق تەقۋالىق بىلەن ئىسلىغانىكى، ئارخېئولوگلار بۇلاردىن هەيران. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋاقىت سەرپ قىلىپ قەبرىلەرنى كولاپ، خارابىلىكلەرنى قېزىپ مىڭ تەسلىكتە تېپىپ چىققان «مۇنچە مىڭ يىللىق» تارىخقا ئىگە قەدىمىي بۇيۇملار تەكلىماكانلىق بۇ هايات كىشىلەرنىڭ جىسمانىيىتىدىن تولۇق تېپىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىدا قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن كۆرپە تۇماق (تەلپەك) ياكى بۆك، ئۇچىسىدا قەدىمىي خام (ماتا) دىن تىكىلگەن چەكمەن بار بولۇپ، بېلىنى بەلباغ بىلەن مەهكەم باغلايدۇ. سول تەرەپكە كۆن غىلاپلىق، بادام گۈللۈك يېڭىسار پىچىقى ئاسىدۇ. ئوڭ تەرەپكە ساقال تاغىقى (سۆگەكتىن ئىشلەنگەن) ۋە مىسۋاك (شاپتۇل ياكى مەلۇم مۇيلىك دەرەختىن ياسالغان چىش يۇيىدىغان نەرسە) ئاسىدۇ. پۇتىغا كۆن ئۆتۈك بىلەن كىگىز پايپاق كىيىدۇ. خالىسا ئېشەك ياكى ئات مىنىدۇ، خالىسا پىيادە ماڭىدۇ. ئارخېئولوگلار ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى كروران ئادەملىرىنىڭ سىماسىنى 21-ئەسىردىكى تەكلىماكان بوستانلىرىدىن تېپىۋېلىپ خۇدىنى يوقاتسا، فولكلورچىلار ئەفراسىياپنى، ئوغۇزخاننى ياكى چىنتۆمۈر باتۇرنى كۆرۈۋالىدۇ. شائىرلار قىن-قىنىغا پاتماي نەۋائىينى، شاه مەشرەپنى ۋە ياكى تەجەللىي -مۇجەللىي هەزرىتىمنى كۆرگەندەك هېسسىياتتا بولۇشىدۇ. دېمەك تەكلىماكانلىق مۇشۇ خەلقنىڭ قامەتلىك، قەدىمىي تۈرقىدىن شېئىر، رىۋايەت، تارىخ ۋە مەدەنىيەتنىڭ پۇراقلىرى بۇرنىمىزغا گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ جىسمىدىكى تويۇنغان مەدەنىيەت ۋە مىللىي خاسلىقتىن ئەجنەبىيچە تۇرمۇش ئەندىزىسىنى ئۇچرىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى قىشلاقلاردا ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى كەمدىنكەم ئۇچرايدۇ. شۇنداقتىمۇ بىرەر غەيرىي ئادەم ئۇلارنىڭ بېنىدىن SANTANA پىكاپىنى هەيدەپ ئۆتسە ياكى باش ئۈستىدىن بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتسىمۇ، ئۇلار تەمكىنلىك بىلەن ئېشىكىنى هەيدەپ كېتىۋېرىدۇ. قارىماققا، ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىدىن «ياغاچ ئات»، «ئۇچار گىلەم»، «تۆمۈر بېلىق» رىۋايەتلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغاچقا، بۇخىل نەرسىلەرنى يېڭىلىق هېسابلىمايۋاتسا كېرەك. گاز چىقىرىپ، توپا توزىتىپ، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىدىن تىكىلىپ، قارغاپ كېتىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ مۇهىت بۇلغايدىغان نەرسىلەرگە نەقەدەر ئۆچ ئىكەنلىكىنى، ماتورلۇق بۇخىل نەرسىلەردىن ئۆزىنىڭ ئېشىكىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ قەدىرلىك، پاكىز زېمىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يادلاپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلىرىگە، ئوقۇپ كېلىۋاتقان شېئىرلىرىغا، ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىغا ئوخشاشلا سۆيۈملۈكتۇر. تەكلىماكانلىقلاردا ئاجايىپ سەلتەنەت هۆكۈم سۈرگەندى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ساددىلىقتىن ماهىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىدىغان مىسكىن نۇرلارنىڭ ئاستىدا ئاجايىپ گۈزەل شېئىر ۋە مەدەنىيەت ياتىدۇ. خۇددى يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ئېيتقاندەك: «ئۇلارنىڭ ساددىلىقىدىن پەيلاسوپلارغا خاس تەمكىنلىك چىقىپ تۇرىدۇ.»②

تەكلىماكاننىڭ قۇياشى چاقناپ تۇرىدۇ. دوكتور ئەسەت سۇلايمان: «بۇ يەردىكى قۇياش نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى بىلەن سۇسىز چۆللەرنىڭ ئالۋۇندەك بالىدىشىدىن شەكىللەنگەن

قۇرغاق، زېرىكەرلىك ھايات ئۇلارنى شېئىرىي تۇيغۇغا باي، ھېسسىياتچان، تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چاڭقىغان روھىي دۇنياسىغا تەسەللىي تېپىشقا ئۆگەتكەن»③ دېگەنىدى. شۇنداق، بۇ جايدا كۈچلۈك ھارارەت بار. مۇھەببەتلىك تەبىئەت تەكلىماكان ئادەملىرى بىلەن ئەڭ يېقىن مۇلاقەت بولۇشىدۇ. بۈيۈك كارۋان يوللىرى كۆمۈلگەن، ئالتۇن قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازلىرى ئۆچكەن بولسىمۇ، تەكلىماكانلىقلارنىڭ ئوتتەك قەلبى ئۆچمەيدۇ. كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇ قۇرغاق زېمىننىڭ مەدەنىيەت چۇلۇزۇرى بەنلا شۇ خەلقنىڭ تەپەككۇر قوزۇقىغا باغلانغان. بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھازىرقى زامانچىلىق ھادىسىسى مۇئەييەن خىرىس سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشكە تارتىپ تۇرىدىغان مۇرەككەپ روھىي قاتلىمىغا سىڭىپ كىرمەكچى ئىستىگەن بولسىمۇ، تەكلىماكان قوملۇقلىرىغا خەرىتىسىز كىرگىلى بولمىغىنىدەك نەتىجىسىز بولدى.

تەكلىماكانلىقلارنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىيەت مەنزىرىسى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزىگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيۋاتقانلىقىغا قارشى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى «قۇم ئاستى مەدەنىيىتى» دۇنيانى تاڭ قالدۇردى. كروران خانىشىنىڭ قۇم ئۈستىگە ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىنكى شۆھرىتى ھازىرقى زاماندىكى تىرىك خانىشلارنىڭ شۆھرىتىدىن قېلىشمىدى. قەدىمكى بۈيۈك بابىلون مەدەنىيىتى ۋە مىسىر مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا مىلادىدىن ئىلگىرىكى كروران مەدەنىيىتى، مىلادىدىن كېيىنكى قاراخانىيلار مەدەنىيىتى شۇ دەۋر ئىنسانىيەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ سەردارى بولغانىدى.

تەكلىماكان ئادەملىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە ياراتقان مەدەنىيەتلىرى بۈيۈك تارىخىي چىنلىققا، چەكسىز ھاياتىي كۈچكە، ئۆلگىلىك دۇنياۋىيلىققا ئىگە ئىدى. بىز گەرچە كروران دەۋرىدىن كروران ئىجتىمائىيىتىگە ئائىت گۈزەل لىرىكىلار يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، خانىش كروران جەسىتىنىڭ ياپونىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن جاپالىق ئىلمىي تەكشۈرۈش، نەپىس ئىلىم-پەن ھۈنەر سەنئىتى، لىرىك بەدىئىي تارىخىي تەسەۋۋۇرى بىلەن نامايان بولغان شاھانە سىماسى بىر گۈزەل تارىخىي داستاندۇر.

خانىش كرورانىنىڭ گۈزەل جىسمىدىن دۇردانىلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، ھېكمەت پارلاپ تۇرىدۇ. بىز مۇشۇنىڭدىنلا تەكلىماكان ئادەملىرىدىكى شېئىر مەدەنىيىتىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن دەۋرلەرگىچە كېڭەيدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى مەدەنىيىتى بۇنداق تەرەققىي قىلغان بىر دەۋرنىڭ شائىر - ناتىقلىرى، ئۆلىمائىي كىراملىرى، ئاكابىر-ئەشرەپلىرى بولماي مۇمكىن ئەمەس. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تەكلىماكان ۋە تەكلىماكان ئادەملىرى ئارىسىدىن نۇرغۇن سىرلار ۋە نۇرغۇن شېئىرلار ئېچىلغۇسى.

تەكلىماكاننى بېسىپ ياتقان شائىر-ناتىقلارنىڭ، تىلشۇناس - ئالىملارنىڭ ۋە شاھى-سۇلتانلارنىڭ مەقبەرىلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مۇشۇ ئەلنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى سۈپىتىدە قەدىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادقا مايىل، تەقۋا، ساداقەتمەن، شائىرانە خاراكتېرىنى يېتىلدۈردى. «ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ دېھقانلىرى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشى ۋە رادىئاتسىيىلىشىگە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى جاھىللىقى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىشىدىن كېلىپ چىققان تەڭپۇڭسىزلىقنى تىنچلاندۇرىدۇ»④. دەل مانا مۇشۇ خاراكتېر ئىلغارلىق پەرەنجىسىنى كىيىپ كەلگەن ھەرقانداق غەيرىي مەدەنىيەت بىلەن داۋاملىق يۈز تېپىشىپ، ئۆزىنىڭ بىنەرەپ ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلدى.

ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنكى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان پەلسەپىۋى تەپەككۇر يۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنى قايناق ۋە جۇشقۇن شېئىرىي تەرەققىياتقا باشلاپ كىردى. بۇ تەرەققىيات شۇنداق ئاجايىپ پارلاق بىر تەرەققىياتكى، ئەرەب ۋە ئەجەملەردىن بولغان تالاي شائىرلار ۋە ئۆلىمالار مۇشۇ تەرەققىيات ئۈستىدە جەۋلان قىلىپ كەلدى. فارابىيدىن نەۋائىيغىچە بولغان ئىسلامچە شەرق شېئىرىيىتىگە دۇنيادا ھېچقانداق بىر شېئىرىيەت سىستېمىسى تەڭ كېلەلمىدى. مۇشۇ پارلاق تەرەققىياتتىن كېيىنكى ئىسلام دۇنياسىدىكى سىياسىي يىمىرىلىش خەلقنى كۆپ نەرسىلەردىن مەھرۇم ئەتكەن بولسىمۇ، ئىسلام خەلقلىرى قەلبىدىكى شېئىرىيەت ۋە ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ھېچكىم تارتىۋالالمىدى. نەۋائىيدىن كېيىنكى 500يىللىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئاجايىپ جەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، تىنىق تەكلىماكان ئۆز شېئىرلىرىنى ئىچكى كۆيى سۈپىتىدە ساقلاپ كەلدى.

تەكلىماكانلىقلارنىڭ قەلبىدىكى كلاسسىك شېئىرىي مۇجەسسەملىك ئۇلارنى ئەجەمچە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆنۈكتۈرۈپ ئۆتمۈشنىڭ تارازىسى بىلەن ھازىرقى مىللىي مۇۋازىنىتىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرگەنىدى. تەكلىماكان مۇقام تېكىستلىرىدىكى نەۋائىي بىلەن بابارەھىم مەشرەپنىڭ شېئىر ساداسى ھېلىھەم بۇ چۆلىستاننى لەرزىگە سېلىپ تۇرىدۇ. تەكلىماكان قىشلاقلىرىدىكى پاكار سېلىنغان چالما ياكى سوقما تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى تاڭ يورۇپ، چۆل خورازلىرىنىڭ چىللىشى بىلەن غىچىلداپ ئېچىلىپ، 70-80ياشلىق بوۋاي-مومايلار ئۆيلىرىدىن چىقىدۇ. ئېشەك ياكى كالا ھارۋىلىرىنى قېتىپ نەۋبىتى، گۈمنام ياكى زەلىلىينىڭ غەزەللىرىنى چۆل كۆيلىرىگە غىڭشىپ، جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە ئوتۇنغا ياكى ئوت-چۆپكە كىرىپ كېتىدۇ. ھازىرقى زامانچىلىق ھادىسىلىرىدىن مۇستەسنا بۈخىل ھايات زېمىن سۆيگۈسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇلاردا ئىچ پۇشۇقى شەكىللەندۈرمەيدۇ. تەكلىماكان تامانىدا قوللىرىغا بۈركۈت ياكى قارچىغا قوندۇرۇۋېلىپ، ئوۋ ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتلىق ئوۋ ئوۋلاۋاتقان مەنزىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئوۋ قوشاقلىرىنى زىكىر قىلماي تۇرالمايمىز. تەكلىماكان بوستانلىقلىرىدىكى چۆلگە تەلپۈنۈپ تۇرۇدىغان گۈزەل قەدىمىي شەھەرلەر ئۆز جامالىنى چۆل گۈللىرى بىلەن بېزەشكە ئۇرۇنۇپ تۇرىدۇ.

نەۋائىي قەلىمىدە تەسۋىرلەنگەن خوتەن شاھزادىسى فەرھادنىڭ ئەرمەن مەلىكىسى شىرىنگە تىزغان گۈلى يۈرۈڭقاش بويىدا ئۆسكەن ياۋا گۈللەردىن ئىدى. بۇ گۈللەرنىڭ ھىدى تەكلىماكانلىقلارنىڭ سۆيگۈ رىشتىنى بىراق-بىراقلارغا

ئەكىپەتتى. ئاشىق شائىر زەلىلىي ئەزىزانە قەشقەر، پەرىيانە يەركەند، شەھىدانە خوتەن ئارىلىقىدا دىلراباسىنىڭ ئىشقىدا چېپىپ يۈرۈپ ھالسىرايتتى، چۆل گۈللىرىنى ھىدلايتتى. ئۇزۇن سەپەر، تىنىق تەكلىماكان شائىرلارنىڭ روھىدا قاغجىراق ئىشق-مۇھەببەتنى قوزغىغانتى. شۇسەۋەبلىك ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا مۇھەببەتكە بېغىشلانغان سەترلەرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. 13-ۋە15-ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرساق رابغۇزىينىڭ «يۈسۈف - زىلەيخا» قىسسىسىدىكى مۇھەببەت چەشمىلىرى، سەككاكىي غەزەللىرىدىكى يار خۇمارلىق، مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفىي «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا ئىپادىلىگەن گۈل بىلەن نەۋرۇزنىڭ سۆيگۈ قىسمىتى، نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ «لەيلى-مەجنۇن»، «فەرھاد-شىرىن» داستانلىرىدا گاھ مۇھەببەت تراگېدىيىسىگە، گاھ ئىشق ۋەسلىگە ئۇرۇلۇپ چايقىلىپ تۇرۇۋاتقان سۆيگۈ قەلىمى بىزنى سۆيگۈدىن ۋىسال تاپالماي چاكىلداپ تۇرۇۋاتقان تەكلىماكان قەرىگە باشلاپ كىرىدۇ. تەكلىماكان توغراقلىرى كۆككە مۇناجات قىلىپ سۇ ئىشقىدا چاكىلدايدۇ. تەكلىماكاننىڭ تەمبەل يىگىتلىرى كېچە-كۈندۈز «يار» ئىشقىدا تولغىنىدۇ. تەكلىماكاننىڭ سۈزۈك قۇملۇقلىرى بوستانلىق ئىشقىدا سىراقلارغا تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ.

سەئىدىيە دەۋرىگە كەلگەندە ئۇزۇن ئەسىرلەر ئايال زاتىنىڭ ۋازىغا تەشنا بولۇپ، سۇنايلىنىپ ياتقان بۇ زېمىن يەركەند دەرياسى بويىدىن بىر قىزنىڭ لېۋەن مۇقام كۈيىنى ئاڭلىدى. تەكلىماكاننىڭ ئاشىق شاھى ئابدۇرەشىدخان بۇ كۈينى بويلاپ ئامانىنساخاننىڭ ۋەسلىنى تاپقان بولسا، پايتەخت يەركەند ئامانىنساخاننىڭ مۇقام كۈيلىرىنى تەكلىماكانغا، پۈتكۈل دۇنياغا ئاڭلاتتى. «ئىشرەت ئەنگىز» ئامانىنساخاننىڭ مەشۇقلۇق پىراقىدىكى سەمەرىسى ئىدى. بۇ ئايالچە لاتاپەتلىك كۈيدىن ھارارەتلىك تەكلىماكان ئاجايىپ تاتلىق شېئىر سېزىمىنى ھېس قىلغانىدى. چۆلىستان زەۋقىدىن تۇغۇلغان بۇ شېئىرىي چەشمىلەر مۇقام مەرغۇللىرى بىلەن قوشۇلۇپ، مۇشائىرە سورۇنلىرىدىكى شائىرلارنى مەستۇ-مۇستەغرەق قىلاتتى.

جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ ئاتەشلىك زېمىنلاردا شەھەرلەر بىلەن چۆللۈكلەرنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقان شېئىرىيەت چەمبىرىكى ئەرەب، ئەجەم، تۈركلەرنى باغلاپ تۇراتتى. «بۈيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەمەلىيەتتە ساپ شېئىرىيەت بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئەدەبىيات ئىدى.»⑤ باغدادتا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان فارابىينىڭ دەجلە دەرياسى بويىدىن يوللىغان سالامنامىسى بۇخارا، سەمەرقەندتىن ھالقىپ يۇرۇڭقاش ۋادىسىدىكى خوتەنگە، تۈمەن دەرياسى ۋادىسىدىكى قەشقەرگە، زەرەفشان ۋادىسىدىكى يەركەندكە يېتىپ كېلەتتى. تېھران، ئىسپاھاندىكى پارس (ئەجەم) شائىرلىرى بىلەن بۇخارا، قەشقەر، سەمەرقەند، يەركەند، ئەندىجان، خوتەندىكى تۈركىي (تىللىق) شائىرلار ھېچقانداق تىل توسالغۇسىغا ئۇچرىماس ئىدى. ئۇلار ئىران بىلەن تۇراننىڭ پاساھەتلىك تىل سەنئىتى بىلەن خاقانىيە تىلىنىڭ بالاغىتىنى نامايان قىلاتتى. خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك: «ئەرەب تىلى بىلەن خاقانىيە تىلى بەيگىگە چۈشۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشار ئىدى». 11-ئەسىرلەردىكى خەيرلىك ئاخشاملاردا ئىسلامىيەت شەرقىدە كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئاينىڭ نازۇلۇق شولىسى «كارۋان بۈيۈك» - ئاتالمىش «يېپەك يولى» (مۇھەررىردىن) غا ئەگىپ كېلىپ، تەكلىماكان خىلۋەتلىرىدىكى شېئىرىيەت بۇلاقلىرىدا تۈنەپ قالاتتى.

تەكلىماكان چۆللۈكلىرى بىلەن ئەرەبىستان سەھرالىرىنى كېزىپ يۈرگەن «يۈسۈف - زۇلەيخا» داستانى نىل دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمىيلىكتە مەشھۇر ئەرەب خەلقى ئارىسىدىن تارالغان بولۇپ، «بۇ تەسىرلىك قىسسە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرگەن.»⑥ ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بۇ ئۇلۇغ داستان مۇقەددەس شەھەر مەككە مۇكەررەمە، دەمەشق، باغداد، كۇفە، پەلەستىن شەھەرلىرىدە ئۆزىنىڭ جەزبىلىك سالاپىتىنى ساقلاپ كەربالا، سەھرايى كەبىر چۆللۈكلىرىدىكى ئەرەب بەدەۋىيلىرىنى مۇڭلاندۇرۇپ، مۇسۇلمان شەرقىدە ئېتىنىڭ تەرىقەتلەر باغلاپ تۇرۇۋاتقان تالاي قىشلاق - سەھرالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئىللىق تەكلىماكانغا يېتىپ كەلگەندە ئاجايىپ جەزبىلىك ۋارىيانت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى.

«يۈسۈف - زۇلەيخا» مىلادى 1310-يىلى مارتتا رابغۇزىي تەرىپىدىن ساپ خاقانىيە تىلىدا يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك قىسسەلەر توپلىمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە قەلەمگە ئېلىنغاندىن بۇيان تەكلىماكان مەسچىتلىرىنىڭ مۇنبەرلىرىدە، تەكلىماكانلىق ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ نىكاھ خۇتبىلىرىدە، ۋائىز-مەددائىلارنىڭ ئېغىزلىرىدا توختىماي سۆزلىنىپ كەلدى. بىز «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە مۇراجىئەت قىلىپ، 12-سۈرە «سۈرە يۈسۈف» نامى بىلەن ئاتالغان ئايەت كەرىمىسىدىن «يۈسۈف - زۇلەيخا» قىسسىسىنىڭ ئەڭ ساپ جەۋھەر قىسمىنى ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىشىمىز مۇمكىن.

رىۋايەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈككەن، رېئاللىققا ئەپسانىۋى تەبىر بېرىپ كېلىۋاتقان گۈزەل تەكلىماكان بوستانلىقلىرى ئەلمىساقتىن بۇيانقى گۈزەل ئەسلىملىرى بىلەن باتۇرلۇق، ھەققانىيلىق، ئېسىل پەزىلەت كۈيلىنىدىغان، پاك مۇھەببەت ئۇلۇغلىنىدىغان، رەزىل-ئىپلاسلىق قامچىلىنىدىغان نادىر ئېپوس-داستانلارنى قەلب چوڭقۇرلۇقىدا پىششىقلاپ، «ئوغۇزنامە»، «چاستانى ئىلىك بەگ»، «رۇستەمىي داستان»، «ئەفراسىياپ»، «دەدە قورقۇت»، «ئىسكەندەرنامە»، «چىنتۆمۈر باتۇر» قاتارلىقلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسا، تەكلىماكاننىڭ ھارارەتلىك شېئىرىي تۇرمۇشى بىلەن شەرق ئىسلام «خەمسە» چىلىكىنىڭ نەپىس، رەڭگارەڭ شېئىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «لەيلى-مەجنۇن»، «پەرھاد-شېرىن»، «غېرىپ-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە»، «ھۆرلىقا-ھەمراھجان» داستانلىرىنى ئاپىرىدە قىلىپ، ساداقەت، مېھىر-ۋاپا، ئەركىنلىك، سۆيگۈ-مۇھەببەت ئۇدۇملىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئەرەب، ئەجەم كەڭلىكىدە شېئىرىيەت ئۇپۇقىنى شەكىللەندۈردى. مۇشۇ كەڭلىكتە ياتقان شېئىرىيەت تېررىتورىيىسىنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەپ تۇرغان «قۇتادغۇبىلىك» ئۇلارنىڭ رىۋايەتكە تولغان روھى ئېنېرگىيىسىنى دائىما زەررەتلەپ، تۇراقلىق پەلسەپىۋى

مەۋقە بىلەن مىللىي ئۆزلۈكنى يېڭى نۇسخا بىلەن ئىپادىلەپ تۇردى.

ھىلال ئاينىڭ سۈتتەك نۇرىغا پۈركەنگەن شەرقنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە ئەرەبىستاننىڭ باغداد شاھىنىڭ ھۇجرىسىدىكى شەھرىزات مامۇق تۆشەكتە پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، كىرپىك قاقماي چۆچەك سۆزلەيتتى. تاكى 15-ئەسىر يېتىپ كېلىپ سەئىدىيە شاھى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھۇجرىسىدا شائىرە ئامانىسساخان خوتەن گىلىمى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، مۇقام ئورۇنداپ ھارغاندا «مىڭبىر كېچە» چۆچەكلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، شەھرىزاتنىڭ قىسمەتلىرىگە ئېچىنغانغا قەدەر ئەرەب، ئەجەم، تۈرك ئوتتۇرىسىدىكى مۇشائىرە قىزغىن داۋاملىشىپ كەلدى.

ئەرەب فۇسۇنھالىرى بىلەن پارس زەباندازلىرى كارۋانلارغا ئەگىشىپ، يىپەك يولىنى بويلاپ تۈركىي سۆزمەنلەرنىڭ ئانا ماكانى بولمىش تەكلىماكانغا يېتىپ كەلگەندە، چەكسىز ھاياجان بىلەن كۆز يەتكۈسىز بىپايان چۆللۈككە قاراپ سەھرايى كەبىر قۇياشىنىڭ تەپتىنى سىزەر ئىدى. پىيالما چۆللۈكنىڭ ۋەھىمىسىدىن كەربالانىڭ خەۋپىنى ئەسلەيتتى. بۇخارا لەڭگەرلىرىدە قونۇپ، قەشقەر رەستىلىرىنى چۈشەيتتى.

دەرھەقىقەت، شېئىرىي تۇيغۇ ئۇزۇن ئەسىرلەر مابەينىدە تەكلىماكاندىكى ئېنىنىڭ كەيپىياتىنى دائىما غىدىقلاپ، روھىيەت ۋە ئىجتىمائىيەتتىكى غالىبلىقى بىلەن پاساھەت جەڭگاھىدا ئات كىشنىتىپ، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، ئاجايىپ غەلىبىسىنى ساقلاپ كەلگەندى. شېئىرىيەتنىڭ مىللەت روھىدىكى بەرپاچىلىق ئورنى ئۇزۇن تارىخىي مەدەنىيەت بەرپاچىلىقى بىلەن پەلسەپىۋى بىرلىك ھاسىل بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى تىلغا، دىلغا، دىنغا، تەنگە، ۋەتەنگە تۇتىشىپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئىلمىي ساپاسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى.

ئەلقىسسە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆتمۈشتىكى پارلاق نەتىجىلىرىنى ۋە نەۋائىيدىن كېيىنكى قان-ياشلىق تراگېدىيىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇيغۇرچە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ چۈلۈۋۈرىغا چىڭ ئېسىلىپ، تىرىشىپ-تىرمىشىپ بۈگۈنكى زاماننىڭ قۇياشىنى كۈتۈۋالدى. رىۋايەت دۇنياسى بولغان ئەرقىتىن بالقىغان قۇياش تەكلىماكان قىسسىلىرىنى ئوقۇپ غەربكە پاتىدۇ. بۇيەردە يەنىلا ھايات قايناق بازارلارنىڭ قەدىمىي ھالىتى ھېلىھەم ساقلانغان. تۇخۇملار بوياپ سېتىلىدۇ، گىردىلەر تونۇر بېشىدا جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ. كونا تارازىلاردا چامغۇر جىڭلىنىدۇ. كۆركەم مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ گۈزەل كەشتىلەنگەن ئۇيغۇر دوپپىلىرى سېتىلىدۇ. 100ياشلىق، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىغان ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر پاسونىدىكى تەمبەل بوۋايلار گۈرسۈلدەپ دەسسەپ مەسچىتكە كىرىپ كېتىدۇ. مەدداھلار سۆزلەيدىغان «ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان» ۋە «ئورداخان پادىشاھىم» قىسسىلىرى تەكلىماكاننىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى نامايەندىسى بولۇش بىلەن تەكلىماكانلىقلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

تەكلىماكان قىشلاقلىرىدىكى قەدىمچە ئۆيلەرگە سورا-تاكچىلار ئويۇلغان، تەكچىلەرگە كوزا، ئۆرۈك، چىلاپچا، قۇمرا قاتارلىق ساپال بۇيۇملار ۋە پاكىز خام رەختلەرگە ئورالغان، تالاي مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان مۇقەددەس كىتابلار تىزىپ قويۇلىدۇ. شۇ كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن «نەۋائىي»، «سوپى ئاللا يار»، «قول خوجا ئەھمەد»، «خوجا ھافىز»، «شاھ مەشرەپ» قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان كىتابلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇ كىتابلار كونىراپ، سەھىپىلىرى سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، تەكلىماكانلىق ئەشۇ كىشىلەر ساۋاتسىز بولۇشىغا قارىماي ئۇلارنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ ساقلايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەقىدىسى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى ئەشۇ كىتابلارغا يىلتىز تارتقان بولۇشى مۇمكىن. شەرق ئىسلام پەلسەپىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ بۇ ئاخىرقى ئېنىنىڭ ھامىيلىرى ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ مىراسلارنىڭ كۈچلۈك مەدەنىيەت خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىدىن تەشۋىشلەنگەندەك چەكسىز ئانا قۇملۇققا نەزەر تاشلايدۇ. تەدرىجىي يەرشارىلىشىۋاتقان «ھازىرقى زامانچە» مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئۆزلۈك مۇھىتىدا ياشاۋاتقان بۇ ساددا قەۋملەر ئارىسىدا تەشۋىش پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئۇلاردىكى رېئال ئەمەلىيەت ۋە سىرتقى مەدەنىيەتكە بولغان پاسسىپ روھىي ھالەت «ھازىرقى زامانچە» مەدەنىيەتلەر خىرىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان كرىزىس ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

شېئىر-مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ نەپىس تەرىپى بولۇپ، ئۇ مىللىي تىل ۋە مىللىي شەكىلگە خاس ھېسسىي دولقۇندۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەرجىمىسىگە ئېرىشمەك قىيىن بولغان ھېسسىي ئورناقلىقىغا ئىگە ئىككىنچى تىلدۇر. بۇ تىل ئارقىلىق قەلبلەر پىچىرلىشالايدۇ ھەمدە ئۆزلۈك مەۋقەسىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆز روھىيىتىنى يېڭىلاپ، مىللىي پاسوند ئۆزلىرىنى نۇسخىلاپ، باشقىلارغا ئۆزىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى مۇشۇ تىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۆزىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەلەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ شېئىرىي تىلى شۇ مىللەتنىڭ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەڭگۈشتەرنى باشقىلار ئوغرىلاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالالمايدۇ. مانا مۇشۇ ئەڭگۈشتەرنى بىزنىڭ ئۇزۇن تارىخقا، قەدىمىي مەدەنىيەتكە ۋە چىن ھېسسىياتقا ئىگە تىرىشچان ئەمما نامرات، ساددا ئەمما بىلىم سۆيەر خەلقىمىز بەرگەن. تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان «دېھقان» تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان غايەت زور بۇ مىللىي گەۋدە ئاز ساندىكى شەھەرچە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كۆنۈككەن «زىيالىي» تەبىقىسىگە قارىغاندا، ۋۇجۇدىدىكى مىللىي خاسلىق ۋە مىللىي مەتانەتنى قەدىمكىدىن ئانچە پەرقلەندۈرمەي ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ مىللىي خاسلىق ۋە مەتانەت ھامان ئەشۇ گۈزەل شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەپ، ئۆزىنى نامايەن قىلىپ بۈگۈنكى رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەر خىرىسىغا تولغان دۇنيادا پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «بىز تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئۇششاق تىجارەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان تەبىئىي ئىگىلىك مۇھىتىدا بىرخىلدا

ياشاپ كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.»⑦دەرھەقىقەت، 1980ـيىللار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پارلاق تېڭى ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز» ناملىق شېئىرى بىلەن يېڭى قۇياشنى كۈتتۈۋالغانىدى. شۇ يىللاردا قايتا يېڭى سۈرۈشكە باشلىغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى تەكلىماكان تېمىسىنى غول لىنىيە قىلىپ، ئۆزۈن زامانلار شېئىرىي مۇھىتتىن چەتلەشتۈرۈلۈپ، بوزۇختۇرملۇق ئىلكىدە نەپەسلىنىۋاتقان بۇ زېمىن ئۈچۈن ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يېڭى-يېڭى شېئىرلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراق ھازىرلىغان بىر تۈركۈم دادىل، تەۋەككۈلچى شېئىرىيەت پېشۋالىرىنىڭ ئەمگىكىنى ئەلۋەتتە سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. «ئىز» ناملىق رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىگە بېرىلگەن بۇ شېئىر خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغان، ۋۇجۇدقا چىقىشى ئاسانغا توختىمىغان ئاجايىپ ئەسەردۇر. ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ دەرۋازىسى ئەشۇ شېئىر ئارقىلىق تەكلىماكانغا قايتا ئېچىلغانىدى.

قانلىق تارىخلارغا كۆمۈلۈپ ياتقان شائىرانە مەدەنىيەت شېئىرىي تەلقىنلار ئارقىلىق تەكلىماكانلىقلارنىڭ يۈرەك تارىغا زەخمەك ئۇرغانىدى. «ئون ييللىق قالايمىقانچىلىق» سەۋەبىدىن يۈرەكلىرى ئېزىلگەن تەكلىماكانلىقلارنىڭ تىپىك ئېلىپبەنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرىنى ئاڭلاپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن بولسا، تەكلىماكان مەنزىرىسىنى پەردازسىزلا سىزىپ بېرىشكە ئۇرۇنغان تەۋەككۈلچى، خەلق كۈيچىسى مەرھۇم روزى سايىت ئەپەندىنىڭ «دېھقان بولماق تەس» تېمىسىدىكى بىر يۈرۈش شېئىرلىرىنى ئاڭلاپ، يىشىنى تۆۋەن سىلىپ يىغلاشقانىدى.

جاھان مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنىكى بولغان تەكلىماكان تۇپراقلىرىدا بۈگۈنكى زامان «يېڭىچە» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەرق ئۇرۇشى يىراق ئۆتمۈشتىكى شېئىرىيەت قەلئەسىگە قايتىشنىڭ مۇقەددىمىسى بوپقالدى. بۇخىل «يېڭىچە» شېئىرىي كەلگۈلۈك تەكلىماكانلىقلارنىڭ قەدىمكى رىۋايەت تەسەۋۋۇرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسىنى يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەپسانىۋى بەدىئىي دىت ئارقىلىق جەملەپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بۈگۈنكى كۈننى بەرپا قىلدى.

ئابدۇقادىر جالالىدىن بېھىشكېرەم بوستانلىقلىرىدا «شاراب تومۇزى» نى ئىزدەپ، نەۋائىيغا خىتاب قىلغانىدى. ئادىل تۇنىياز قاغىلىقنىڭ قەدىمىي رەسىملىرىدىن چۆچەكچى مومىسىنى ئىزدەپ، ئۈجمىزارلىقلاردا يالىڭاياغ يۈرۈپ، پادىسىنى ھەيدەپ، جاڭگاللىقلارغا بېرىپ تەكلىماكان ئاۋامىلىرى ئارىسىدىن بۈگۈنكى شېئىرىيەت دۇنياسىنى تېپىۋالغان بولسا، «ئۆزۈشەھرىزاتىغا ئەگىشىپ» چۆچەكلەر شەھىرى ئەرەبىستانغا بېرىپ تەكلىماكانغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ ئەرەب قۇملۇقلىرىدا كۆرگىنى ئەرەبلەرنىڭ روھى ۋە سۆڭىكى بولدى. ئۇ تالانت ساھىبى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان 500 يىللىق شېئىرىيەت «دىپلوماتسىيىسى» نى «ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى» ئارقىلىق راۋاجلاندۇردى. مانا بۇ خىل يۈنىلىش كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بوپقالغۇسى.

تەكلىماكانلىقلار ئۈچۈن ئاخىرقى پاناگاھ يەنىلا تەكلىماكان. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەدەنىيەت مۇھاپىزىتى يەنىلا مۇشۇ جايدا جارى بولىدۇ. دۇنيا جۇغراپىيىسىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇۋاتقان بۇ سىرلىق ماكان ئەزەلدىن ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى سىرتقى غىدىقلىنىشتىن ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ھېلىھەم جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ۋە خەلقىنىڭ سەممىيىتى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ پارلاق ئەتىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

---

ئاپتور يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا خىزمىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ


(M1)

## ئىزاھلار

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ياتلىشىشى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997ـيىل 5ـسان ② «قەشقەردىكى يەرشارى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىكى نەقىل جۈملە③، ④، ⑤، ⑦ ئەسەد سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997ـيىل 5ـسان⑥ «مۇنبەر»، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژېت مەنبەسى»ـ ئابدۇكېرىم رەھمان

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ ساننىڭ تەخرىرداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# سۈكۈت تەزكىرىسى

(نەسىر)

نەزەرجان ياقۇپ(جانباز)

ئالدىمدىكى بۇ چوڭ قامۇس سۈكۈت تەزكىرىسى.

ئۇنىڭ ھەربىر ۋارىقىنى ۋاراقلىغىنىمدا تەگسىز سۈكۈتكە پاتقان ھالدا خىيال دېڭىزىغا غەرق بولىمەن.

ئۇنى ئالدىرىماي بىر-بىرلەپ ۋاراقلايمەن.

.. ئۇنىڭ ھەربىر ۋارىقىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىينىڭ جەڭگىۋار سادالىرىنى... سادىرنىڭ قورقۇمسىز يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى... مەمتىلى تەۋپىقنىڭ ئىلھامبەخش مارشلىرىنى... غېنى ئوغرىنىڭ «ھۇررا...» دەپ توۋلىغان چاغدىكى قوپال، ئەمما يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلايمەن...

ئۇنى ئالدىرىماي، بىر-بىرلەپ ۋاراقلايمەن.

.. ئۇنىڭ ھەربىر ۋارىقىدىن تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجى... لارنىڭ نادامەت ئىلكىدە ئىڭىر-ئىڭىر تىنىشلىرىنى... ئابدۇقادىر داموللامنىڭ غۇۋا يېنىپ تۇرغان ساپال چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، خەلقنى جاھالەت قوينىدىن تېزراق قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دادىل قەلەم تەۋرىتىۋاتقان مۆتىۋەر، ئەمما يېقىملىق نۇرانە سىماسىنى... قۇتلۇق شەۋقىنىڭ ھېيتگاھ ئالدىدا تۇرۇپ، كۆك قەرىدە ئۈچۈشۈپ يۈرگەن كەپتەرلەرگە قاراپ ئۇھسىنىشلىرىنى كۆرىمەن... ئۇنى ئالدىرىماي بىر-بىرلەپ ۋاراقلايمەن...

ئۇنىڭ ھەربىر قۇرلىرىدىن تالاي ھېكىم نۇر، روزى موللىلارنىڭ خائىنلىق بەدىلىگە كەلگەن ئاقچىلىرىنىڭ نەپرەتلىك شىرىقلاشلىرىنى، شاپتۇل داموللىنىڭ تىتەي يامۇلىغا كىتىۋېتىپ ئەتراپىغا ئەنسىز كۆز يۈگۈرتكىنىچە ئاللىنىملەرنىدۇ شىۋىرلاشلىرىنى... لى شۇفۇلارنىڭ مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»نى دەستەك قىلىپ، ئۆز ۋەتەندىشى، قېرىندىشى ۋە دىنداشلىرىنى ئالداۋاتقاندىكى رەزىل تاۋۇشلىرىنى ئاڭلايمەن...

سۈكۈت تەزكىرىسى...

ئوقۇيمەن... كۆرىمەن... ئاڭلايمەن...

ۋاراقلايمەن...

ئۇنى شۇنچە يىل ئوقۇدۇم، شۇنچە يىل كۆردۈم، شۇنچە يىل ۋاراقلىدىم، شۇنچە يىل ئاڭلىدىم... بىراق!...

بىراق ئۇنىڭ يىرىمىنى ئوقۇماي تۇرۇپلا كۆزلىرىم تورلىشىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيمەن. يېرىمىنى كۆرمەي تۇرۇپلا سۈكۈتكە پاتىمەن. يېرىمىنى ۋاراقلاپ بولغىچە قولاقلىرىم پاڭ بولۇپ، نىرۋام كاردىن چىقىدۇ... ئۇ، شۇنچە سېھىرلىكمىدۇ؟

سۈكۈت تەزكىرىسى!

ئۇنىڭدىن دادامنىڭ تۈزۈك ھوسۇل چىقمىغان مۆنبەت ئېتىز قىرىدا ئولتۇرۇپ، ئاچچىق موخۇر كىسىنى كۈچەپ شورىغان چاغدىكى قوۋۇزلىرىنىڭ ئىچىگە ھەم تارتىلغانلىقىنى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇمۇ سۈكۈتتە...

ئۇنىڭدىن ئوغلۇمنىڭ مۇئەللىم سورىغان سوئالغا ئۆلچەملىك جاۋاب تاپالماي تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قاراپ شۈمشىيىپ ئولتۇرغان بىچارە ھالىتىنى كۆرىمەن. ئۇ شۇنداق قورقۇنچاق، مۇئەللىم ئالدىدا شۇنداق بىچارە.

..


ئۇنىڭدىن ئانامنىڭ كوچىدا كېتىۋېتىپ، يىرىم يالىڭاچ دېگۈدەك كىيىپ بارغان بىر قىزغا قاراپ: «خۇدا، بەندىلىرىڭگە ئەدەب-ئەخلاق، ھايا ئاتا قىلغايسەن» دېگىنىچە ئاللىنېمىلەرنىدۇ شىۋىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلايمەن... ئۇ ھەيران.

..

ئۇنىڭدىن تام قوشنىمىزنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى ئوغرى ئاچىقىپ كىتىپ، ئۆزىگە ھېچنېمە قالمىغان چاغدىمۇ: «خۇدايىم بىرەر» دېگەن ئىچىنىشلىق، ئەمما ئۈمىدلىك ساداسىنى ئاڭلايمەن...

سۈكۈت... (M1)

## قەبرىستان گۈللىرى



# مەدەنىيەت دالاسىدىكى يېگانە چىنار

سۇلايمان قەييۇم

ھېلىھەم ئېسىمدە، 1995-يىلى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بىر كۈنى بىر دوستۇم ماڭا ئەختەم ئۆمەرنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا بۇلتۇردىن باشلاپ باشلاپ چىقىۋاتقان ئۆزىمىز ھەققىدە قايتا ئويلىنىش خۇسۇسىدىكى چاتما ماقالىلىرىنى بىر ئوقۇپ چىقىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. ژۇرنالىلارنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇدۇم-يۇ، ۋۇجۇدۇم سىلكىنىپ، ماقالىلارغا چۆكۈپلا كەتتىم. ھەتتا بەزى جايلارنى ئوقۇۋېتىپ كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياشلار كەلدى. ياندۇرۇشلاپ بىر قانچە مەرتەم ئوقۇۋەتكەندىن كېيىن كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا سىنىپتىكى باللارغا ئاتاقلىق ئاۋاز ئارتىسىمىز ئابدۇقەييۇم ئىمىننىڭ ئاۋازىنى دوراپ يەنە ئوقۇپ بەردىم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئارىسىدا بۇ ماقالىلاردىن تەسىرلەنمىگىنى يوق ئىدى.

17 ياشقا كىرگەن بۇ يىگىت ... ئېسىمدا ۋەتەن ۋە مىللەتنى قانداق سۆيۈشنى، قانداق قىلسا سۆيگەن بولىدىغانلىقىنى، روھىيىتىمىزنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىدىكى دەخمىزىملەر①نى قانداق داۋالاشنى ئىلغا قىلدۇرغان مۇشۇ چاتما ماقالىلار تۇپەيلىدىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇرمىنى بوپقالغانلىقىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن.

مانا، ئارىدىن بەتتە-سەككىز يىلچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە فولكلورىغا بولغان بىلىمىم ئاشقانسېرى بۇ ژۇرنالغا بېرىلگەن، مەن بىلەن دىمەتلىك دوستلۇرۇم ھەزىم قىلالمىغان ماقالىلارنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ قويىدىغان بولدۇم. ئاستا-ئاستا مەندە روھىيىتىمىزگە تىنىپ كەتكەن لاي-لاتقىلارغا بولغان ئەقلىي تونۇشۇم چوڭقۇرلاشتى. بۇ تۆھپە ئەلۋەتتە مۇشۇ كوچىغا مېنى يېتەكلەپ كىرگەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مەنسۇپ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇژۇرنال كىتاب جاھازامدا قەدىرلىنىپ ساقلىنىدىغان بولدى. خۇددى ئۆزۈم ھېس قىلغانغا ئوخشاش باشقىلاردىنمۇ پات-پات بۇ ژۇرنالنىڭ ئوبدان تەرىپىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن.

بىزدە شۇنداق بىر غەلىتە ئادەت بار: ئەل ئۈچۈن قىلىنغان

بىرەر ئۇلۇغ-ساخاۋەتلىك ئىش ياكى ئىش ئىگىسى ھايات چاغدا تۇزۇكرەك ئېتىراپقا ئېرىشەلمەيدۇ. تالاي ياخشى پىكىر-نىيەتلەر خالىسانە قوللاش ۋە مىننەتسىز غەمخورلۇقنىڭ كەم بولۇشى بىلەن قورساقتا ۋە مېڭىدىلا تۇنجۇقىدۇ. پاجىئە مانا شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىدۇ. نى-نى ئۇلۇغ ئادەملىرىمىز ھاياتلىقىدا قەدىرلىنىش تۇگۇل، خاتا ئۇبرازلاندۇرۇلۇپ خورلىنىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن دۇنيادىكى ئەڭ پاساھەتلىك تىل، كاتتا-نام ئاتاقلار بىلەن كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ئۇلۇغلىنىدىغان بۇ تەتۈرلۈك - پاجىئە خۇددى تارقىلىشچان زۇكامغا ئوخشاش پۈتكۈل ئۇيغۇر روھىيىتىگە تاراپ، رەسمىي جەمئىيەتلەشكەن ئادەت شەكلىدە ئەدىمەكتە.

شۇئاي-شۇ كۈنلەردە ئۇيغۇرنىڭ باغرى خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرگە تولۇپ بېتىپتۇ. يۇقىرىقى سەۋەبتىنمىكىن، ئۇنى بايقاش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېچىكىپلا كېلىۋاتىدىغۇ- تاڭ!

مانا قاراڭ: تەبئەتكە قىشۇ-ياز گۈل كەشتىلەيدىغان پەرىشتە سىياق بىر دېھقان قوش سۆرەۋاتقان كالىسىنى توختىتىپ ئىرگەندە② ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زوقى بىلەن« شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى كۆرمەكتە. ئۇنىڭ چىرايىدا بىرنەرسىنى چۈشەنگەنلىك ئەكس ئەتتى. بېرىنداقنەڭ③قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. ئۇ، ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا بېرىلگەن دېھقاننىڭ جاسارەت، چەكسىز ئۈمىد، بىر ئۇلۇغۋار ئىرادە ئەكس ئەتكەن بەھەيۋەت ھەيكىلىنى بېنىش - بېنىشلاپ كۆردى. شۇتاپتا ئۇنىڭ كاللىسىغا نۇرغۇن ئويلار كەچتى(بۇ سۈرەت 1996-يىل 4-سانغا بېرىلگەن) .

ئادەملەر مىڭىلدىغان قايناق بازاردا بىر ياماقچى خېرىدار كۈتكەچ مۇشۇ ژۇرنالنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇماقتا. بىر مەتبۇئات ئۈچۈن مۇشۇنىڭدىن ئۇلۇغ لەۋھە بولامدۇ دەيسىز!

شۇ خىياللار مېنى ئەسىر قىلىۋالغان شۇ كۈنلەردە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 50يىللىقى ھېچقانداق داۋراڭ-داغدۇغىسىز خاتىرىلەندى. بۇ ژۇرنال توغرىسىدا ئەل سۆيگەن تالانتلىق يازغۇچىمىز نۇرمۇھەممەت توختى ئۆز «مۇبارەكنامە» سىدە (2001-يىل 4-سان) تەبرىكلىگەندىن ئۆزگە ھېچكىم ئىككى ئېغىز گەپ قىلغىنى يوق. ئۆزۈمگە يارىشا مەنىۋى زوق ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇژۇرنالنىڭ يېقىنقى يەتتە يىللىق سانلىرى ئۈستىدە ئويلىرىمنى ئېيتىپ باققۇم كەلدى.

ژۇرنالدا 1995-يىل 5-، 6(قوشما) ساندىن باشلاپ ئاپتورنىڭ ئادرېسى قوشۇپ قويۇلىدىغان بولدى. شۇ ئارقىلىق بىز ئاپتورنىڭ سالاھىيىتىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇق. بۇمۇ بىر ھېسابتا بەلەن بولدى.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بۇروھىيەت باغچىسى ئۆز ئەتراپىغا ئاتاقلىق ئالىم-ئەدىب، تەتقىقاتچىلاردىن تارتىپ، تۆمۈر داۋامەت، مىجىت ناسىر كەبىي ئەدەبىيات ئاشىناسى بولغان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، مەدىكار، ھۈنەرۋەن - كاسىپنىن، ساقچى، بازار باشقۇرغۇچىلارغىچە بولغان تۈرلۈك سالاھىيەتتىكى ئاپتورلار قوشۇنىنى توپلىدى. دېھقان ئاپتورلار دىگەندە يەنە بەزى نەرسىلەرنى دېگۈم بار.

ئۇيغۇرلاردا ئۆزۈندىن بېرى كەتمەن تۇتۇدىغانلار قەلەم تۇتۇدىغانلاردىن كۆپ بوپكەلدى. ئەمدى قاراپ باقساق، قەلەمنىڭ قۇدرىتىنى چۈشەنگەن دېھقان يازغۇچىلارمۇ بۇ قېتىمقى «كۆچ-كۆچ» كە ئاتلانغاندەك قىلىدۇ. دۇرۇس، كەتمەن توختىغان ئەشۇ قولدا قەلەممۇ توختايدۇ. بىز 3000يىلدىن بېرى(تارىخىي ماتېرىياللارغا كۆرە) كەتمەن چاپتۇق. ھېلىھەم%90ئۇيغۇر نەرلەپ - پىشىپ چىپىۋاتىدۇ. ناھايەتكى بۇنىڭ ھېچ خۇلاسىسى چىققىنى يوق.

يۇرتىمىزنىڭ جەنۇبى دېھقانغا شۇنچىلىك باي. ئادەملەر كەتمەن چېپىشنى قاچان ئۆگەنگەن بولسا، دېھقاننىڭ ئەپىنىمۇ پىنىنى بۇزماي تۇرۇپتۇ. ئۆزگىرىش بولدى دېيىلسە، ئىشەكنىڭ ھاڭراشلىرىغا سۆپەكنىڭ④ ئانچە-مۇنچە تارتىلداشلىرى، يېقىملىق ئورما ناخشىلىرىغا كانايىنىڭ ئالا-تاغىل سادالىرى ئارىلىشىپ قالغان. بۇلارنى تەرەققىياتنىڭ غىل-پال شولىسى دېيىش مۇمكىن. ئەمدى قەلەم بىلەن بوز ئاچىدىغان ئاجايىپ بىر دەۋر كەلگەندەك قىلىدۇ. دېھقاننىڭ ئاچچىق تولغاقلىرىنى، بىر ئاڭلىسا خۇددى «مىڭبىر كېچە» گە ئوخشاپمۇ قالىدىغان ھېكايەتلىك قىسمەتلىرىنى يەنە شۇ دېھقان ئۆزى قەلەمگە ئالالىسا، بۇ گويا«قوينى قاساپ سويغاندەك» ئىش بولاتتى.

دېھقاننىڭ باغرى ئۇيغۇرنىڭ تولىمۇ گۈزەل، خىرۇسنالدەك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ساقلاپ ياتماقتا. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئەنەشۇ جەۋھەرلەرنى سۈزگۈچى ماھىر غەۋۋاس بولالامدىكى؟ كەتمەن دېگەن گەپ چىقىپ قالدى. كەتمەن دېگەن بۇ سايمان مىننەتسىز، غەلۋە-داۋراڭسىز قىلىنىدىغان ئالىيجاناب پىداكارانە جىسمانىي ئەمگەكنىڭ يارقىن سىمۋولى. ئۇيغۇرلارنى ھۆرۈن دېگەنلەرنىڭ زۇۋانىنى ھەقنىڭ سۆۋاركىسى بىلەن مەڭگۈلۈككە كەپشەرلىۋەتسەم دەيمەن بۇگۈن دېھقانلىرىمىز چېپىدىغان كۆنگە باشقىلارنىڭ چېپىشى تەس. كەتمەن چاپقاندا قورساقنى ئاچ قالدۇرماي سېرىقتال كۆن ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما قەلەمنىڭ ئەقلىي كاپالىتى(يۇقىرى تېخنىكا) گە ئېرىشەلمىگەن بۇ بىچارە كەتمەنلەر ئۆز ئىگىسىنىڭ ئورنىنى پەقەت يوقنىڭ ئورنىدا ساقلاپ كەلمەكتە. ژۇرنالنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، پىنسىيەدىكى خادىملارنىڭ ئەقلىمۇ ژۇرنالغا جەلپ قىلىنغان. بىزدە پىنسىيە دېگەن سۆز قارت-شاھمات ئويناش ياكى تەسۋى سېرىپ، نامازخانلىق قىلىش دېگەننىڭ يېقىملىق مەنىداش سۆزى بوپقاپتۇ. بەزىدە بۇنى تىنچ يېتىپ ئەزرائىلنى كۈتۈش دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىۋېرىدۇ. سىنىڭ پىنسىيىگە چىقىش-چىقماسلىقىڭ مۇھىم ئەمەس، ئەمما سېنىڭ يۈرىكىڭ سەن ئۆلگىچە پىكىر ۋە ئىجادىيەتنىڭ بۇلىقى بولۇشى كېرەك. ياشانغانلار - مىللەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئۇلارنىڭ قارا چاچلىرىنى، سۇمباتلىق بەستىنى، بۇركۇت كەبىي چوغدەك يېنىپ تۇرىدىغان كۆز نۇرىنى، كۈچ-قۇۋۋەت تېمىپ تۇرىدىغان پالۋان چاغلىرىنى.. ھەممە - ھەممە ئېسىل نەرسىلىرىنى كاج پەلەك ئېپقالدى. ئۇلار مىللەتنىڭ خۇشاللىقى، ھەسرىتىگە تەڭ شېرىك بولۇپ، يىللارنى قېرىتىپ بولالماي، ئۆزى قېرىپ شۇ كۈنگە كەلدى. بىر چاغلاردا ئۇلارمۇ سىزدەك، مەندەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئېغىز گېپىدىن زامان ساۋىقى پۇراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ رېتىمسىز سوقۇدىغان يۈرىكىدە ياشلارغا، بۈگۈنگە، كۈنسېرى «مەدەنىي ۋە زامانىۋىلىشىپ » كېتىۋاتقان ئالىپتە دۇنياغا دەيدىغان بەكمۇ نۇرغۇن ئىبرەتلىك نەسىھەتلىرى بار. ئۇلار سۆزلىشى، ياشلارنى مىللىتىمىزنىڭ ئۇنتۇشقا يۈزلىنىۋاتقان، مەدەنىيەتنىڭ نېمىلىكىنى ئاڭقىرىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن غەلىتە ئەۋلادلار

تەرىپىدىن«ۋاقتى ئۆتكەن - كونىلىق»دەپ قارىلىۋاتقان، ئەمدى سەللا بىخەستىلىك قىلىپ بىتتۈرۈپ قويساق، مەڭگۈ قايتا بارلىقالمايدىغان ئەشۇ تەڭداشسىز ئېسىل ئادەت ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى بىلەن تەربىيەتكە ئىگە قىلىشى، ئۇلارغا ئۆزى قايناپ چىققان زامان قازانلىرى توغرىسىدا پۇخادىن چىققۇدەك سۆزلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەقلى قارت، شاھمات ياكى تەسۋى بىلەنلا خوراپ تۈگىسە، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننى پۈتكۈل مىللەت تەڭ تارتىدىغان گەپ. ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردە باشانغانلارنىڭ ئەقىل بايلىقىنى ئېچىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. «باشانغانلار خەير-ساخاۋەت جەمئىيىتى»، «باشانغانلار فوندى جەمئىيىتى»، «باشانغانلار ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەمئىيىتى»، «باشانغانلار گېزىت-ژۇرناللىرى» قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر باشانغانلار ئۈچۈن ياخشى خىزمەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ.

يېقىندا بىر ماتېرىيال كۆرسەم، ئامېرىكىدا 80نەچچە ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي دوكتورلۇقتا ئوقۇش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپكە كىرىپتۇ. مۇشۇ ماقالىنى يېزىۋاتقان كۈنلەردە تېلېۋىزوردىن بېيجىڭلىق 86ياشلىق بىر مومايىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ھەم تۈرمۇشقا ئائىت سۆزلەرنى خېلى ئوبدان ئىگىلىگەنلىكىنى بىلدىم(بۇموماي بىر تىپىك مىسال) . ھېلىقى مومايدىن مۇخبىر: «سىز بۇياشقا كەلگەندە نېمىشقا جاپا چېكىپ تىل ئۆگىنىسىز؟ »دەپ سورىغاندا، موماي كۈلۈپ تۇرۇپ: « جۇڭگوWTO (دۇنيا سودا تەشكىلاتى) غا كىردى، 2008-يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. چەت ئەللىكلەر كەلسە، ئۇلار جۇڭگونى چۈشىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تىل مۇھىم»دېمەسمۇ، ئىختىيارسىز ئەشۇ جاسارەتلىك مومايغا تەھسىن ئوقۇدۇم. كۆردىڭىزمۇ؟ 86ياشلىق بىر مومايدىكى ھاياتقا، ئىلىمگە، بىلىمگە بولغان قىزغىن ئىستەكنى؟ ئەشۇ مومايدىكى ئۈمىد ۋە جاسارەت ئۇيغۇرنىڭ قانچە پىرسەنت ئالىي مەكتەپ بالىسىدا باركىنتاڭ؟ (بوۋاي - مومايلىرىمىزنى دېمەيلا تۇرايلى) . ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە ، چەت ئەللەردە باشانغانلارنى زاۋۇت-كارخانىلارغا مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلاردىكى پاراسەت بايلىقىنى قېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. مەسىلەن، ئامېرىكا رەئىس جۇمھۇرىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى بويىچە ياردەمچىسى، دۇنياغا مەشھۇر يەھۇدىي سىياسىيئون، دوكتور كېسىنگىر پېنسىيىگە چىققاندىمۇ جىم تۇرماي سەييارە نۇتۇق سۆزلەيدىكەن(ئۇنىڭ «گۈللىنىش يىللىرى» ، «كاتتا دىپلومات» قاتارلىق ئۈچ توم ئەسىرى بۈگۈنكى دۇنيا دىپلوماتلىرىنىڭ نوپۇزلۇق قوللانمىسىغا ئايلاندى) ، ھەتتا ئۇ ئامېرىكا ئارمىيىسى، ھۆكۈمىتى ۋە كارخانىلىرىنى توغرا ۋە ئالدىنئالا مەسلىھەت - ئەقىل بىلەن تەمىن ئېتىدىغان«ئەقىل كۆرسىتىش ئۇچۇر مۇلازىمەت شىركىتى»نىڭ لىدىرى ئىكەن. بۇ شىركەت تەمىن ئەتكەن ئەقىل - ئۇچۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتتە توغرا ۋە ئۈنۈملۈك بولۇپ چىقىدىكەن. ئۇيغۇرلاردىكى «قېرى ئات يول بىلەر»دېگەننىڭ مەنىسى شۇ بولسا كېرەك.

ھازىر خەنزۇلارنىڭ ۋاقىت ۋە ساغلاملىق قارىشى بىزنى بەك ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەتىگەنلىكى پوكۇلداپ يۈگرۈۋاتقان، قوللىرىغا شەمشەر تۇتۇپ، رەتلىك تىزىلىپ ماھارەت مەشىق قىلىۋاتقان، «باشانغانلار مەدەنىيەت زالى»دا ساغلاملىق ئۇسسۇلى ۋە شاھ - مات ئويناۋاتقان، يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقاپ ، قۇشلار چۇڭقۇلداپ سايرىشىۋاتقان باغچىلاردىكى يۆلەنچۈكلۈك كۆرسىدا كىتاب ئوقۇۋاتقان، ئوماق نەۋرىلىرىنى يېتىلەپ باغچىلاردا ھايۋانلارنى تاماشا قىلدۇرۇۋاتقان ئەشۇ بوۋاي-مومايلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ مويسىپىتلىرىمىز قانچىلىكتۇ؟

بېقىمسىزقىلىش، پالغۇزلۇق، تىت-تىتلىق. . . بىزدىكى باشانغانلار دۇچ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق بىنورمال ھادىسىلەر ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە ۋاقتىنى غاجىلاپ تۈگەتمەكتە. باشانغانلار ئەڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە تىنچ - ئازادە - ئارامخۇدا مۇھىتتا ئۇ ئالەمگە شادىمان ئۇزىسام دەيدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەتكە قارىغاندا، بۇخىل ئېسىل ئەنئەنە بىزدە بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئەمدىلىكتە يىگىلەپ كەتسە ھەرگىز بولمايدۇ. باشانغانلار جېنى ھەم قېنى بار، پىكىر قىلالايدىغان تىرىك تارىخ.

بېشىغا ئۈكۈپ كەتكەن شاپاق دوپپا كىيىپ، ئۇستىخان ساپلىق، قوش بېشى شەكلىدە نەقىشلەنگەن، كۆندىن نەقىش چىقىرىپ ئىشلەنگەن غىلاپقا سېلىنغان پىچىقىنى ئاپئاق ئۇزۇن يەكتىكىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان پوتىسىغا ئېسىۋالغان ياكى چارەك كەڭلىكتە قونجى قاتلانغان ئۆتۈكىگە قىستۇرۇۋېلىپ، پادىشىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ، بىيابان تەبىئەت بىلەن ئۆزى بىللىدىغان تىلدا پىچىرلىشىدىغان مالچىلار، سۆتەك ئايدىڭدا شارتىلدىتىپ ئورما ئورۇزدىغان بوۋايلار، ئاتا كەسپىنى تاشلىماي موزدۇزلۇق قىلىدىغان بوۋايلار، 20-ئەسىرنىڭ 30-، 40-يىللىرىدا ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلغان، تالاي-تالاي تارىخىي ۋەقە، ئاچچىق قىسمەت، سىياسىي سۈيىقەستلەرگە شاھىد قېرى باھادىر-غازىلار، ئىدارە-ئورگانلاردىن پېنسىيىگە چىققان موسىپىتلار، ئۈتمۈشتە تۆگە-قېچىرلارنىڭ كارۋان كولدۇرمىلىرىغا ئەگىشىپ جاھان كېزىپ كۆپنى كۆرگەن سودىگەر بوۋايلار - مانا ئۇلار ماڭا ئۆز كەچمىشلىرى ئارقىلىق ھەقىقىي تارىخ تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. جاھان سىرلىرىدىن ساۋاق بېرىپ، چىن ئادىمىيلىكنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

باشانغانلار مەسىلىسىدىن ئاخىرقى خۇلاسە شۇكى، «باشىنىش» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئەسلى مەنىسى «قېرىش » دېگەنلىك بولسا، ئەمدى بىز ئۇنى «باشاش» دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك. ھەرقانداق ساخاۋەتلىك ئىش كېچىككەن بولمايدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «باشىنىش »دېگەنلىك «كېچىكىش» دېگەنلىك ئەمەس. «كېچىكتىم»دەپ ھەسرەت چېكىش ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايدۇ. ژۇرنالنى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بولغاچقا، مويسىپىت زىيالىيلارنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە توختى باقى ئارتىشى، يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق، مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق، ئابدۇرەئۇف پولات تەكلىماكانىي، خوجىئەھمەت يۇنۇس، ئابدۇقەييۇم خوجىلارنى ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىمىز.

توختى باقى ئارتىشى - ئۇنىڭ ئېسىل تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان بارچە ئوقۇرمەننىڭ نەزىرىدىكى «لۇشۈننىڭ جىنى چاپلاشقا ئادەم» . ھەتتىگىنەي، مۇشۇنداق «سۈيۈملۈك جىن»لار ھەممىمىزگە چاپلاشقان بولسا، بۇ چاققىچە بىزمۇ يېتىلگەن «باخشى»لاردىن بولاتتۇق، دېگۈم كېلىدۇ. ئۇنىڭ

تەرجىمىلىرىنى تەرجىمە ئەسەر دېسە، ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بۇ تەرجىمە ئۇستازىنىڭ يېقىنقى سانلاردا ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان ئېغىز تىلىغا شۇنچىلىك يېقىن بىر-بىرىدىن تېتىملىق تەرجىمىلىرىنى ئېرىنمەي ئوقۇۋاتىمەن. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا بىز ئۇنتۇپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتقان، «تىرىلىش»نى كۈتۈپ ياتقان نۇرغۇن كونا سۆزلەر دادىل ھالدا بىز بىلەن ئۇچراشتى. مەن ئارتىشنىڭ تىلماچلىقتىكى بۇخىل ھۈنىرىنىڭ ئەبەدىي بەرىكەت تېپىشىنى ھەم مىللەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پاتۇرالايدىغان تىرەن مۇلاھىزىلىك، پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ تەقدىم ئېتىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئارتىشى ئۇيغۇر تىلماچلىقى ئۈچۈن خاسىيەتلىك بىر كۆۋرۈك سالدى. بۇ كۆۋرۈكتىن ھەربىر ئۆتكەن يولۇچى ماڭا ئوخشاشلا ھۈنەرۋەنگە تەھسىن ئوقۇسا كېرەك. بۇ بىزدىكى ياخشى باشلىنىش ھەم ژۇرنالنىڭ ئۇتۇقلىرىنىڭ بىرى.

مەھمۇت ئىلىياس ئىدىقۇتلۇق مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1988-يىل 5-، 6(قوشما) ساندا ئېلان قىلىنغان «مىللىي مائارىپنىڭ سۈپەت مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرى ئارقىلىق مىللىي مائارىپ (توغرىسى ئۇيغۇر مائارىپى، بۇنى شۇنداق ئېلىشىمىز كېرەك) ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالغان، ھېچ ساقايمايۋاتقان جاھىل كېسەلنىڭ تاشقى پوستىنى ۋە ئۇنىڭدىن ساقىپ چىقىۋاتقان يىرىڭ-زەرداپلارنى خېلىلا ئېنىق رەۋىشتە كۆرسەتتى. مائارىپ ھەققىدىكى مۇشۇنداق ياخشى ماقالىنىڭ مائارىپ مەتبۇئاتلىرىدا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ژۇرنالدا بېسىلىشى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ھەم ھەيران قالدۇرىدىغان ھادىسە. بۇ ھادىسە كىشىدە ئۇيغۇر مائارىپ مەتبۇئاتلىرىنىڭ رولى ۋە مەسئۇلىيىتىگە قارىتا گۇمان پەيدا قىلىشى تۇرغانلا گەپ.

مۇشۇ ئەسەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنى غىدىقلىيالايدىغان مۇھاكىمىلىك ئەسەرلەر ئۇيغۇر مائارىپىدىن ئىبارەت بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ بىر ئىزدا توختىۋالىدىغان، قامچا تېگىپ ئۇرسىمۇ تۈزۈك ماڭمايدىغان قاشاڭ ئات ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. ئۇيغۇر مائارىپى گويا ئۇيغۇرنىڭ ئەمەستەك، ئۇيغۇرمۇ مائارىپنى كېرەك قىلمايدىغاندەك، كىشى ھېچ چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر قىسما - غەلىتە ئەھۋاللار مائارىپىمىزنىڭ ئاچچىق ئۈچىيدىكى دەرد-ھەسرەتلەرنى چۈشىنىدىغان مۇئەللىپكە. ئوخشاش ۋىجدان ساھىبلىرىنى تىنىمسىز ئازابلايتتى. قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەلۋەتتە يازغۇلۇقتە! بىلىدىغانلار، ئويلىغانلار ۋە ئويغانغانلار ھەقلىق يوسۇندا ئۇيغۇرغا قاراپ: «مائارىپنى تاپ!» دەپ ۋارقىراشقا ھوقۇقلۇق. ئەمدى بىز دوپپىمىزنى ئالدىمىزغا ئېلىپ قويۇپ، ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل، ئەڭ مەسئۇلىيەتچان ھالەتتە تەلقىن ئېلىپ بېرىشىمىز، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە مىللىي خاسلىقىمىز بىلەن تويۇنغان مىللىي يىلتىزىمىزغا چەمبەرچەس ئۇلاشقان ئۇيغۇرچە مائارىپ ئەندىزىسىنى روياپقا چىقىرىشىمىز تەخىرسىز ئىش بوپقالدى. كۆپ سانلىق ئاۋامنىڭ نەزىرىدە مائارىپ «مەكتەپنىڭ 30 كۈن بىكار مائاش ئالىدىغان كوت-كوت ئەپەندىلەرنىڭ ئىشى، باللىرىمىزنى ئەتىگەندە بىر ھەيدىۋەتسەك ئۇلارنىڭ روھى ۋە ئەقلى بىلەن نېمە كارىمىز» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار مائارىپقا كەلگەندە بەك تېرىككەك ۋە ئالدىراقسان. بىزچە بولغاندا، مائارىپ دېگەن بۇ نەرسە خۇددى بۇغداي، قوناقتەك ئەتىيازدا تېرىسا، كەچكۈزدە چوقۇم ھوسۇل بېرىشى كېرەك. ئەپسۇسكى، مائارىپ ئاستا ئۈنۈم بېرىدىغان ئۇيغۇر تېبابەت دورىسىغا ئوخشايدۇ. مۇئەللىپ پېشقەدەم پېداگوك ھەم دىيارىمىزنىڭ كىندىكىدە ياشايدىغان بولغاچقا، مائارىپىمىزدىكى ھەسرەتلىك تاتۇقلار ئۇنىڭ ئەقىل كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان. مەن بۇ ماقالىنى تەكرار ئوقۇغاندىن كېيىن مويسىپىت زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئەقىل كۆزىنىڭ خىرەلىشىپ كەتكىنىگە ئەمدى تېخىمۇ ئىشەنمەس بولدۇم. توغرا، مويسىپىتلەر كەچكەن كېچىكلەر، ئۆزگەن ئېقىنلار تالاي. ئۇلار ئەشۇ تارىختىن ئالغان ساۋاقلىرىنى گۆرىگە بىللە ئەكەتسە بولمايدۇ. ئۇ، ئۇيغۇرنىڭ قارا ساقال زىيالىيلىرىغا كېرەك بولىدۇ. مىللەت ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە بىز مائارىپقا كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ بېقىشىمىز، ئىللەتنىڭ يىلتىزىنى مائارىپتىن ئىزدەپ كۆرۈشىمىز كېرەك. مويسىپىت مۇئەللىپ بۇ يولدا تۇنجى كولدۇرمىنى چالدى.

ئابدۇرەئۇف پولات تەكلىماكانىي - ئۇزۇن يىللىق ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ سەمەرىسى بولغان «بىزدىكى ئەبگالىق» (1996-يىل 1-، 2(قوشما)، 3-، 6؛ 1997-يىل 2-، 3 (قوشما)، 4-سانلار) ماۋزۇلۇق چاتماماقالىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردىكى ئىللەتنىڭ يىلتىزىنى سىيلە-رەھىم قىلماستىن ئېچىپ تاشلىدى. بۇئەسەردە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان قىسمەتلەر ھەم ئۇيغۇر روھىيىتىنى قاماللاپ تۇرغان زامان ئىللەتلىرىنىڭ قانچە ئەسىرلىك تارىخىي يىلتىزى ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى شۇكى، روھىيىتىمىزدىكى ناپاكلىقلارنى سۆكۈش بىلەن بىرگە مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاسىيەتلىك تەرەپلىرى ئۈستىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. چۈنكى ئاتنى قامچىلاۋېرىش ئارتۇقچە ئىش بولۇپ، ئەمدى ئۇنىڭغا بوغۇزنى كۆپرەك بەرمەي بولمايتتى. يۇنۇس ئىلىياس ئىدىقۇتلۇق ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان ئالۋىن توفلېرنىڭ «كېلەچەك بىلەن توقۇنۇشۇش» (1999-يىل 5-، 6(قوشما) سان) دېگەن ئەسىرى ئادەمدە سۆدەك ئېقىۋاتقان ھايات، كەلگۈسى توغرىسىدا چەكسىز خىياللارنى قوزغاپ، كىشىنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ.

خوجىئەھمەت يۇنۇسنىڭ «ياپونىيە تەسىراتلىرى» (1999-يىل 1-سان)» - ئۇنۇمسىز، كىچىككىنە ئارالغا دۈۋىلىنىشىۋالغان، ئاتوم بومبىسىنىڭ خارابىلىرىدىن ئەقىلگە تايىنىپ دەس تۇرغان، بۇرۇن غەرب دۇنياسىدىن ئاتوم بومبىسىنىڭ تەمىنى تېتىغان بولسا، ھالا بۈگۈن ئىس چىقارمايدىغان، ئەمما شۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە قۇدرەتلىك ئىقتىسادتىن ئىبارەت بۇ بومبا بىلەن پۈتكۈل دۇنيانى جازالاۋاتقان (ماھىيەتتە بۇ ياپونلارنىڭ قىساس ئىستىكى بولسا كېرەك) ياپون مىللىتىنىڭ خۇشپېئىل گۈزەل پەزىلەتلىرى ۋە ياپونىيىنىڭ مەدەنىي كۆرۈنۈشلىرى توغرىسىدا ئادەمگە سۆيۈنۈش ئاتا قىلىدىغان ياخشى خاتىرە بولۇپ، ياپونىيەگە ھۆرمىتىمىز ۋە زوقىمىزنى قوزغايدۇ.

ئابدۇقەييۇم خوجا - ئارخېئولوگىيە ئۈچۈنلا تۇغۇلغان بۇ مېھنەتكەش ئالىم تارىخنىڭ سۆڭەكلىرىنى قوراشتۇرۇپ، كۆز ئالدىمىزدا ماڭدۇردى. قەدىمىي قەبرىلەردىن چىققان جەسەتلەر سۆزلىدى، كۈلدى، يىغلىدى... تىرىكلەر بىلەن ئۈرۈمچى، توكيو، بېرلىن، پارىژلارغىچە باردى. قازما بۇيۇملار - ئۇ گەرچە

بىرەر پارچە پۇچۇق يارماق، چېقىق كورا، بىرەر پارچە كاناپ، داتلىشىپ كەتكەن سۇنۇق قىلىچ بولسىمۇ، بۇ نەرسىلەرنىڭ خاتىرىسى پۇچۇلمىغانىدى. ئۇلار سۆزلەيتتى. ئارخېئولوگىيە ئۈچۈن تۆرەلگەن ئەشۇ ئادەملەر شۇنداقلا ئەپسۇن ئوقۇۋېدى، بۇنەرسىلەر قىسمەتلىرىنى ھېكايە قىلدى. قۇم ئاستىدا ئۇزۇن يېتىۋېرىپ زېرىككەن «كروران گۈزىلى» مۇ پانىي دۇنياغا قايتىپ چىقىۋېدى، دۇنيا تاڭ قالدى. ئۇنىڭغا ئاتاپ ئىشلەنگەن نەپىس ئۇسسۇل ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ رەھبىرى ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ نەۋرىسى، تالانتلىق باش ئۇسسۇلچى ئاينۇرنىڭ ئىجراسىدا (مۇھەررىردىن) جاھان ئەھلىنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقتى. شۇنداق، ئارخېئولوگ سۇنۇق قىلىچقا قاراپ تۇرۇپ ياۋنى بوراندەك قوغلاپ كېتىۋاتقان ئەزىمەتلەرنى كۆرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پۇچۇق ئىدىشقا چېكىلگەن گۈلدىن ئەجدادلارنىڭ جاھاننى تاڭ قالدۇرغان مەدەنىي ھاياتىنى كۆرەلەيدۇ. ئارخېئولوگنىڭ كۆزى قۇم ئاستىدىكى تارىخنىمۇ ئوقۇيالايدۇ.

ئەختەم ئۆمەر ـ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۆز بۇرچىنى ئېنىق تونۇغان، نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلارنى قوزغىغان سەپرا مىجەز يازغۇچى. ئۇنىڭ مەزكۇر ژۇرنالدىكى «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» (1994 ـ يىل 4 ـ، 5 (قوشما)؛ 1995 ـ يىل 2 ـ؛ 5 ـ، 6 (قوشما)؛ 1996 ـ يىل 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ سانلار)، «نەسىردىن ئەپەندىنىڭ پالاكەتكە يولۇقۇشى»، 1995 ـ يىل 5 ـ، 6 (قوشما) سان)، «ئەجداد روھىنىڭ قايتا چاقىرىشى» (1997 ـ يىل 2 ـ، 3 (قوشما) سان)، «كونا پاختا» (1997 ـ يىل 4 ـ سان) قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن لۇشۇن ئەينى چاغدىكى خەنزۇلارنى ئويغىتىپ بولالماي غەزەپتىن نەرە تارتىۋاتقاندىكى سادالارنى قايتىدىن ئاڭلىغاندەك بولىمىز. ئۇنىڭ ھەرقۇر يازمىسىدىن ئەلەم ۋە غەزەپنىڭ سايىسى كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئەڭ زور قىسمى بولغان دېھقانلارنىڭ قەلبىدىكى پىنھان سىرلار خېلىلا چىن ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ كېيىنچە ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش دېداكتىك چاتما ماقالىلىرىنى قاشاڭ ئاتقا تەگكەن قامچا دېيىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، مۇنداق ئاتلارغا يۇمۇر سۆزلەپ بەرسىڭىز بولمايدۇ ـ دە! ئەينى چاغدا «مىللەتنىڭ يىغىرىنى ئاچتى» دەپ ئاغرىنغان بىر قىسىم كىشىلەر بۈگۈن بۇ ھەقتە زوق ـ شوق بىلەن پاراڭغا چۈشتى. ئەينى چاغدا لۇشۇننى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلار كېيىنچە لۇشۇننىڭ ئابىدە تېشىغا «جۇڭگونىڭ ۋىجدانى» دېگەن خەتنى يازغاندەك.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن (1933 ـ 1995) ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىككىنچى فارابىي» سى بولۇشقا تامامەن ھەقلىق. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئەكەلگەن بوشلۇقنى ئۇيغۇرلار ئەمدى ھېس قىلىدۇ. ئالىمنىڭ ھاياتلىقىدا ئاجايىپ نۇرانە ھېكمەتلەر ۋە كۈچلۈك پەلسەپە پۇرىقى بىلەن يۇغۇرۇلغان شاھانە ئەسەرلىرىنى بىز ئۇنچىۋالا چۈشىنىپ كەتمىدۇق. چۈرتلا كېسىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ زېمىندا ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئىسىملىك بىر ئادەم گويا مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تېخى مۇنداق ئېغىر ۋە ۋەزمىن يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇغىدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى. ۋادەرىخا! بۇ يورۇق يۇلتۇز ئاسمىنىمىزدىن شۇررىدە ئېقىپ كېتىۋېدى، باشقا يۇلتۇزلارنىڭ ئۇنىڭغا ھەرگىز ـ ھەرگىز تەڭداش بولالمايدىغانلىقىنى تۇرۇپلا ھېس قىلدۇق. خەلقىمىزنىڭ يەنە بىر بۈيۈك ئوغلى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1995 ـ 1923) نى «تۈركىيە غازى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئىنستىتۇتى تۈرك تىلشۇناسلىق ئورنىدا ھۆليا كاساپ ئوغلۇ جەنجەل ئۇزاق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ھەم تەتقىقات) ناملىق چوڭ ھەجىملىك دىسسېرتاتسىيىسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن» («مىراس» ژۇرنىلى 1995 ـ يىل 4 ـ سان) گە ئوخشاش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننى تەتقىق قىلىپ دوكتورلۇققا ئېرىشىدىغانلار جەزمەن چىقىدۇ. ھەسەل ھەرىسىدەك تىنىم تاپماس بۇ ئالىمنىڭ ژۇرنالدا «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» (1993 ـ يىل 5 ـ، 6 (قوشما) سان)، «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» (1997 ـ يىل 1 ـ سان)، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» (1995 ـ يىل 5 ـ، 6 (قوشما) سان)، «بەدئىي ئىجادىيەتتە ئاياللار تەسۋىرىنىڭ ئىجادىي قىممىتى» (1999 ـ يىل 1 ـ سان)، «ئارىفنامە» (2000 ـ يىل 4 ـ، 5 (قوشما) سان) قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ، روھىيىتىمىزدىكى تەگسىز بوشلۇقلاردا تەۋرىنىش ھاسىل قىلدى. مەن مەرھۇم ئالىمنىڭ تاپالىغانلىكى ئەسەرلىرىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئوقۇدۇم، ھېلىھەم ئوقۇيمەن. ھەر قېتىم ئوقۇسام، تەپەككۇر ئېرىقلىرىمدىكى سۇ كۆپىيىدۇ، گاھىدا ئەزىم دەريادەك تاشقىنلايدۇ. . .

مەن ئالىمنىڭ «ئۆمۈر تەلقىنلىرى» نى ئوقۇپ تاڭ قالدىم. تېخى ھېچبىر ئۇيغۇر ئالىم (مەن بىلىدىغان) ئۆز ھاياتىنى مۇنداق تەلقىنلەپ، تارازىغا سېلىپ باقمىدى. ئادەم دېگەن ھەرمىنۇت ئۆمرىنى تەلقىنلەپ، خۇلاسىلاپ تۇرۇشى، ئىلمىيەز زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھەرقانداق قىلچە مۇرەسسەسىز ھالدا ئالىمنى دورىشى كېرەك. ئالىمنىڭ ئاياغ ئىزى ئۆچسە، بالا ـ قازا دېگەن شۇ! ئۇيغۇرلار يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە ھەقىقىي ئالىم بىلەن ساختا ئالىمنى ئايرىيالماي، ساختا ئالىملارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇلنى تولا ئويناپ، مەرھۇم ئالىمنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «يۇلتۇزىمىز تۆۋەنلەپ كەتتى». ئالىملار ئېتىبارسىز سانىلىدىغان، ھۆرمەت تەختىدە پىتنىخور، يىللار بويى قۇرۇق ۋالاقلاشتىن ئۆزگە مىللەتكە بىر تىيىنلىق ئەمەلىي نەپ يارىتالمايدىغان چايان سۈپەتلىك ئادەمسىمان مەخلۇقلارنى ئولتۇرغۇزۇپ ئەتىۋارلايدىغان، پەقەت ھەقىقىي قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئادەم گۆرگە كىرىپ، تالاي يىللار ئۆتكەندە تۇپراق بېشىغا بېرىپ زار يىغلايدىغان ئۇسال قىلىق بىزگە ئۇدۇم بوپكەتتۇ. بەس، يېتەر!

62 يىللىق ھاياتىنىڭ 40 يىلىنى تىنىمسىز كۈرەش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ ھەر ئىككى يىلىدا بىردىن كىتاب، بەشتىن ماقالە يېزىپ (ئالىم ئۆمرىدە 21 كىتاب، 184 پارچە ماقالەيازدى.) «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» گە قاراڭ)، بىزگە 22 خىل يېپيېڭى پىكىرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ گىگانت ئالىمنىڭ «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»، «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى»، «يىپەك يولىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭگۈشتەرىنى قايتا تېپىۋېلىش»، «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار» (1989 ـ يىل 6 ـ سان)، «مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۈچبۇرجىكى» (1990 ـ يىل 5 ـ سان)، «كەلگۈسى بۇيەردىن باشلىنىدۇ» (1992 ـ يىل 2 ـ سان)، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» (1993 ـ يىل 1 ـ سان)، «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» قاتارلىق ماقالىلىرىنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمدا ئالىمنىڭ تىل

ئىشلىنىشىنىكى ئاجايىپ دەللىكى، بىر-بىرىدىن پاساھەتلىك ئوخشىتىشلار، «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويغاندەك ياراشقان تارىخىي نەقىل-ئىشارىلەر، تىناك تومۇرغا تېگىدىغان ئاچچىق ، كىنايىلىك تەسۋىرلەر، بىر-بىرىدىن ئېغىر، ۋەزمىن جۈملىلەر ھېچ كىشىنىڭ ماقالىسىدا ئۇچرىمايدىغان خاس ئەھۋال ئىدى. شۇنداق، ئالىمنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرلار تېخى ئۇزۇنغىچە كۆشەيدۇ. مۇھتەرەم ئالىمىمىز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىدە ئۇيغۇرلارغا سانسىز سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى:

«بىز قەدىمكى يىپەك يولىنى قايتا ئويلانماي، بېكىنمىچىلىك ھالىتىدە ئۆتكەن يېقىنقى بەش ئەسىرنى قايتا ئويلانماي، . . . (يېڭى يىپەك يولى)غا قانداق قەدەم قويالايمىز؟ قاغىدەك قارغاپمۇ، مۇشۇك ياپىلاقتەك سۈرتەلەت كۆرسىتىپمۇ، تۇگە قۇشىدەك بېشىمىزنى قۇمغا تىقىۋېلىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بۇ زامان زورۇرىيەتلىرى ئالدىدا نېمىلەرنى ئويلىشىمىز كېرەك؟ دۇنيادا يەنە بىزنىڭ ھالىمىزدىنمۇ تۆۋەنرەك يەنە قانداق ئىنسان تۈركۈملىرى بولسۇن؟ يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە(ئەۋلىيا چەتتىن، مۇرىت بىزدىن) بولۇپ، ئىچكى نىزا ۋە تەپرىقىچىلىكتە ئېرىشكىنىمىز زادى نېمە بولدى؟ بۇ روھىي ئىللەت ۋۇجۇدىمىزنى ھېلىمۇ چىرماپ تۇرمامدۇ؟ نۇسرەت سۇمۇرغى، بۇ ئىقتىدار بۈركۈتى، بۇ سائادەت ئەنقاسى قېنى؟ ( شېئىر مىللىتى ) دېگەن نام بىلەن ( تالانتلىق ) ، ( ئاتاقلىق ) ئىبارىسىگە مەست بولۇپ، بۇجەھەتتىكى ئۇتتۇقلىرىمىز نېمىشقا مىللىتىمىزنى( ئېتنولوگىيىلىك مىللەت)تىن ھېچبولمىغاندا ( ئىجتىمائىي مىللەتلىك ) ماقامىغا كۆتۈرمىگەنلىكىنى ئويلاپ كۆردۇقمۇ؟ ياكى ئۆز ھالىمىزدىن خەۋەرسىز دۇنياغا تونۇلىمىز، دەپ يۈرۈۋېرىمىزمۇ؟ دەرۋەقە، بىر قاتار ئەدەبىيات تومىلىرىنى نەشر قىلدۇق، ئەمما ئۇلار بىلەن ھەقىقىي رېئاللىقىمىزنىڭ( ئۆچەي باغرى)نى قانچىلىك سىزىپ بېرەلىدۇقكى؟! ھېچ بولمىغاندا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئەدىبىمىز تەجەللىيدىن كېيىنكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتىمىزدە ئىلگىرىكى قەلەمكەشلىرىمىزدىن ھالقىغان ياكى پەرقلەنگەن قايسى تەپەككۇر يېڭىلىقىنى ، قايسى ھېكمەت دۇردانىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەقلىي بىلىش تارىخىمىزغا تۆھپە قوشالىدۇق؟! ئەدەبىيات ئوبزورى ۋە تەنقىدى مۇشۇ سۆزۈك مەسىلىلەرنى ئېنىق قىلىپ، ھەق-ناھەق نەرسىنى ئايرىتىپ، ھالىمىزغا غەمگۇزار بولالىدىمۇ؟! بىلمىدىم، قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ قەلەملىرى بورىۋايىدەك نېفىت قاتلاملىرىغا - ھەقىقىي ھال-ئەھۋالىمىزغا يەتمەي، قۇرۇق تاش-تۇپا قاتلاملىرىدا پىرقىراپ سۈرمەللىشىپ كەتتىمىكى؟! مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ھەمدەملىكىنى پارچىلاۋاتقان ئىللەتلەرنى. . پەرق ئېتىش-ئېتەلمەسلىكىمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئېگىزلىكىدىكى ئەقىل-پاراسەتكە باغلىق. . . كېيىنكى بەش ئەسىردىن بۇيان بۇ ئىشتا ھەسسىلەپ بەرگەن قۇربانلىرىمىز ئازمۇ؟!» («يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»تىن) .

بۇ، ئالىمنىڭ سوئال جۈملە ئەڭ كۆپ ماقالىسىنىڭ بىرى بولۇپ، سوئاللاردىن ئوت-يالقۇن چاچراپ تۇرىدۇ! سوئاللار نۇقەدەر ئاچچىق ئەلەملىك، شۇقەدەر ۋەزمىن ۋە ئېغىر، نۇقەدەر كەسكىن ۋە ياڭراق! مەن بۇ سوئاللارنى دائىم ئوقۇپ تۇرىمەن. ھەرقېتىم ئوقۇغىنىمدا مىللىتىمىزنىڭ نامى ئۆلمەس مۇتەپەككۇر ئوغلى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ جاھالەت باغرىدا تۇزۇلغان ياڭراق ساداسىنى، مىللىتىمىزنىڭ يالقۇنلۇق ئوغلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىينىڭ ئىسيانكارانە نەرىسىنى، كۆپ قىرلىق پىرىزمىغا ئوخشاش تالانتلىق ئوغلىمىز مەمتىلى تەۋپىقنىڭ جەڭگىۋار مارشلىرىنى قايتىدىن ئاڭلىغاندەك بولىمەن. توۋا! دانىشمەن بوۋىلارنىڭ ئاچچىق ئۆگۈتلىرى ۋە قايناق سادالىرىنى ئارىدىن 70 يىللار ئۆتۈپ يەنە قايتىدىن ئاڭلاۋاتىمىز-ھە!!! . . .

خۇش، ئەزىزىم! سىزچۇ؟ مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان دەقىقىدە كاللىڭىزدا قانداق پىكىر چاقماقلىرى چېقىلىدۇ؟ بەختسىز ئالىم شۇ تاپتا گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرۇۋاتقاندۇ؟! سىز ۋە بىز مۇشۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپمىساق، ئۇنى يەنە نەۋرىلەرگە نىسى قالدۇرساق، ئالىمنىڭ روھى قورۇنمامدۇ؟ چۈنكى نەۋرىلىرىڭىزمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تاپىدىغان تېپىشمىقى، جاۋاب ئىزدەيدىغان سوئالى بولىدۇ. شۇنەرسە ئېنىقكى، بىز نەۋرىلەرگە ئۇنچىۋالا جىق سوئال مىراس قالدۇرساق بولمايدۇ. ئۇلار ئەڭ ياخشىسى سوئاللارنى ئۆزى ياراتسۇن ھەم ئۆزى جاۋاب بەرسۇن. ئەنە شۇنداق بولغاندىلا «مەن سىز بىلەن سۆھبەتلەشكەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىمايدىغان مېڭىلەر ۋە تەۋرىمەيدىغان قەلەملەر» (يۇقىرىقى ماقالىگە قاراڭ) مۇ ئويلايدىغان، ئويلىغاندىمۇ راۋۇرۇس ئويلايدىغان ، قەلەملەرمۇ تۈزۈك تەۋرەيدىغان بولىدۇ. ئالىم ۋاپاتىدىن بىر ئاي بۇرۇن يازغان بۇ ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا: «ئامان بولۇڭ دوستۇم» دەپتۇ. قاراڭ، ئەزىمەت ئالىم بىزگە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىزگۈ ئۈمىدىنى يۈكلەپتۇ.

ئابدۇللا سۇلايماننىڭ «تەكلىماكان ئوغلى» ( 1997-يىل 1-سان) دېگەن ئەدەبىي ئاخباراتىدىن ياپونلاردىن چىققان ھاتەم - مەدەنىيەت ئاشىناسى، تەكلىماكانغا مۇھەببەت قويغان كوچىما ياسوتاكىي (شياۋداۋ كاڭيو) نىڭ تەسىرلىك ئىشلىرىنى بىلدۇق. ھازىر مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇرلار بىلەن ياپونلارنىڭ يىلتىزداشلىقى توغرىسىدا غەيرىي رەسمىي پاراڭلار ئاۋۇپ قالدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ياپونلار ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى تولىمۇ ئىخلاس بىلەن تەربىيىلەۋاتقۇدەك. بۇمۇ بەلكىم ياپونلارنىڭ «تەكلىماكان مۇھەببىتى»نىڭ ۋەجى بولسا كېرەك.

ئابدۇللا ساۋۇت - «تەڭرىنىڭ ئوغلى» ( 1996-يىل 3-سان) ، «تۇمارىس» ( 2000-يىل 2-، 3( قوشما) سان) » ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئوغۇز خاقان ۋە تۇمارىسنى تىرىلدۈرۈپ ئالدىمىزغا باشلاپ كەلدى. ئۇلاردىكى بالقىپ تۇرغان تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز جاسارەت ۋە مەردانىلىقنى زامانىۋى دۇنياغا تارتۇق قىلدى. ئوغۇزخاقان ۋە تۇمارىس ئىشلەتكەن قەدىم سۆزلەر بىزگە تەزىم قىلدى. ئۇلارنى خۇشاللىق بىلەن لۇغەت تەركىبىمىزگە باشلاپ كىرىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

نۇۋەتتە كەلگەندە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتەيكى، ژۇرنال يەرلىك كونا تىللارنى تىرىلدۈرۈش ھەم قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىشلارنى قىلدى. مەسىلەن، ئوقۇرمەن، كىملىك، ئۇستاز مۇئەللىپ، كامالى ئېھتىرام، شەھرى خوتەن، خۇشھال، تىلماچ، ئالىمە، مۇئەللىمە، ۋەكىلە، ھەمدەم تۈرمە باشلىقى، كېسەلخانا. . . ۋەھاكازالار. . . بۇنداق خاسىيەتلىك خىزمەتنىڭ بېلى چىم بوپكەتمىسە ، دەيمەن.

ئادىل تۇنىياز-ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت دۇلدۇلىغا مىنىپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىي تەپەككۇر قورغانلىرىنى ئېرەختەن-پەرەختەن قىلىۋەتتى. ئۇ، «قەشقەردىكى يەر شارى» ( 1995-يىل 5-، 6-

(قوشما) سان) نى ئالدىمىزغا دومىلاتتى. «قەشقەردىكى يەرشارى، ؟ بۇ قانداق گەپ؟ بۇ شائىرچاق ئېزىپ قالدىمۇ نېمە؟ قەشقەر دېگەن يەرشارىدا بولمامدۇ؟» پېقىر بۇ گەپلەرنى نەشرىيات كوچىسىنىڭ «شەھەر سورايدىغان» بىر چالا تونۇشۇمدىن ئاڭلاپ قالغانمەن. شۇنداق، نەشرىيات ئالىمى دېگەن رەڭدار بولىدۇ. ئەسلىدە قەشقەر دېگەن يەرشارىدا بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئادىل باتۇرلۇق بىلەن يەر شارىنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ كەلدى. سۆزلەرنى كۆرۈنۈشتە مۇشۇنداق تەتۈر ئورۇنلاشتۇرۇش ئوقۇرمەنلەرگە پايانسىز بىر تەپەككۇر ساماسى يارىتىش ئۈچۈندۇر. توغرا، يەرشارى قەشقەردە نېمىش قىلىدۇ؟ بۇ بىر ئىستىلىستىكىلىق تەپەككۇر قىممىتىگە ئىگە سوئال. ئەزىزىم، سىز قەشقەرنى چۈشىنەمسىز؟ قەشقەر دېگەن نېمە؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، قەشقەر ئۇيغۇرنىڭ ھەيكىلى، يەرشارى قەشقەرنى خاسىيەتلىك شەھەر دەپ تونۇيدۇ. ھېيتگاھ جامەسى دەل قەشقەرنىڭ ھەيكىلى. يەر شارى قەشقەرنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى يەرشارىغا قەشقەر لازىم بولغان ھەم بولىدۇ. كىمدۇ بىرى قەشقەرنى «شەرقتىكى رىم» دەپ ئاتاپتۇ، مەن بۇنىڭغا ئانچە قوشۇلمايمەن، بەلكى رىمنى «غەربتىكى قەشقەر» دېسەك يارىشار. يەنە ئاللىكىملەر قەشقەرنى «سانىي بۇخارا» (2-بۇخارا) مۇ دەپتۇ! مەيلى نېمىلا دېسۇن قەشقەر يەنىلا پېتىنى بۇزماي، غېمىدىمۇ يوق ئۆز ئىشى بىلەن ھەلەك ئىدى. قايسى ئامانلاركى «قەشقەر چۆكۈشكە باشلىدى» (ئەختەم ئۆمەر). ئەپسانىلەردىكى دېۋىمۇ بىر ئۇخلىسا 40 كۈن ئۇخلايتتى، ئەمما قەشقەرنىڭ خورىكى 500 يىل داۋام قىلدى. پەرەڭلەر قەشقەرنىڭ «تۆمۈر بېلىق»، «ياغاچ ئات»، «خىسلەتلىك تۆگە» ھەققىدىكى تاتلىق چۈشلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دەريايى ئەزىمى، ھاۋايى مۇئەللەق ۋە قۇرۇقلۇقتىكى ھەيۋەتلىك ئاۋقۇن-سۈرەنلىرى بىلەن قەشقەرنىڭ خورەك ئاۋازىنى بېسىپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن قەيت قىلغاندەك «يېڭى يىپەك يولى» ئېچىلىپ، «كەلگۈسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدىغان» بولدى. قەشقەر بۇ دولقۇنلاردىن چەتتە قالالمايتتى. بۇ ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلانغۇدەك مادار ئۇنىڭدا تېخى كەم ئىدى. قەدىمكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتكە پاتقان، ئۇيغۇر فولكلورىغا باي بۇ شەھەر ھەققىدە ئادىل داستانىنىڭ بېشىدا:

سالام ئۇيغۇر دېگەندە قۇياش،
سالام ئۇيغۇر دېگەندە تارىخ
قەشقەر شەھىرى ئوخشار قەسىرگە.»

دەپ يازىدۇ. قارىماسىز! دۇنيا ئانچە يۈزسىزمۇ ئەمەسكەن. قەشقەر دۇنيانى تاشلىۋەتسىمۇ، دۇنيا يەنە قەشقەرنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەرمەكتە. قەشقەرنىڭ ئېسى قورۇپ كەتسىمۇ، دۇنيانىڭ قەشقەر توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. «قەشقەر ئاجايىپ شەھەر. ئۇھازىرمۇ ئۆزىنىڭ گەپدانلىقى بىلەن مەشھۇر. مەن ئۇنىڭ ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدا پەتىۋالارغا قانچىلىك تولغان شەھەر ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. پەقەت ئۇنىڭ ئەشۇ پەتىۋاچىلىقى بىلەن شىنجاڭ تارىخىدا تېگىشلىك رولىنى ئوينىيالماي قالغانلىقىنى ئاز-تولا ھېس قىلىمەن» دەيدۇ داۋۇت ئوبۇلقاسىم «بىزگە مەنتىلى ئەپەندىدەك ئوغلانلار كېرەك» (1997-يىل 5-سان) دېگەن ماقالىسىدە. شۇنداق، گەپدانلىق، مەمەدانلىق بىلەن موللا زەيدىنگە ئوخشاش، زېرىكىپ قىلغىلى ھېچ ئىش تاپالماي ئىچ پۇشۇقىنى ئۆلەي دەپ قالغان تۇرپان ۋاڭىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، ھېچبولمىغاندا «ئوردا قىزىقچىسى» دېگەن مۇبارەك نامغا ئېرىشكىلى بولغاندىن باشقا، جىق ئىشلارنى قىلغىلى بولمايتتى. ئۇيغۇرچە نام بىلەن ئاتىلىدىغان يېگانە چاغلىق بىرەر نەرسىنى ئىجاد قىلىپ، دۇنياغا سۇنغىلى تېخىمۇ بولمايتتى. «قەشقەرنىڭ تارىخى موسكۋانىڭ تارىخىدىن مىڭ يىللار ئۇزۇن. بىز رۇسلار ياكى سلاۋيانلار موسكۋا شەھىرىنى بەرپا قىلىپ، ئەمدىلا ئورمان ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، سلاۋيان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان شەھەرلىشىپ بولغان، شانلىق، يۇقىرى مەدەنىيەت ھاياتىدا ئىدى، دەيدۇ رۇس تارىخچىسى ۋاسىلىيېف ئەپەندى. مانا بۇلار قەشقەر دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى.

«مەن قەشقەرنى تۇنجى زىيارەت قىلغىنىمغا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بوپتۇ. 50يىلدىن كېيىن بۇيەرگە كەلگىنىمدە كۆرگىنىم يېپيېڭى قەشقەر بولدى. زامانغا لايىق بۇ شەھەردە زامانىۋى تۇرمۇشقا لايىقلاشقان جىمى نەرسە تېپىلىدىكەن. ئەمما بىزنىڭ سېغىنىدىغىنىمىز قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاۋۋالقى سېھرىي كۈچى ۋە مېنى قەدىناس دەپ بىلىدىغان ئەشۇ ئۇيغۇرلاردۇر» دەيدۇ گۇننار ئالفېرىد ياررىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» دېگەن كىتابىدا. گۇننار ئەپەندىنىڭ: «زامانىۋى تۇرمۇشقا لايىقلاشقان جىمى نەرسە» دېگىنى سەل مۇبالىغە بولسىمۇ، كېيىنكى سۆزىنى چىن دېيىشكە بولاتتى. قۇياش ۋە تارىخ دەل شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەرگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

شۇتاپتا ئۇيغۇردىن باشقىلار قىلىدىغان ئىشنىڭ تولىلىقىدا ھەتتاكى «ۋاقىتنى ئاستىلىتىپ» باقمامچىمۇ بولۇشۇۋاتىدۇ. ئامېرىكىنى يورۇتقان قۇياش گەرچە بىرلا ۋاقىتتا بولمىسىمۇ، قەشقەرنىمۇ نۇرلاندۇرىدۇ. ئەمما قەشقەر نېمىش قىلىۋاتىدۇ؟ قەشقەر بىكار بوپقالسىلا (ھەيھات! بىزدىكى بىكارچىلىققا زادى گەپ توغرا كەلمەيدۇ) ئىش ھەققىنى ئالغان ھامان دەرھال قاۋاقنى بوقلايدۇ.

مانا قاراڭ:

قاۋاقخانا
كالا كۆزلۈك جۇۋاندەك
ئەركەكلەرنى قىلار مەھلىيا.
شارابلارنىڭ خۇشبۇي بەرگىگە،
قەدەھلەرنىڭ ئوتتەك لېۋىگە،
يىغلاۋاتقان شامنىڭ كۆزىگە،
كۆمۈلىدۇ ئەرلەرنىڭ تېنى.
- نەسەۋەبتىن ئىچتىڭ قەلەندەر؟
- بەك ۋاپاسىز چۈنكى ئادەملەر.
- ئىچەيلىمۇ بۈگۈن،
- نېمىشقا؟
- ئىش ھەققىنى ئالدىم قولۇمغا.
.......
شاراب ئىلاھى،
قەشقەردىكى قاۋاقخاندا.

مانا بۇ ئادىل تۇنىياز مىسرالىرىدىكى ئەزىزانە قەشقەر ياكى قەشقەردە يايلاپ يۈرگەن ئادىلنىڭ يۈرىكى. يەنە قاراڭ:

جىمجىت يۈرەكتەك

جىمجىتلىقىنى مەسچىت مۇنارى،
كۆز،
سۆزلىيەلەيدىغان كۆز.
خۇدا،
بەندىسىز خۇدا.

ئاجايىپ بىر ھال، بۇيەردە كۆزمۇ سۆزلەيدۇ. خۇدا بەندىسىز قالغان. مەسچىت بىلەن قاۋاق بىر-بىرىدىن بەسلەشكەندەك كۆپەيمەكتە. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن قەشقەر «قەدەھنىڭ لىۋى» دىن ئۆتمۈشنىڭ جۇلالاپ تۇرىدىغان دەۋرىنى تاپالمايتتى. قەشقەر بۇنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى، بۇنى چۈشىنىدىغانغا ۋاقىت كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ گەپدانلىقى، «جېنىنىس رېكورتى» غا كىرگۈزسىمۇ ئەرزىيدىغان كاسكىلىقى بىلەن شۇ قەدەر ھاياجانلىق ۋە سۆيۈملۈك غەيۋىتىگە چىلىشىپ ياشايدۇ.

كوچا-كوچا - يەنە بىر كوچا،
بىر توپ ئايال چۈشكەن پاراڭغا.
- ئاڭلىدىلىمۇ چىرايلىق قوشنام،
گۈللۈك، نېپىز قەغەزدەك ئىشتان
ئەتقەرەدە بوپتىمىش مودا.
- قىزنىڭ قېشى شالاڭمۇ نېمە؟
باردىلىمۇ ئاخشامقى تويغا.
- چېچەن دېگەن ئەشۇ ئەخمەق خەق،
تەنگە سىڭگەن نېمىنى يېمەي
ئۇرۇش قىپتۇ دەيدۇ يېقىندا.
- ئەر چىقماپتۇ سەنئەتچى قىزغا.

مانا بۇ ئادىل قەلىمىدىكى قەشقەرنىڭ ھاياتلىق ئېقىنى. پەيلاسوپ ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتساق، قەشقەر «بېشىغا زامانىۋى پاسوندا قاملاشتۇرۇپ چاچ قويۇۋالغىنى بىلەن»، بۇ كاللىلاردىكى پىكىر ئاتام ئېيتقان بايىقى بولۇپ، شۇنچە زامانلاردىن بېرى دۇنيانىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك بىرەر ئىجادىي خىياللار بۇ كاللىلاردا پەيدا بولايمۇ دېمەپتۇ. جاھان پىلانىتلارتەپەككۇرى دەۋرىگە ئۆتتى. ئۇزاقتا بارماي بۇخساپ⑤ كەتكەن ئەللەر تاشقى پىلانىتلارنى دەپ قان چېچىشى ماھال⑥ گەپ ئەمەس. تۇمەنىڭ ئەپسۇسكى، بىزنىڭ تولىمۇ سۆيۈملۈك بۇگەپدان شەھەر ساتسا بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان ئەشۇ غەيۋىتى بىلەن قالتىس ئاۋارە. بوۋىلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، مەككە بىلەن قاۋاق ئارىسىدا بەكلا ئالدىراش ھالدا بۇزچىنىڭ موكىسىدەك قاتناپ يۈرمەكتە. قەشقەرنىڭ تەقى-تۇرقىغا قاراڭ: قەشقەر دۇنيانى شۇنچىلىك ساددا، گۆدەكلەرچە، شۇنچىلىك يۇمۇرىستىك ھالەتتە كۆزىتىدۇ. ئادىل تۇنىياز ئۇيغۇر كوچىسىدىكى ئىنتايىن كىچىك دېتاللارنىمۇ بوش قويۇۋەتمەي، ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ئاشقازىنىدا ھەزىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ بەئەينى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ رېتىمىگە ئوخشايدىغان ئويناق مىسرالىرىدا سۆزلەر بىر-بىرى بىلەن شۇنچىلىك ماسلىشىپ، ئۇسسۇلغا چۈشكەن. بۇ ئۇسسۇللار شۇنچىلىك ئەركىن ھەم تەبىئىي. ئادىل ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ قويمايدىغان پىنھانە بۇلۇڭلاردىن ئۇيغۇرغا، ئۇيغۇر تىلىغا، بەكمۇ سېھىرلىك تۈس ئالغان دىنىي ۋە روھىي كەيپىياتىغا، قانچە ئېرا بۇرۇنقى رىۋايەتكە ئايلانغان تارىخىغا، بايرام - مۇراسىملىرىغا. . . ھەممە - ھەممىلا نېمىسىگە ئابدۇقادىر جالالىدىن ئېيتقان «ئۈچىنچى كۆزى» بىلەن سەپسالىدۇ. شېئرىيەت قەسرىدە ئادىلنىڭ تەبىئىي كۆزى ئۆز رولىنى يوقاتقاندەك ئىدى. شۇنداق، ئادىل تۇنىياز ئۆزىگە خاس شېئرىي تىلى، شېئرىيەت تەپەككۇرى، شېئرىي كۆزىنىشى ئارقىلىق مىڭىلا ئەمەس، نۇرغۇنلىغان شېئىر مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆلۈك تەپەككۇر كۆلچەكلىرىنى چۆلغىتىۋەتتى.

ژورنالدا ئادىلنىڭ ئەدەبىيات كۆلچىكىمىزگە ئاتقان يەنە بىر تال تېشى «ئۆمۈچۈك، شېئىر ۋە تەپەككۇر قاتلىمى» (1999-يىل 5-، 6-(قوشما) سان) دېگەن ئانالىز ماقالىسىدۇر. بۇنى شېئرىي تىلدىكى ماقالە ياكى ماقالىسىمان شېئىر دېسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئادىل ئۈچۈن شەكىل ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەستەك قىلىدۇ. پىكىر ھامان شەكىلنى تۇغدىغۇ! ئادىل بۇ ماقالىسىدا ئۆزىنىڭ جىنسىيەت، ئۆمۈچۈك، شېئىر، تەپەككۇر، ئىنسانىيەت، تەبىئەت، دىن، خۇدا، ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جۇغراپىيىسىنى ئۆزگىچە چۈشىنىشىدىكى روھىي ئارخىپلارنى بىزگە ئەينەن تاپشۇردى. قەلەمكەشلىرىمىزدە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدلىگۈچى سۆپىتىدە بېزىپ باققانلار بەكلا ئاز. ئادىلنىڭ قەدىمىي خاسىيەتلىك سەپىرىنىڭ بېشى بوپقالار. راستىنى ئېيتسام، ئادىلنىڭ شېئىرلىرىنى شۇنچىلىك ياقتۇرساممۇ، ئەمما ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مېڭىپ يۈرگەن شۇنچىۋالا كۆپ ئۆمۈچۈكلەرنى زادى نېمىش قىلىدىغاندۇ، دەپ زادىلا چۈشەنمىگەنىدىم. ماقالىنى ئوقۇپ بولۇپ كاللام «ۋاللىدە» قىپقالدى. ئادىل ماقالىسىدا تېخى مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەر خىرە-شىرە بايقىسىمۇ، ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى چېتىشتۇرۇپ تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ. قارىماسىز، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆمۈچۈك تورى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋەت تورى قانچىلىك ئوخشاپ كەتكەن؟ ھەتتاكى رەتلىك ھەم قالايمىقان شېئرىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزىمۇ ئادىل ئۈچۈن بەجايىكى ئۆمۈچۈك تورى. ھەتتا ئۇ تەسەۋۋۇردا شۇنچىلىك تەلۋىلەشكەنكى، «كائىناتنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ غايەت زور ئۆمۈچۈك تورى، ئالەمدىكى ھەر نەرسە بىردىن ئۆمۈچۈك» بوپقالغان. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ئالەمىدە دىنىي ئاڭ، دىنىي تەپەككۇر، دىنىي تۇيغۇ، تىل، «ئىنسانىيەتنىڭ تەنھالىقى بىلەن خىلۋەت جىمجىتلىقتا تىنىمسىز تور توقۇيدىغان ئۆمۈچۈك»، ئىنساننىڭ بىنا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ماكانى، كېلىمات، جىنسىيەت، ئەرمىللەتنىڭ پسىخىكىسى، مەدەنىيەت-مۇراسىم، جىنسىي ئەركىنلىك، يوشۇرۇن ئاڭ، ئەپسانە، مەدەنىيەتنىڭ زاۋاللىقى قاتارلىق ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدا ھەيران قالارلىق باغلىنىش ھاسىل قىلغان. بۇ ئۇقۇملارنى باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن قالتىس بەدىئىي تەۋەككۈلچىلىك. ئادىل ئۆزۈل-كېسەل ئىسيانكار شائىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. تەسەۋۋۇردىكى ئىسيان كۆپىنچە ھالدا يېڭىلىق ھەم تارىخنىڭ تۇغقۇت ئانىسى بوپقالىدۇ.

مەن بۇ ماقالىنى كەم دېگەندە ئۈچ قېتىم ئوقۇغاندىمەن. ھەر ئوقۇسام تەپەككۇر قۇشۇم قونغان شاخلار تېخىمۇ ئېگىزلەيدۇ. ھەر ئوقۇغاندىكى روھىي لەززەت باشقىچە، خىيال باشقىچە، ھەسرەت يەنە باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ. ئادىل ماقالىسىنى ئۆمۈچۈكتىن باشلاپ يەنە ئۆمۈچۈكتە تۈگەللەيدۇ. بىزگە ئارامبەخش، يېڭى تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان بۇنىڭدەك جەلپكار ئەسەرلەر بىزنىڭ يەنىلا تەلەيلىك ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

ئادىلغا شۇنى خىتاب قىلىمەن: ئاۋادا شېئرىيەت ئىلاھى

راستىنلا چاۋاڭنى چىنقا بايغۇدەك بولسا، ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىن سەن جايلاشقۇدەك ھەقىقەتنىڭ غېرىبانە قەسىرى چوقۇم چىقىدۇ، خاتىرجەم بول! ئەشۇ قەسىرگە ھېچكىم باشلىمىسا، ئۇزۇم باشلاپ كىرىمەن.

ئابدۇقادىر جالالىدىن - يارقىن شېئىرىي تىل، ئۆتكۈر پەلسەپىۋى ئىجادىي پىكىر، ئاچچىق كىنايە ۋە چۆچۈكسىمان دارىتمىلار بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئۆزگىچە تەملىك ماقالىلىرى بىلەن مەنىۋى ئېچىرقاشلىرىمىزغا ئاز-تولا دال بولۇۋاتقان ھوسۇللۇق قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ بىرى. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەسەرلىرى گويا غايەت زور تارتىش كۈچىگە ئىگە ماگنىت مەيدانى. مەن بۇمەيدانغا ئۇنىڭ «كائىناتنى قۇچاقلاپ»، «ئۈچىنچى كۆز» ناملىق ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، بىلىپ-بىلمەيلا كىرىپ قالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ تەپەككۇرۇمنىڭ بۇيەردە ئاز-تولا زەررەتلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇيغۇرنىڭ ھەريان توزۇپ كېتىۋاتقان ئەقىل ئۇۋاقلىرى مۇشۇ مەيداندا توپلىنىپ قالسائەجەب ئەمەس. بۇيەردە سېھىرلىنىپ قالىدىغانلار تېخى كۆپىيىدۇ. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەسەرلىرىنىڭ ژانىرىغا كېسىپلا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. بىر قارىسا ماقالىگىمۇ، شېئىرغىمۇ ئوخشاۋېرىدۇ. خۇددى ئۇ ئۆزى ئېيتىپ ئۆتكەندەك: «يازغانلىرىدىن ئىشقىلىپ بىر نەرسە پۈتۈپ چىقسا» بولۇۋېرىدۇ. ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئوچىقىدا پەلسەپىنىڭ چوغى ھامان يېلىنجاپ تۇرىدۇ. مەن بۇ چوغنىڭ يانغىنغا ئايلىنىپ ئەقىل ئېتىزىمىزدىكى چاتقال تىكەنلەرنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتسە، دەيمەن. ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ بۇ ئەسىر «فارابىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ»لارنى قايتا تەۋەللۇت قىلىدۇ.

مېنىڭ بەزىدە راستىنلا خورۇجۇم تۇتۇپ ⑦ قالىدۇ. ھەركۈنى، ھەرمىنۇت تەپەككۇرىمنى بىلەپ تۇرمىسام، كۆزنەكلىرىمنى ئېچىپ ئەڭ ساپ ھاۋا بىلەن قانغىچە نەپەس ئالمىسام، قەلبىمنىڭ ئاللىقانداق بىرىبەرلىرى بىرنېمىدە قىسىلىپ قالغاندەك، بۇھايات ئۆز تەمىنى يوقاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلىدۇ. شۇنداق ساپ ھاۋالارغا موھتاج بولغىنىمدا تولا ھاللاردا ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ جاڭگاللىرىغا كىرىپ قالىمەن-دە، تەپەككۇر قۇشۇمنى ئېگىز قويۇپ بېرىپ، ئىشكارىمنى داۋام ئېتىمەن. بۇ شىكار تولا ھاللاردا غانجۇغامنى لىس⑧ تولدۇرالماي قالسىمۇ، ئەھمىيىتى ئاز-تولا بولىدۇ. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەسەر يازغاندا ياكى تەرجىمە قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى لازىملىق سۆزلەر ئۇنىڭ يازمىلىرىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك جاينى تېپىپ جايلىشىدۇ، تۇر-پەگا تالاشمايدۇ، بەزى سۆزلەر كېرىلىپ - سوزۇلۇپ مەنالارنىڭ تەگسىز قايناملىرىغا سىزنى سۆرەيدۇ. سىز ئۇيەردە كۆزنى قاماشتۇرۇدىغان ئەقىل جاۋاھىراتلىرىنى كۆرۈسىز. ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا شەربەت تارقاتقان، ھالا بۈگۈنكى كۈندە تىنىپ كەتكەن پەلسەپە بۇلىقىنىڭ ئاغزىنى كولاپ، تىنىمسىز تۇردە ئەمگەك سىڭدۈرۈۋاتقان ھالال ئەقىدىلىك قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر تەپەككۇرىنى دادىل غىدىقلىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇنىڭغا ئىمانىم كامىلكى، ئۇيغۇرنىڭ ئەقلى يەنە «توققۇز بۇلاق»⑨تەك بۇلدۇقلايدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ قەدىمى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن خېمىر تۇرۇچ، بۇ خېمىر تۇرۇچ ئۇيغۇر پەلسەپىسىنى چوقۇم بولدۇرىدۇ.

ھاجى ئۇتلۇق قادىرىينىڭ «دۈڭگۈزۈرۈكتىكى پاراڭلار» (1996-يىل 3-سان) ۋە «ھەج سەپىرىدىكى پاراڭ» (1995-يىل 5-، 6(قوشما) سان) لىرىنى سەگەك ئوقۇرمەن ئادەتتىكىلا كوچا پارىڭى دەپ قارىمىسا كېرەك. ئۇلاردىن ئۇيغۇرغا كېرەكلىك ئېلمېنتلار چاقناپ تۇرۇپتۇ.

ئەسەد سۇلايمان-ئۇيغۇرلارنىڭ شانۇ-شەۋكىتى، ئالەمگە مەشھۇر خاقانى ئوغۇزخاننى ھالاكەتتىن ساقادەتكە باشلاپ چىققان، ئۇيغۇرلار ھازىرغا قەدەر توتېم بىلىپ چوقۇنۇدىغان بۆرە(يېقىندا «شىنجاڭدىكى 13مىللەتنىڭ قۇت بەلگىسى» دېگەن ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرما كىتابتا بۆلبۆلنى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇت بەلگىسى دەپ بېرىپ قويۇپتۇ. تۇرۇپ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. بۆلبۆل دېگەن ناخشىچى قۇش دېيىلىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ بىزنى ناخشىلا توۋلايدىغان خەق دەپ شۇنداق يازدىمۇ، بىلمىدىم. بۇ دېگەن قالايمىقان بىلجىرلايدىغان چاقچاق بولمىسا-يا!) توغرىسىدا تۇنجى، ئەتراپلىق ئىلمىي تەتقىقات يۈرگۈزگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاسمىنىدىكى يەنە بىر يورۇق يۇلتۇز. ئۇنىڭ ژۇرنالدا«بۆرە توتېمى ۋە زامانىۋى كەمتۈكلۈك» (1994-يىل 4-، 5(قوشما) سان) تىن باشلانغان بىر يۈرۈش ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىلىك ماقالىلىرى تەكلىماكانغىلا ئەمەس، توكيو ۋە ئەرەب دۇنياسىنىمۇ ئويغا سالدى («تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى» (1998-يىل 1-سان)، «20-ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» (1998-يىل2-، 3(قوشما) سان) ئەرەبچە توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىندى. «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ» (1997-يىل 5-سان) ياپونىيىدە جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بەك كاتتا ئىش بولدى(ئەمما مۇنداق ئىشلارنىڭ قەدرىمى ھېچ تېزلەشمەيدىغۇ!). بىر-بىرىدىن پاساھەتلىك شېئىرىي تىلدا يېزىلغان بۇ ئىلمىي ماقالىلەر ژۇرنالنىڭ شۆھرىتىنى يەنە بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈردى. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بىر خىل قېلىپ، ئاددىي مەنتىقىلەرگە ئۆگىنىپ-ئادەتلىنىپ قالغان، كاتاڭلارغا يولۇقماي بىرخىلدا تىنچ كېتىۋاتقان ئەقىللىرىنىڭ ياربىيار ھارۋىسىنى قاقمىلار⑩ غائويدان سىلىپ ، ھارۋىنىڭ ئۈستىدە «خانلەيلۇن»نى خىرامان تولۇپ كېتىۋاتقان ھارۋىكەشلەرنى چۆچۈتۈپ ئويغاتتى. ھارۋىكەش ئەمدى يولغا راۋۇرۇس سەپسېلىپ ئۆزىنى رۇسلاپ ماڭىدۇ.

ئەسەد سۇلايمان ئۇيغۇرلارنى ئۆز روھىيىتىنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىغا باشلاپ ئاپاردى. مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېتىخارلىق باپلىرىدىن بىزگە كارامەت دەرسلەرنى بەردى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا گۈل بولغىنى بىلەن سول قولىدا قامچا تەييار ئىدى. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا تەكلىماكان ئۆزىنىڭ تالاي ئەسىرلىك غېرىبلىقىنى سۆزلىدى. تۇران بىلەن ئىران بەكمۇ پاساھەتلىك پاراڭلارنى قىلىشتى. تەكلىماكان ئۆز قوينىنى ئېچىپ، تىنىپ كەتكەن روھىي تىندۇرمىلارنى جاھانغا ئاشكارىلىۋىدى، ھەممە تاڭ قالدى. ئەسەد سۇلايمان ئۇيغۇرلار بىلەنلا بولدى قىلماي، پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دالاسىدا تەپەككۇر دۇلدۇلىنى بولۇشىچە چاپتۇردى. ئۇيغۇرغا تونۇشلۇق نەرسىلەر مەركىزىي ئاسىيادىمۇ كۆمۈلۈپ ياتقانىكەن ئەمەسمۇ؟

ئەسەد سۇلايمان ئەسەرلىرى كۆپ مەنبەلىك ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئاپتور بىر قاراشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كىتابلارنىڭ

پايانسىز دۇنياسىدا ئۈزۈپ يۈرۈپ، كېرەكلىك جاۋاھىرلارنى سۈزۈپ چىقىپ، پىكرىنى يورۇتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىكى بەزى كۆز قاراشلارنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىنكار قىلىش تەس.

تەتقىقات ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىزدىنىش روھى بۈگۈن بىز ئۈچۈن، بىزدىكى ئاي-يىللاپ «مانا ماۋۇ ئاز بولسىمۇ مېنىڭ ئەقلىي سوۋغام ئىدى» دەپ ھالال تەرىدىن كەلگەن ئىجادىي مېھنەت مېۋىسى سۈپىتىدە جامائەتكە بىر پارچە ماقالە سۇنمايدىغان پروفېسسورلىرىمىز ئۈچۈن ئاشنىڭ تۇزىدەكلا مۇھىم. ئۇنىڭ يازمىلىرىدا ئۇيغۇرمەدەنىيىتى، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ سايىسى ئۆزگىچە لەيلەپ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى» (1996-يىل 1-، 2 (قوشما) سان) ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق تېپىشماقنى يېشىشكە جۈرئەت قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر ئالىمى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆلۈم ئېڭى ئاجايىپ ماھارەتلىك رەۋىشتە پەلسەپىۋى رەڭ ئالدى. «ئۆلۈم» دېگەن بۇ دەھشەتلىك ئۇقۇم سان-ساناقسىز قەلەملەرنى تەۋرەتتى، تالاي پەيلاسوپلارنى ياراتتى، پەلسەپىنىڭ قانچىلىغان چىمەنزارىنى بىنا قىلدى. ئادىل تۇنىياز: «ئۆلۈم ـ باشلىقى يوق ئىشخانىلاردەك راھەت» دەيدۇ. ئۇ يەنە: «بۇ مەدەنىي جەمئىيەتتە كىشىلەر كۈندىن كۈنگە سوغۇققان، كۈندىن كۈنگە سالاپەتلىك، كۈندىن كۈنگە ئالدىراش بوپكەتكەن، ھېچكىم ھېچكىمنى ئۆلۈپ قالار، دەپ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ، چۈنكى ئۆلۈم خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىگەن» دەپ ئاچچىق كىنايە قىلىدۇ.

ئەسەد سۇلايماننىڭ ئۆلۈم توغرىسىدىكى تىرەن بايانلىرى ئادەمدە ئىختىيارسىزلا ھاياتنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈش ئىستىكىنى پەيدا قىلىدۇ. توغرا، ئۆلۈم تېمىسى پەيلاسوپتىن تارتىپ قەلەندەرگىچە ھەركىم ئۆزگىچە چۈشىنىۋالىدىغان بىر مەڭگۈلۈك تېپىشماق. نەئامال! ئەزرائىل تاكى يوقلىما قىلغۇچە كىتابلاردا، ئېتىزلاردا، ئاسمانپەلەك ھاۋايى مۇئەللەقتىكى بىنالاردا تەكتىگە پارقىراق خىش ياتقۇزۇلغان، تام-تورۇسلىرىدىن «زامانىۋىيلىق» دېگەن خەت مىجىرلاپ تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك ئىشخانىلاردا خۇددى ئەبەدىي شۇنداق بولىدىغاندەك «ئۆلۈم» دېگەن سۆزنى پەقەتلا ئېسىگە ئالماي قاراقۇشقاچتەك باشاۋىرىدىكەنسەن. ناھايەت، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكەنكى، ئات-ئېشەك ياكى ئايروپىلاندەك ئۈستىگە دائىم چىقىمەن دېسەڭ ئۇنىمايدىغان. بىرلا قېتىم مىنەلەيدىغان «ياغاچ ئات» قا مىنىدىكەنسەن. بەزىلەر قەبرەڭگە قىزىل گۈل تىكسە، بەزىلەر قەبرەڭگە تۈكۈرۈپ قويىدىكەن. بۇمۇ شۇنداق جاھانكەن.

بىر ھېسابتا ئادەم مەڭگۈ بوۋاق پېتى قالسىمۇ بولغىدەك، دەپ قالىمەن. نېمە ئامال، بۇھاياتقا كەلگەنىكەنسەن، ئۇ سىنى بىر قىماپ⑪ بىلەن ئۆلۈم تەرەپكە ھەيدەپ ھەمساتتىلا⑫ گۆرگە يەتكۈزۈپ قويىدىكەن، بۇنىڭغا ئەسلا چارەڭ يوق ئىكەن.

«بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت قۇرۇلمىسى ئۈستىدە پىسخىك دىئاگنوز» (1999-يىل 5-، 6 (قوشما) سان) قويۇپ، مىللەتنى ئەقىل بىلەن سۆيۈشتە زىيالىيلىرىمىزغا يەتكۈچە ئۈلگە بولۇۋاتقان بۇ تۆھپىكار ياش ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى بارغانسېرى كۆپ ئوقۇرمەنلەر ياقتۇرىدۇ. شۇنداق تۇۋلىغۇم كېلىدۇ: كېلىڭلار! ئەسەد سۇلايماننىڭ دالىسىغا ئات سېلىڭلار! ئاپتور ئۇيغۇر تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە روھىيىتى ئۈستىدە چوڭقۇر كۆزىتىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، روھىيەت قۇرۇلمىمىزنىڭ خەرىتىسىنى قولىمىزغا تۇتقۇزدى. بىز ھەممىمىز بۇ يولدىكى سەيياھ. خەير، ھەممىمىزلارنىڭ ساياھىتى قۇتلۇق بولغاي، بۇ قۇتلۇق سەپەر ھەممىمىزلارنىڭ ئەقىدە خامانلىرىنى چەشكە لىس تولدۇرغاي.

يەنە بىر قىستۇرما گەپ: مەزكۇر ژۇرنالنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى سانلىرىدا ئومۇمەن ھەربىر ئەسەرگە ماۋزۇ سۈرىتى بېرىلىپ، ئوقۇرمەننىڭ ئەسەردىن ھۇزۇرلىنىش ۋە ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ئۈستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. بەزى سۈرەتلەر بىۋاسىتە شۇ ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك، بەزىلىرى زامان، ماكاندىن ھالقىغان ياكى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىنغان خىيالىي ـ فانتازىيىلىك سۈرەتلەر. بۇ رەسىم ـ سۈرەتلەر كىشىنىڭ زوقىنى تېخىمۇ قوزغاپ، ئەسەر بىلەن سۈرەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئاپقۇسىنى كەلتۈرۈدىكەن. بۇمۇ بىر ھېسابتا بەلەن بولغىدەكقۇ، دەپ ئويلىدىم.

ئۇيغۇر ماتارىپىدىكى يەنە بىر پاجىئەلىك ھالقا ـ بالا باققۇچىلارنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە تۇنجى بولۇپ جۈرئەت دۆلەت ۋە ئابدۇرېھىم دۆلەتلەر: «بۇلارنىڭ تەقدىرىگە كىم مەسئۇل؟» (2000-يىل 6-سان) دەپ ئۇيغۇرغا ياڭراق سوئالدىن بىرنى قويدى. ئىشىنىمەنكى، بۇۋەزىنلىك سوئال بەك ھايالىشمايلا جاۋابقا ئېرىشىدۇ. ئابدۇقادىر جالالىدىن: «ئۈرۈمچىدە ئاسمان يوق» دەپ ھەسرەتلەنگەنتى، ھەبىبۇللا توختى «تەكلىماكان، خوراز، ئۈرۈمچى» (2000-يىل 2-، 3 (قوشما) سان) دېگەن باللاداسىدا: «ئۈرۈمچىدە خوراز يوق»، دەپ پىغان چەكتى. ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشى تەخىرسىز بوپقالدى دەرۋەقە ئۈرۈمچىدە يوق نەرسىلەر ۋە يوقاۋاتقان نەرسىلەر بەك كۆپ. بۇ ئەسەرنىڭ تەمىمۇ باشقىچە چۈچۈك تېتىيدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇلباسىت ئابدۇرەھماننىڭ «ئانا»، «كۆي تومۇرى» ناملىق داستانلىرى، تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇزنىڭ «تۈن گىرۋىكى» ناملىق شېئىرى ئادىل تۇنىيازنىڭ «قەشقەردىكى يەرشارى» غا ئوخشاشلا ئويناق شېئىرىي تىلى بىلەن ژۇرنالدىكى شېئىرىي ژانىرلار ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىكەن.

مەتنىمىن ھوشۇرنىڭ ئاچچىق يۇمۇرىستىك دۇنياسىدا سىز ئاۋۋال كۈلىسىز، ئاندىن ئاچچىق بىر ئەلەم سىزگە ھەمراھ بولىدۇ. مېڭىڭىزدە قاتار سوئال بەلگىسى ھاسىل بولىدۇ. سىز بۇ سوئاللارنى ھاپاش قىلىپ، جاپالىق بىر تەپەككۇر سەپىرىگە ئات سالىسىز. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر گۈزەللىك ئالاھىدىلىكى پېرسوناژ تىلىنىڭ يەرلىك تىلغا ئاجايىپ يېقىنلىقى ھەم تاتلىقلىقى كىشىنى قالتىس ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

يالقۇن روزى، باتۇر روزىلار قالتىس دەللىك ئوخشىتىش، پاساھەت ۋە ھەسرەتكە باي ماقالە ـ ئوبزورلىرى ئارقىلىق ھەسرەتلىرىمىزنى يەنە ئۇلغايتىپ، تەپەككۇر گۈلخانلىرىمىزغا يەنە يېڭى تەمەچلەرنى تاشلىدى. يالقۇننىڭ مەمتىلى تەۋپىق ھەققىدىكى يازمىلىرى «ئۇنتۇلغان ئەڭگۈشتەر تەۋپىق روھى» (1997-يىل 5-سان) نى ھەربىر ئۇيغۇر ماتارىپچىسىنىڭ قەلبىدە يالقۇنلىنىشىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدۇردى. «تەۋپىق روھى» غا يوشۇرۇنغان جۇلالىق ئەڭگۈشتەر ئۇيغۇر ماتارىپىنىڭ كەلگۈسىنى نۇرلاندۇرغۇسى. شۈبھىسىزكى، «تەۋپىق روھى» ئەمدىلا قېزىلىۋاتقان، ھېسابسىز بايلىقلار بىلەن تولغان كانكى، ئۇنىڭدىن بىز ماتارىپ ۋە ماتارىپچىلارغا لازىملىق خۇرۇچلارنى

قازالايمىز.

ژۇرنال بىزگە يەنە خې شىن، ماۋيۇشى، يۇچيۇيۇ، جاك ئىبەنلىياك، مولو، لۇك يىكتەي قاتارلىق خەنزۇ گىگانتلىرىنىڭ سىللىي روھىيىتى ۋە قانچە مىڭ يىللىق ئەجدىھا مەدەنىيىتىنىڭ جاراھەتلىرىنى، دۇنياۋىلىشىش، خەلقئارالىشىش دولقۇنلىرىدىكى تېگىرقاشلىرىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆز سىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ماڭىدىغان يولى ھەققىدىكى ئازابلىق خىياللىرىنى تەرجىمە كۆزنىكىدە نامايان قىلدى. تولىمۇ سۈپەتلىك ھەم جانلىق چىققان بۇ تەرجىمە ئەسەرلەردىن بىز يۈكسەكلىككە ئىنتىلىۋاتقان ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ئويلىنىشىنىڭ ئاخىرلاشمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭقىرىۋالدۇق. ئۇلار گويا لۇشۈننىڭ ئەرۋاھى (ئۇيغۇرلار لۇشۈننى بىلەمدۇ؟!) ھەرقانداق مىللەتنىڭ تەپەككۇر قەسرى ئەنە شۇنداق زەكىيلەرنىڭ ئازابلىرىنى ئۇل تېشى قىلغان بولىدۇ.

مانا بۇلار مېنىڭ ژۇرنالنىڭ 1994-يىلدىن بۇيانقى سانلىرىدىكى تەسىر قوزغىغان ئاپتورلار ۋە ئەسەرلەر ئۈستىدىكى تەھلىلىم. ئەمدى ژۇرنالنىڭ مۇقاۋا سۈرەتلىرىنىڭ لايىھىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلاي. ژۇرنالنىڭ ئىچكى-تاشقى مۇقاۋىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساماسىدا پارلىغان ياكى پارلاۋاتقان ئۇيغۇر گىگانتلىرىنىڭ، ھاياتى ۋە پاراسەتكە تويۇنغان قاراملىقى بىلەن تارىخ يارىتىۋاتقان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرنى ئۇيغۇر قىلىپ تۇرغۇزۇۋاتقان تەۋەككۇلچى باتۇرلىرىمىزنىڭ، ئۇيغۇر تىمىسە زادى بولمايدىغان ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنىڭ سۈرەتلىرى، بىزنى ئۆزگىچە تەپەككۇرگە يېتەكلەيدىغان، ئۇيغۇر روھىيىتىنى يارقىن ئەكس ئەتتۈرگەن فوتو ياكى ماي بوياق ئەسەرلەر ئۈزۈلمەي بېرىلمەكتە. بۇنى باشقا مەتبۇئاتلارمۇ دوراپ باقسا يامان بولماس دەيمەن. مۇقاۋا توغرىسىدا گەپ بولغاندا 2001-يىل 5-سانغا بېسىلغان ئابلىز خوجامنىياز فوتوسىدىكى «ھايات كۈيى» توغرىسىدا ئازراق توختىلىش كېرەك. بۇ ئەسەردە چوغدەك قىزارغان ساما ئاستىدا بىر پۇتى يوق مېيىپ ئۇيغۇر (دوپپىسىدىن تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس) ھاسىغا تايىنىپ تۇرۇپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى ۋە ئىشقى بىلەن ئىسكىرىپكا چالماقتا. ئەسەرنىڭ دېتاللىرى مانا شۇ. ئەمما مۇشۇنىڭغا قاراپ تەسەۋۋۇرى قاناتلىق ئوقۇرمەننىڭ ھېس قىلالايدىغانلىرى ئاز بولمايدۇ. ئەجەب بىر ھال، بىزنىڭ بۇ دىيارىمىز ئۆزىدىكى كەمتۈكلۈك ۋە مەجرۇھلۇقنى پۇل تېپىشنىڭ خوبمۇ ئەپلىك دەستىكى قىلىۋالغان قەلەندەرلەرگە ئۈنچىلىك باي. تېخى مىليونېرلاشقان قەلەندەرلەرمۇ ئۇچرايدىغان بولدى. دىيارىمىزنىڭ باشقا يۇرتلىرىغا ئوخشاش ئۈرۈمچىنىڭ سەنشىخاڭزىدىكى ئادەم دېڭىزىدا، قەھرىتان قىشتىمۇ ئۆزىنىڭ ئەيىپاق ئەزالىرىنى سىزنىڭ ئوڭاي بىتچىت بولىدىغان تەسىرلىنىشچان ھېسسىيات قورغىنىڭىزغا تەڭلەپ تۇرۇپ ئاقچا ئۈندۈرۈۋالىدىغان، كۈنسېرى تەشەببۇسكار ۋە ئىزبىدارلىشىپ كېتىۋاتقان سائىللار ⑬ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇقادىر جالالىددىنمۇ جىق كايىدى. خوش، بۇيەردە ساز چېلىۋاتقان ھېلىقى مەجرۇھ سەنئەتكار سەنشىخاڭزىدىكى مەجرۇھلارغا مەڭگۈ ئوخشىمايدۇ، بۇ سەنئەتكارنى ھەرگىز مەجرۇھ دېگىلى بولمايدۇ. قارىمامسىز، ئۇ تاپتا ئۇنىڭ تىنچ ئوكياندەك جۇش ئۇرۇپ تۇرغان يۈرىكى بىز كۆرۈۋاتقان ئەشۇ سامادەك چوغلانماقتا. رەڭدار دۇنياغا بولغان تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز يالقۇنلۇق ئىستەكلەر يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، ئىسكىرىپكىنىڭ سېھىرلىك مۇڭلىرىغا ئايلانماقتا. بۇ مۇڭ ئاستا-ئاستا پۈتكۈل كائىناتقا سىڭمەكتە. فوتوگرافنىڭ ماھىرلىقىغا قاراڭ: قۇياش خۇددى ئەشۇ مۇڭدىن قېنىپ قالغاندەك سەنئەتكارنىڭ مېيىپ پۇتى بىلەن دەل بىر نۇقتىدا كېسىشكەن. خۇددى قۇياش مېيىپ پۇتىدىن كۆككە ئۆرلەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. كىمدۇر بىرى مېيىپلارنى راست-يالغان دەپ ئىككىگە ئايرىپتۇ. يەتتە ئەزاسى ساق تۇرۇپ روھى مېيىپ بولغانلار ۋە بىرەر ئەزاسىدىن ئايرىلىپلا ئۆزىنى مېيىپ دەۋالغانلار ھەقىقىي مېيىپلاردۇر. بۇنداق مەجرۇھلارنى سۈرەتتىكى سەنئەتكارغا، ھومېر ۋە ئەھمەد يۈكنەكىلەرگە، ئامېرىكىنىڭ تۆت نۆۋەت رەئىس جۇمھۇرى بولغان روزۋېلتقا، كرىمنىي جىلغىسى (ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى يېڭى تېخنىكا مەركىزى) ۋە ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقلىرىدىكى تالانت ئىگىلىرىگە، جاك خەيدې (جاك خەيدې چاقلىق ئورۇندۇقتا تۇرۇپ ئالتە خىلغا يېقىن چەت ئەل تىلى ۋە تېبابەت ئۆگىنىپ، خالىس كېسەل داۋالىغان. ياپونىيە NHK مەركىزى تەرىپىدىن 1997-يىلى دۇنيادىكى بەش مەشھۇر مېيىپنىڭ بىرى دەپ باھالانغان. جۇڭگودا 1980-يىللاردىكى لېي فېڭ ۋە جۇڭگونىڭ پاۋېل كورچاگىنى دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ يېقىنقى 100يىل ئىچىدە جۇڭگولۇقلار چوقۇنىدىغان ئون مەبۇدنىڭ سەككىزىنچىسى. بۇ ئون كىشى: خۇيۇەنجيا، لۇشۈن، مېي لەنفاڭ، لى جياچېڭ، ليۇخۇلەن، چېن جىڭرۇن، لېي فېڭ، جاك خەيدې، لەي نىڭ، جاۋۇيى (مەلىكە خۇەنجۇنىڭ رولچىسى). بۇ مەلۇمات خەنزۇچە «ئىختىساسلىقلار يولى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 7-سانىدىن ئېلىندى) گە مەڭگۈ-مەڭگۈ ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەركۈنى تەپەككۇر، ئىستەك ۋە يالقۇن بىلەن تولغان. سەنشىخاڭزىدىكى بىچارىلەرنىڭ ھەر كۈنى تەمە، ئاچلىق ۋەسۋەسىسى ۋە كۆيۈپ ئۆچكەن بىر دۈۋە كۈل بىلەن تولغان. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئىككى يىللار ئىلگىرى يۇرتۇمنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى بازىرىدا ئارىلاپ كېتىۋاتقىنىمدا، بىر چەت ئەللىكنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى قىزىقىش ئىچىدە كۆرۈپ، سۈرەتكە تارتىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى (قەدىمكى كۈسەن مەدەنىيىتىنىڭ جەزبىدار سېھرىي كۈچى جەلپ قىلىدىغان چەت ئەل ساياھەتچىلىرى يۇرتىمىزغا تولا كېلىدۇ). ئۇ بىردىنلا فوتو ئاپپاراتىنى ئىلىنجالىق قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، جامائەتتىن ئىلتىپات تەلەپ قىلىۋاتقان، قورامىغا يەتكەن بىر «مەجرۇھ» قا توغرىلىدى. بۇ بىچارە ئاللىقاچان چەت ئەلدىكى بىرەر مەتبۇئاتقا ئەڭ قىزىق ئۇچۇرلار قاتارىدا بېسىلىپ، ئۇيغۇرنىڭ چاۋىسى سۈپىتىدە چەت ئەلنىڭ چىنىغا يېپىلىپ بولغاندۇ. ئەينى چاغدا مەن بىر ئېغىزمۇ چەت ئەل تىلى بىلمىگەچكە، ھېلىقى چەت ئەللىكتىن بۇنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى سوراشمۇ مۇمكىن بولمىغانىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ھېلىقى ئەجنەبىينىڭ مۇددىئاسى ئابلىز خوجامنىيازنىڭ مۇددىئاسىغا ئوخشىمايدىغانلىقى ئېنىق. بىر ئادەم ياكى مىللەتكە نىسبەتەن تەننىڭ مەجرۇھلۇقى ھېچ گەپ ئەمەس (ناۋادا شۇنداق مەجرۇھلۇق ھەقىقەتەن روي بەرسە)، روھىيەت ۋە ئىرادىنىڭ مەجرۇھلۇقى پالاكەتنىڭ ئانىسى، سەلتەنەت قەسرىنىڭ غۇلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق مەجرۇھلۇق ھەقىقەتەن

قورقۇنچلۇق. شۇڭا خەنزۇلاردا «身残志不残» (تەن مەجرۇھ بولسا بولسۇن ئىرادە مەجرۇھ بولمىسۇن) دېگەن گەپ بار. قارىماسسىز، ياپونلار ئاتوم خارابىسىدىن، گېرمانلار تارىخنىڭ ئەخلەتخانىسىدىن، يەھۇدىيلار سىگانلارچە خورلۇق تۇرمۇشتىن، نېگىرلار ئاق تەنلىكلەرنىڭ 350يىللىق ئىرقىي ئاسارىتىدىن دەل بىز زىكىر قىلىۋاتقان ئەنە شۇ روھقا تايىنىپ دەس تۇردى. ئۇلارنىڭ تېنى راستىنلا مەجرۇھ ئىدى. ئەقىل دېرىزىڭىزنى چوڭراق ئېچىپ، يەرشارىغا ئوبدانراق قاراڭچۇ؟! ئۇلار شۇ تاپتا نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟!... ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسى ئادەمنىڭ چاپان - چارىسىغا⑭ ئوخشايدۇ. مۇقاۋا ژۇرنالنىڭ چاپىنى بولغاچقا، شۇ ژۇرنالنىڭ روھىي دۇنياسىدىن بەلگىلىك ئۇچۇر بېرەلىشى كېرەك.

جۇڭگودىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدە خەنزۇچە يېزىلغان «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» دېگەن تۆت خەت مەكتەپنىڭ كۆزگە كۆرۈنىدىغان جايىغا ھەل بىلەن يوغان يېزىپ قويۇلىدىكەن (جۇڭگودىكى ئالىي شوئارلار ئىچىدە ھەقىقەت پۇراپ تۇرىدىغان مۇشۇ شوئارنى ياقتۇرىمەن). بۈگۈنكى جۇڭگو ئۈچۈن كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھەم جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە تويۇنغان بۇ ھېكمەتدار شوئارنىڭ ياڭراق ساداسىغا قۇلاق سالغان بۇ مۆھتەرەم ژۇرنال ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدىكى راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان نەشرىي ئەپكارلارنىڭ سانىنى ئانچە-مۇنچە ئاۋۇتقاندەك تۇرىدۇ. ئۆز زېمىنىدىكى تولىمۇ مۇقەددەس بۇرچنى تەستىرەك بايقاپ كېلىۋاتقان «تەڭرىتاغ»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» قاتارلىقلار. ھەقىقەتنىڭ قوڭغۇرىقىنى بىرە-بىرە⑮ جاراڭلىتىدىغان بولدى. ھەقىقەتنىڭ شەمشىرى ئەمەلىيەتنىڭ بىلەي تېشىدا سىنالمىسا، ئۇ ھامان مەپسەتنىڭ مەيىن شامالىرىغا لەرزان ئۇسسۇل ئوينايدىغان مەجنۇنتال بولالايدۇكى قارىغايلىق ئەسلا نېسىپ بولمايدۇ. جۇڭگودىكى تەشۋىقاتلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل سىيلىق تەلەپپۇز بىلەن: «يولداشلار، ھەقىقەتنى نەزەرىيە دۇنياسىدىن، يىغىن ئۈستەللىدىن ئەمەس، ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيلى. ھەممە ئىشلار ئەشيالەرنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە تەبىئىي يوسۇندا بولغىنى جايىز⑯، ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىگە ئەھمىيەت بېرەيلى» دەپ سۆزلەۋاتسىمۇ، مەتبۇئات ساھەسىدىكى ناباپ ھەرىكەتلەر مەركەزدىن كەلگەن ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق يوپۇرۇپ جان بېقىپ كەلمەكتە. شۇ ئاي-شۇ كۈنلەردە ئالمايمەن دېيىشمۇ ئۇنىماي زورلاپ تېڭىپ، مۇشتەرى قىلىنىدىغان «ئالماس ماتا، زورلاپ ساتار» ژۇرناللارنىڭ 30كۈن يۈرىدىن قان كەتكۈچە ئىشلەپ، ماڭاشلىقلار تائىپىسىدە ئەڭ ھالاللاپ، قاڭغىر قاقشاپ تۆت تەڭگە ماڭاش ئالىدىغان مەندەك پەرىشتە (ھازىر كىتابلاردا مەرىپەت پەرىشتىسى دېگەن گەپ مودا بولدىغۇ!) نىڭ يانچۇقىغا قىلىدىغان ئىقتىسادىي تاجاۋۇزىنى بوش چاغلىغىلى بولمايدىغان بوپقالدى. قايسى يوللار بىلەن زورلاپ تېڭىلىدىغانلىقىنى ھېچ بىلگىلى بولمايدىغان بۇ ژۇرناللارنىڭ مېڭىمىزگە بولغان تەسىرى يانچۇقىغا بولغان تەسىرىدىن ھامان ئاجىز بوپكەلدى. ھېچ بىلمىدىم، قانچىلىغان ژۇرناللار باسمىخانىدىن چىقىپلا ئۈدۈللاپ: «ئەي ساخاۋەتلىك پەرىشتە، سەن نەدە؟» دەپ مەندەكلەرنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ناۋادا بۇ ژۇرناللارسىياسىي، مەمۇرىي بۇيرۇق شەكلىدە ئۆز ساھەلىرى بويىچە مەجبۇرىي تېڭىلمايدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىختىيارلىقى بىلەن مۇشتەرى بولىدىغان، ئۇلارنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى قانچىلىكتۇ؟ بۇ ماھىيەتتە شۇ ژۇرنالنىڭ ئۆلۈمىدۇر. مۇشۇ سەككىز يىل مابەينىدە ھېچكىم ماڭا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تەڭرىتاغ» لارنى زورلىغىنى يوق. ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يېزىلىپ، ئۆزۈمگە يارىشا زوق ئېلىپ، تەكچەمدە ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلدىم.

«ئالىملار ئەينى زاماندا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇشىنى شۇ چاغدىكى ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئۈستۈن بولغان، دەپ قارىماقتا. دەرۋەقە، نەقىشلىق گەجلەنگەن بىناكارلىق، مېۋە-چېۋە، شېرىن - خىلمۇ خىل تاماق مەئىشىنى، كىيىم-كېچەك سەنئىتى، تىل-تەرجىمە، قەغەز-مەتبەئەچىلىك، تېبابەت، مائارىپ، مەكتەپ، قاتناش ۋاستىلىرى، غۇرۇر-ئىپتىخار جەھەتلەردە ئۇيغۇرلار ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانىدى» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دىكى «سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىنىڭ ۋارىسلىرى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ). بىز بۈگۈن غەرب مەدەنىيىتىگە سەجدە قىلغىنىمىزغا ئوخشاش غەربمۇ ئالاي زامان شەرققە تەلمۈرگەنىكەن. مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەشۇنداق ئۈزۈلۈپ كەتكەن، ئاللىبۇرۇن «قۇم باسقان شەھەر» گە قامىلىپ قالغان تارىخىي قاتلاملىرىنى يورۇتۇپ، كۆنسېرى مايسىراپ، غېرىبانە ھالەتتە پىلىلداۋاتقان ئىپتىخار چىرىغىنى پەرلەشتە ئەتراپىدىكى كۆنسېرى ناباپ ۋە لاۋزىلىشىپ كېتىۋاتقان مەتبۇئاتچاقلار ئارىسىدا مەتانەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئورنىنى يەنە بىر ژۇرنالنىڭ دەماللىققا بېسىشى تەس. ھەسسەنەي، ئۆزىگە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دەك تەلەپ قويالىغان، دوكتوردىن دېھقانغىچە ئورتاق ھۇزۇر ئالالايدىغان ژۇرنالدىن بىزدە يەنە 50ژۇرنال بولغان بولسا (ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بارلىق ژۇرناللارنىڭ سانىمۇ شۇنچىلىك چىقارمىكىنتاڭ. قايسىبىر ماتېرىيالدا: «ياپونىيىدە 4000خىل ژۇرنال چىقىدىكەن، ھەتتا بەزىسىنىڭ تىراژى مىليونغا يېتىدىكەن. زېمىنى شىنجاڭنىڭ يۈزدىن بىرىگە، ئاھالىسى تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان ئىسرائىلىيىدە 1000خىل ژۇرنال چىقىدۇ» دەپ ئوقۇغىنىم يادىمدا)، مىللەتنىڭ مەتبۇئات سەۋىيىسىنى يامان ئەمەس، دېيەلەيتتۇق. بۇ ھالدا ئۇيغۇرنىڭ ئەقىل قۇشى تېخىمۇ ئېگىز شاخلارغا قوناتتىغۇ؟ پارتلاشقا ئىمكان تاپالمىغان تەپەككۇرنىڭ يانار تاغلىرىغا تازا پۇرسەت بولامتتى؟ مەتبۇئات-مىللەت روھىنىڭ يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن قاتما كۆرۈنۈشى، ئۇ، ئادەمنىڭ روھىغا تەسىر قىلىدىغان نەرسە. سەن تەرلەپ پىششىپ، تەھرىرلەپ روياپقا چىقارغان نەرسەڭنى خەق ئوقۇماي توپا بېسىپ ياتسا، بۇنى سەن بىر نەشرچى (شۇنداق ئاتىساق بولامدۇ؟) ئۆزۈڭ ئۈچۈن غەلىبە دېيەلەمسەن؟ مەن ئۆزىنى ژۇرنالىست ھېسابلايدىغان، گېزىت-ژۇرناللىرىنىڭ كاساتلىقىدىن قاقشاۋاتقان جانابلارغا شۇنداق دەيمەن: سەن بىر مەدەنىيەت ئەلچىسى بولساڭ، قۇلىقىڭنى ئەشۇ گېزىت-ژۇرنالنىڭ يۈرىكىگە ياق، ئۇنىڭ سۈيىدە ئاق، ئوتىدا كۆي، شۇندا ئەل سېنى تاللايدۇ. سەندە ئۆز كەسپىڭ ۋە مۇۋەپپەقىيىتىڭ ئۈچۈن ئوتلۇق مۇھەببەت بولسۇن. ھازىر مۇھەببەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك دېگەنگە ئوخشاش ھەر يوغان ھەيۋەتلىك گەپلەرنى ھەممە ئادەم

دېيەلەيدىغان بوپتۇ، ئەمما بۇ ئۇلۇغ گەپلەرنىڭ رېئال ئىپادىسى ھەممىلا ئادەمدە بولۇۋەرمەيدۇ. مەيلى سەن ئامېرىكىدا ياكى تەكلىماكاندا بول، مەيلى كاتتا شىركەتنىڭ غوجىسى بول، ياكى ياماقچى بول، سەن ئۆز كەسپىڭنىڭ ھەقىقىي ئاشىقى بولساڭلا شۇ كۇپايە. ھەممىلا ئادەم ئۆز ئىشىغا ماھىر بولۇدىغان مۇنداق مىللەتنىڭ سەلتەنىتىگە گەپ كەتمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئۈچۈن كېرەكلىك بولۇۋاتقان ئەڭ خاسىيەتلىك پەرھىزلەرنىڭ بىرىمۇ دەل شۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىلىپ، ئۇيغۇرتىلىنى بىلىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىدىكى مۇھىم كۆزنەك بوپقالدى. شۇنداق بولغاچقا، ئىنتېرنېت تورىدىنمۇ جاي ئېلىشى ۋە بۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ ئاقچا بىلەن ئوخشايدىغان ئىش.

دۇنيادا ئاۋازلىق، يېزىقلىق، سۈرەتلىك ئاخبارات ـ نەشرىيات ۋاستىلىرى بەس-بەستە ۋارقىرىشىپ، مېڭىمىز، قۇلىقىمىز، كۆزىمىزگە تەڭلا ھۇجۇم قىلىشۋاتقان، راست-يالغان ئارىلىشىپ كەتكەن، مەتبۇئات قەھەتچىلىكى بىلەن ئەقىل قەھەتچىلىكى تەڭلا يۈزبېرىۋاتقان ئۇيغۇرلاردا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دەك بىرەر ژۇرنالنىڭ بولمىقى ھەرھالدا مەتبۇئاتچىلىقىمىزنىڭ ئامىتى. مەدەنىيەت كۆنسېرى خەلقئارالىشىۋاتىدۇ. بۇ، ماڭقۇرت مىللەتلەر ئۈچۈن مىللىي مەدەنىيىتىدىن ياتلىشىش جەريانى، شۇنداقلا بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن «سەگەك سېغىزخان»لار ئۈچۈن ئۆزمەدەنىيىتىنى جاھان ئەھلىگە بىر ئامال بىلەن يۇقتۇرۇش جەريانى.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ـ شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نەشر ئەپكارى، ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغانلار ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇلازىملىق قىلىدىغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئەل-جامائەتكە نامايەن قىلىدىغان ژۇرنالدۇر. ئۇنىڭ مۇقاۋىسىدا ژۇرنال نامى ئىنگلىزچە يېزىقتا ئۈچ يەرگە يېزىپ قويۇلۇپتۇ. مېنىڭچە، بىرىنلا يېزىپ ياپونچە ۋە رۇسچە يېزىقنى قوشساق بولامدىكىن؟ قايسىبىر ماتېريالدا دۇنيادا 40تەك دۆلەتتە ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تولىمۇ چىڭ تۇتۇلۇپ، دۆلەت مالىيىسى ھەم ئوسكارغا ئوخشاش ماگناتلارنىڭ يار-يۆلىكى بىلەن تەتقىق قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئوقۇغانىدىم. ئىنتېرنېت تورىغا كىرىپ بەزى ئۇچۇرلاردىن خۇشھال بولدۇم. ھاجى قۇتلۇق قادىرىي دېگەندەك: «بىز دۇنيانىڭ يادىدا باركەنمىز» . باشنا دەپ ئۆتكەندەك، بىر مىللەتتە ئۆزىنى تونۇش ھەم تونۇتۇش قۇدرىتى بولۇشى كېرەك. ئەنە شۇنداق زۆرۈرىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ژۇرنالدا «ئۇيغۇرشۇناسلىق كۆزنىكى» سەھىپىسى ئېچىلىپ، دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن، ئۇيغۇر قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى ئەسىرنىڭ قايسى تىللارغا ئۆرۈلۈپ، نەلەردە قانداق نەسىر پەيدا قىلغانلىقى مەخسۇس تونۇشتۇرۇلسا بەك مۇرۇۋۋەتلىك ئىش بولاتتى. بۇ ئەلۋەتتە بىر نەچچىلا ئادەمنىڭ «ھۇ-ھۇ»سىغا باغلىق ئەمەس. بىز ئەمدى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر»ىدىكى بىغەم پۇقرالاردەك دوپپىمىزنى داپ چېلىپ، ئۆزىمىز بىلەنلا قالساق بولمايدۇ. ئۇيغۇردا دۇنياغا

كېرەكلىك خۇرۇچلار ناھايىتى كۆپ، دۇنيا ئەمدى ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ قامۇسنى ئوقۇيدۇ. ئەمدى خەقلەرمۇ بىزگە ھەۋەس قىلسۇن، كۆزلىرى چەكچەيسۇن.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا دۆلەتتىن بېرىلىدىغان راسخوت ئاللىقاچان توختىتىلىپ «ئەمچەكتىن ئايرىلدى» (بۇ ھەقتە قۇربان مامۇت ئەپەندى ماڭا: «ئىشخانىنىڭ تېلېفون پۇلىدىن تارتىپ سۇپۇرگىگىچە يانچۇقىمىزنى كولايمىز» دېگەنىدى) . شۇڭا ژۇرنال ئۆزىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇشقا تىرىشىشى زۆرۈر. مۇمكىن بولغاندا، ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىپ، ھەجىمىنى يەنە 20بەت ئاشۇرسا ئوبدان بولاتتى. ژۇرنالنىڭ «مەدەنىيەت-تەنتەربىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇچۇرلىرى» سەھىپىسىنى ئېخچىمۇ جانلىق باشقۇرۇپ، بۇ سەھىپىنىڭ ئۇچۇرچانلىقىنى بەكرەك ئۆيلىشىش زۆرۈر. خەققە چوقۇنۇپلا شۇ يەرگىچە كەپتۇق. دۇنيامۇ تەكلىماكان باغرىدىكى بۇ ئۇلۇغ مىللەتنى بىلىشى كېرەك. لېكىن ئۇيغۇرنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ياپونلارنى، ئىنگلىزلارنى، يەھۇدىيلارنى، ئەرەبلەرنى، رۇسلارنى. . . ئوبدانلا بىلىمىز. مىڭ ئەپسۇسكى، ئەشۇلاردىن ئۇيغۇرنى بىلىدىغانلار ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ بىر ئەرەب ئالىم سۈرەتلىگەندەك: «گويا تۆت تېمىنىڭ ھەممىسىدىن دېرىزە ئېچىلغان ئۆيگە، گۈللەرنىڭ رەڭ-پۇراقلىرىنى ئايرىپمۇ تۇرمايلا شىرنە بىغىدىغان ھەسەلھەرىسىگە ئوخشىغان» سەغىرە كۆڭلىرى بىزگە چوقۇم كۆلۈپ قۇچاق ئاچىدۇ.

مەتبۇئات ـ مىللەت روھىنىڭ سۈپسۈزۈك ئەينىكى. كىر ۋە دەز ـ ئەينەكنىڭ ھالاكىتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئەسەرنى شۇنداق تاللاش كېرەككى، چوڭقۇر مۇلاھىزە ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن تولغان ھەربىر ئەسەردىن ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ پاراسەت شولىسىنى ئېنىق كۆرۈشى، ئۇلارنى سەرراپقا ئوخشاش ئازدۇرۇپ يۈرمەسلىكى كېرەك. بار-يوقى ئارانلا 80بەت كېلىدىغان بۇ قوش ئايلىق ژۇرنالنىڭ بەزى سانلىرىدا ئۆيلىنىش ۋە تەپەككۇر قىممىتى خېلىلا تۆۋەن بولغان، ئەقىل كۆلچىكىمىزنى ئۇنچىۋالا داۋالغۇتمايدىغان پەندى-نەسىھەت تۈسىدىكى (ئەلۋەتتە تەرجىمە ئەسەرلەرمۇ بار) ئەسەرلەر ئاۋۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئەلقىسسە! . . . ئۈچ ئاكا-ئۇكا مېڭىپ-مېڭىپ ئۈچ ئاچا يولغا دۇچ كەلدى. ئۇلار قايسىسىغا مېڭىشنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار ئاخىرى تاختىغا يېزىلغان خەت بويىچە ئۈچ يولغا راۋان بولدى. . .

بۈگۈن بىزمۇ ئەشۇنداق ئاچىماق يولنىڭ ئېغىزىدا تۇرۇۋېتىمىز. ئەپسۇسكى، بىزگە يول كۆرسىتىدىغان ھېلىقى تاختىلار نەگىدۇر يوقالغان. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئەشۇ تاختايلارنىڭ رولىنى ئوينىشى كېرەك. ھازىرغىچە بىز روھىيىتىمىزنى چىرماقلاپ تۇرۇۋدىغان چېگىگىلىكلەر[17]نى خېلىلا ئوبدان تونۇپ يەتتۇق. ئەمدى بىزگە يول كېرەك. ژۇرنال ئەمدى كۆپرەك مۇشۇ نىشانغا كۆچمىسە بولمايدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە ئىللەتلىرىمىز بىلەنلا بولۇپ، ماڭىدىغان يولىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ.

WTO دۇنياغا: «ئەقىل دەرۋازىڭنى ئاچ» دەپ توۋلاۋاتىدۇ. مەركەزمۇ «غەربنى ئاچىمىز» دەۋاتىدۇ. مۇشۇنداق تېپىلغۇسىز پۇرسەتتە ئۇيغۇرلار ئەقلى بىلەن ئۇيقۇسىنى تەڭلا ئاچمىسا

بولمىدى. WTO نىڭ تەسىرىنى ئۆزىمىزغا قالماي بىلىپ قالىمىز. ھەممىلا ئىشنا كىچىككىلا يۈرمىسەك دەيمەن. WTO نىڭ ئۇيغۇر مەتبۇئاتچىلىقىغا ئەكىلىدىغان تەسىرى دەھشەتلىك قارا بورانكى ھەرگىز راھەتبەخش سەگىنىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان مەيىن شامال ئەمەس. ئېھتىمال بىز زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيەت پاراۋۇزىنىڭ ئەسلى ئىزىنى تېپىپ، 500 يىل ئاۋۋالقى ئەشۇ ياڭراق گۈدۈكنى «يىپەك يولى» دا قايتا ياڭرىتىدىغان دەۋر WTO بىلەن بىللە كەلگەندۇ.

خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغانلار «تىيەنيا ساداسى» ژۇرنىلى ۋە «جەنۇب ھەپتىلىكى» گېزىتىنىڭ، ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغانلار ئامېرىكىدا چىقىدىغان «نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى»، «ۋاشىنگتون پوچتىسى» نىڭ قانچىلىك نوپۇزى بارلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلار ئاللىبۇرۇنلا شۇ دۆلەتلەردىكى مەتبۇئاتلارنىڭ سىمۋولى بولۇپقالدى. ئۇيغۇر مەتبۇئاتىنىڭ ھازىرقى سىمۋولىنى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دېسەك ئارتۇق بولماس.

ئېيىتىلىشىچە، لەئل - ياقۇت، ئۈنچە-مارجان ئەسلىدە دەريا-كانلاردىن قېزىلغاندا ئۇنچىلىك پارقىراق ۋە جۇلالىق بولمايدىكەن. ئۇستىكارلارنىڭ قېتىرقىنىپ تاراشلاپ، سىلىقلىشى بىلەن ئۇ ئاندىن بىزنىڭ كۆزىمىزنىڭ يېغىنى يەپ تۇرۇدىغان قىممەت باھالىق جاۋاھىرات بولالايدىكەن. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئەشۇ ئەگىگۈشنەر دېسەك، سىللەتكە بولغان ھالال ئەقىدىسىنى قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت كەبى ئۈن-تىنۇشسىز ژۇرنالغا بېغىشلاۋاتقان مۇھەررىرلەرنى ئەشۇ ئۇستىكار، دېيىش كېرەك.

ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈشكە يۈزلەنگەن مەتبۇئات روھىنى قۇتقۇزۇۋالغان بۇ ژۇرنالغا نۇرمۇھەممەت توختىي ئۆز «مۇبارەكنامە» سىدە يەنە 50 يىل ئۆمۈر تىلەپتۇ. مەن بۇ ژۇرنالنىڭ ئەڭ ساپ، ئەڭ يارقىن ئۇيغۇر تىلىدا يەنە 500 يىل ياشىشىنى تىلەيمەن. ئەقىدىلىك باغۋەنلەرنىڭ قولىدا پەرۋىشلەنگەن بۇ بەھەيۋەت چىناردىن كەلگۈسىدە يېڭى شاخلار باراخسانلاپ، ئۇيغۇرنىڭ تەپەككۇر قۇشلىرىغا بىر ئەپچىل ماكان بولۇپ، قۇشلارنىڭ ۋاڭ-چۇڭى ئۇيغۇر مەدەنىيەت بوستانىغا يېڭىدىن يېڭى سۆلكەت ۋە شۆھرەت ئاتا قىلسۇن.

بىر قېتىملىق باھا باكى مۇلاھىزە - بىر قېتىملىق پىكىر تەۋەككۈلچىلىكى. ئېھتىمال، مۇنداق تەۋەككۈلچىلىكتىن تەپەككۇرنىڭ يېڭى ناخلىرى بورۇپ قىلىشى مۇمكىن.

2001-يىل يانۋار، كۇچا

2002-يىل ئىيۇن، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئوچىئوستەڭ يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى، ھازىر شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا ئىنگلىز تىلىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ (M1)

## ئاتالغۇلارغا ئىزاھات

① كۇچا شېۋىسى: چاقا-مەرەز، جاراھەت ② كۇچا شېۋىسى: ئېتىز قىرى ③ كۇچا شېۋىسى: يېرىلغان ئوتۇن، ئوتۇن پارچىسى ④ تراكتور ⑤ تەلۋىلەشكەن، ئەسەبىيلەشكەن، كۆپرەك ھايۋانلارغا ئىشلىتىلىدۇ ⑥ مۇمكىن ئەمەس ⑦ مىجەزى قوداڭشىپ قېلىش، جىلى بولۇش ⑧ كۇچا شېۋىسى: لىق، تولۇق ⑨ ئوچتۇرپان ناھىيىسىدىكى مەشھۇر سەيلىگاھ ⑩ كاتاڭ، يولنىڭ ئويمان يېرى: كۇچاشېۋىسى ⑪ بىر ئامىللار بىلەن، ھىيلە بىلەن ⑫ كۇچا شېۋىسى: بىردەمدىلا ⑬ قەلەندەر: كۇچا شېۋىسى ⑭ ئۇستىباش: كۇچا شېۋىسى ⑮ كۇچا شېۋىسى: بەزىدە ⑯ دۇرۇس ⑰ دەرەخلەرگە يۆگىشىپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق بىر خىل پارازىت ئۆسۈملۈك.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى



باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (M1)



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت (M2)



# شۆھرەتلىك خەلق شائىرى

# روزى سايىت ۋاپاتىنىڭ

# بىر يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

—«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

## ئىككى پارچە خەت

شۆھرەتلىك خەلق شائىرى، مەرھۇم روزى سايىت (1943 - 2001.9.8) نىڭ دىلكەشى، پىكىرداشى، مەشھۇر ئەدەبىي تەرجىمان مۇساجان ئەزىزىي ئەپەندىنىڭ شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە يازغان، ئەمما رەھمەتلىك ھاياتلىقىدا كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بىر پارچە خېتى بىلەن شائىرنىڭ جانجىگەر دوستى، تالانتلىق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى ئەپەندىنىڭ يازغان جاۋاب خېتىنى شائىر ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

- مۇھەررىردىن

I

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قەدىردان روزى سايىت:

سىزگە ۋە سىز ئارقىلىق خانىمىڭىزغا ۋە ئوماق پەرزەنتلىرىڭىزگە مەندىن، خانىممدىن ۋە پەرزەنتلىرىمدىن كۆپتىن كۆپ سالام.

قانداقراق ئەھۋالىڭىز، ئۆي ئىچىڭىز تىنچلىقمۇ؟ قايتقاندىن كېيىن خېلى ياخشى بوپقالغانسىز؟

مەندىن ئەھۋال سورىسىڭىز، بۇلتۇر 16-دېكابىردا بىر ئەسىرگە يېقىنراق (94 يىل) ياشىغان ئانام يۇرتۇم دۆربىلجىندە ئالەمدىن ئۆتتى. لېكىن روزا-رامزان ۋاقتى بولغاچقا، يەتتىسىنى ۋاقتىدا بەرگىلى بولماي تاكى ھېيت ئۆتۈپ، يېڭى يىل كىرگىچە ساقلاشقا توغرا كەلدى. 2001-يىلى 2-يانۋاردا يەتتىسىنى ئۆتكۈزگىچە قىرقىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، 22-يانۋاردا قىرقىنى ئۆتكۈزۈپ، شۇيەرنىڭ رەسمىيىتى بويىچە ھازىدارلارنى يۆتكەش دېگەندەك ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئۆيگە قايتقىچە 2-ئاي كىرىپ كەتتى. فېۋرالنىڭ بېشىدا ئۆيگە قايتىپ، بۇيەردىمۇ بەزىبىر رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ جىمىققىچە نېرى-بېرىسى بولۇپ ئۈچ ئايدىن ئوشۇقراق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. مانا شۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۈچ ئايچە كەينىگە سوزۇلۇپ كەتكەن بىر ئەدەبىي تەرجىمە ئىشىنى ۋاقتىدا قولدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن يەنە ئۈچ ئايغا

شائىر ئەل قەلبىدە

يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئاساسەن ئۆيدىن چىقمىدىم. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئالتە ئاي جەمئىيەتكە ئارىلىشالمىغاچقىمىكىن، سىزنىڭ ساقىسىز بوپقالغانلىقىڭىزنى تولىمۇ كېچىكىپ، شۇنداقلا تەسادىپەن ئاڭلاپ قالدىم. بىر كۈنى (15-ئاپرېل بولسا كېرەك) بىر ئىش بىلەن نەشرىياتچى ئابدۇراھمان زۇنۇننى ئىزدەپ بېرىۋېدىم، ئۇ سالام-سەھەتتىن كېيىن: «شائىر روزى سايىتنى ھازىرلا ئايروپىلاندا خوتەنگە ئۇزىتىپ قويۇپ كېلىشىم» دېدى. مەن تېخى سىزنى ئىلگىرىكى چاغلاردىكىدەك بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن چېغى دەپ، شۇمەزمۇندىراق سوئال سورىسام، سىزنىڭ ساقىسىز بوپقېلىپ، ئۈرۈمچى ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدا بىرمەزگىل داۋالانغانلىقىڭىزنى ئېيتتى. راستىنى ئېيتسام، شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان چېغىمدىكى تولىمۇ مۇرەككەپ ھېسسىياتىمنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرەلمەيمەن. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىق يادىمدىكى، ئالدى بىلەن ئۆيۈمنىڭ بوسۇغىسىدا دېگۈدەك بىر دوختۇرخانىدا خېلى بىرمەزگىل داۋالانغانلىقىڭىزدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر قالغانلىقىمغا قاتتىق ئېچىندىم. دىدارلىشىپ ئەھۋال سورىيالمىغانلىقىمغا كۆپتىن كۆپ ئەپسۇسلاندىم. ئاندىن قالسا، بەك كۆپ بولمىسىمۇ بىللە بولغان چاغلىرىمىزدىكى جىسمانىي جەھەتتىن ماڭا بەرگەن تەسىرىڭىز ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغان چاغلىرىمدىكى مەنىۋى تەسىرىڭىز بىلەن قوشۇلۇپ، شۇ قەدەر ساغلام ئەقىل ئىگىسىنىڭ تېنى جەزمەن ساق بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىغا بەكرەك تارتقاچقا، ھېلىقى گەپلەرنىڭ راستلىقىغا تازا ئىشەنگۈم كەلمىدى. بۇ گەرچە كاللىمدا تولىمۇ قىسقا ۋاقىت (بەلكىم بىرەر دەقىقە) ئىچىدە پەيدا بولغان تۇيغۇ بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش-بايقاش، تەپەككۇر قىلىشنىڭ مەھسۇلى - خۇلاسىسى بولغاچقىمىكىن، تاكى يېقىنقى كۈنلەرگىچە ماڭا بولغان كۈچلۈك تەسىرىنى يوقاتماي كەلگەنىدى. قىزىق يېرى شۇكى، تېخى يېقىندا (10-ئىيۇل ئەتراپىدا) مۇشۇ تۇيغۇمنى تەستىقلايدىغان مۇنداق بىر ئىش بولدى.

بىر كۈنى جىيەن قىزىم بىلەن كۆرۈشكىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا چىقىۋېدىم، جىيەن قىزىم يىللىق ئىمتىھانغا كىرىپ كەتكەچكە، دەرۋازا ئالدىدا بىردەم ساقلاشقا توغرا كەلدى. ئاپتاپتىن قېچىپ سايىدىغاچ مارۇژنى يەۋېتىپ، يېنىمدا ئۆرە تۇرغان بىر كىشىگە دىققەت قىلىپ قالدىم. مەن ئۇنى بىرەر پەرزەنتىنى ياكى ماڭا ئوخشاش بىرەر تونۇشىنىڭ بالىسىنى كۆرگىلى سىرتتىن كەلگەن كادىرمىكىن، دەپ قىياس قىلدىم ۋە يېنىمدىكى بوش ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ كېلىپ ئولتۇردى، بىز گەپلىشىپ قالدۇق. ئۇ راستىنلا خوتەندىن يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان پەرزەنتىنى كۆرگىلى كەلگەنىكەن. ۋالىي مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىكەن، ئىسمىنى مەمتىمىن دېدىمۇ، مەمتىلى دېدىمۇ، قېرىلىق يېتىپ، تېز تۇتۇۋېلىپ تېز ئۇنتۇپ قالىدىغان بوپقالغاچقىمىكىن، ئېنىق ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن. خەيرىيەت، ئۇنىڭدىن سىز ۋە نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن تونۇشىدىغان - تونۇشمايدىغانلىقىنى سورىسام، ھەر ئىككىڭلار بىلەن تونۇشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سىزنىڭ داۋالىنىش ئەھۋالىڭىز ھەققىدىكى سوئالىمغا: مەشەددىن قايتقاندىن كېيىن يەرلىك تېۋىپلارغا كۆرۈنۈپ داۋالىنىپ، جىق ياخشى بوپكەتكەنلىكىڭىز ھەتتا ئەسەرلىرىڭىزنى نەشرگە تەييارلاۋاتقانلىقىڭىزدەك بىرمۇنچە تەپسىلاتلارنى قوشۇپ، خېلى ئەتراپلىق جاۋاب بەردى. راستىنى ئېيتسام، ئۇنى يېنىمغا چاقىرىپ بىردەملىك بولسىمۇ پاراڭلاشقىنىمدىن خوش بوپقالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ جاۋابى يېقىندا دەپ ئۆتكەن تۇيغۇمنى تەستىقلاپ، كۆڭلۈمدە بىر يورۇقچىلىق پەيدا قىلدى. مانا شۇ يورۇقچىلىق ئاتا قىلغان خۇشلۇقتا، قايتىقچە غەربىي شىمال يولىدا چۈشۈپ قېلىپ، شۇيەردىكى چوڭ كىتابخانىغا كىرگەچ ئۆتۈش پىلانىمنى پاك-پاكىز ئۇنتۇپ، ئۇدۇل كېتىۋېرىپتىمەن. چۈنكى شۇ چاغدا ئۆزۈم ئاپتوبۇستا ئولتۇرساممۇ، كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈۋاتقان شەھەر مەنزىرىلىرىنىڭ ئورنىنى بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى مەزگىلىدە ۋە كېيىنكى ئۇچرىشىشلاردا بىللە بولغان چاغلىرىمىزدىكى ئاجايىپ كۆڭۈللۈك مەنزىرىلەر ئىگىلەپ، كۆرۈش، ئاڭلاش سەزگۈلىرىمنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالغانىدى. شۇڭلاشقا، نە ئاپتوبۇسنىڭ نەلەردە توختاپ ئۆتكىنى خىيالىمغا كىرمەپتۇ، نە ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلار قۇلىقىمغا كىرمەپتۇ. ئەگەر ھېلىقى مەن ئېتىمنى يادىمدا تۇتالمىغان ئىنىمىز سىزنىڭ ياكى نۇرمۇھەممەتنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلىۋېلىش ئارزۇيۇمنىمۇ قاندۇرالىغان بولسىدى، گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرگەندەكلا بىر ئىش بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنداق قىلالمىدى. شۇڭا، مەن خۇشلاشقاچ ئۇنىڭغا مۆرىتى كەپقالسا، سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى يېنىش-يېنىش تاپىلىغانىدىم. بىلمىدىم، يەتكۈزەلىدىمىكىن.

شۇنىڭدىن بۇيان بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. مانا بۈگۈن (6-ئاۋغۇست) «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇيىللىق 7-سانى كەپتىكەن، قارىسام، نۇرمۇھەممەتنىڭ «خوتەن دېھقانلىرى ۋە شائىر روزى سايىت» ناملىق كىتابىنىڭ 9-بابىنى بېسىپتۇ. زور ئىشتىياق بىلەن ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ ئوقۇدۇم. ئەسەردىن ئىنتايىن چوڭقۇر بەدىئىي زوق ئالدىم. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ كىشىگە كەمدىنكەم نېسىپ بولىدىغان زوق. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب:

سىز بىلەنغۇ يېقىندا دېگىنىمدەك، 1988-يىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا تونۇشقاندىن بۇيان تالاي-تالاي قېتىم بىر سورۇندا بىللە بولدۇق، سۆزلەشتۇق، سۆھبەتلەشتۇق، «ئۇيناشماڭ مەلىنىڭ مەزىنى بىلەن» دېگەندەك يۇمۇرلۇق قوشاقلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، كۆزلەردىن ياش چىققىچە تېلىقىپ - تېلىقىپ

كۆلۈشتۇق. مانا شۇنىڭدىن بۇيان يىللار تالاي-تالاي خاتىرىلەرنى توزاندەك توزۇتۇپ، ئاللىقاياقلارغا ئەكەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەشۇ كۆڭۈللۈك دەملەر خۇددى ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەندەك ھازىرغىچە ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ.

ئەمدى نۇرمۇھەممەتكە كەلسەك، ماڭا ئۇنىڭ بىلەنمۇ بىر قېتىم دىدارلىشىش، قىسقا بولسىمۇ بىر پەس پاراڭلىشىش نېسىپ بولغان. قايسىبىر يىلى قەلەم ھەققى ئالغىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا بارسام، ئۇمۇ «شەھلا كۆز» ناملىق ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمىنىڭ قەلەم ھەققىنى ئالغىلى بېرىپتىكەن. بوغالتىر بۆلۈمىدە بوغالتىرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان توپقا قوشۇلماي بىر چەتتە تامغا يۆلىنىپ تۇرغان بىر كىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بالدۇرلا ئاقىرىپ كەتكەن چېچى بىلەن چاسىغا مايىلراق تولۇقتىنا يۈزى دىققىتىمنى تارتتى، ئۇنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلدىم، لېكىن دەرمەھەل ئەسلىيەلمىدىم. بىر نەچچە سېكۇنت (بەلكىم بىر نەچچە مىنۇت) تىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەنلىكىمنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ نۇرمۇھەممەت ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. شۇنىڭ بىلەن بېرىپ كۆرۈشتۇم. تونۇغىنىم توغرا ئىكەن. بىز بىر-بىرىمىزنى دىدارلىشىشتىن ئىلگىرىلا سىرتتىن بىلگەچكىمۇ، تېزلا تونۇشۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. قايسىمىزغىدۇر پۇل ئېلىش نۆۋىتى كەلگىچە يېرىم سائەتتىن ئوشۇقراق سۆزلەشتۇق.

خۇلاسە كالام، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز قۇلىقىمغا سىڭىپ، پۈتۈن پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىڭىز كۆز ئوڭۇمدا تۇرغىنىدەك، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ قۇلىقىمدا، پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ كۆز ئوڭۇمدا بولغاچقا، «تارىم» دىن ئۇنىڭ سىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىڭىز بايان قىلىنغان ئەسىرىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا، ئالدى بىلەن سىز شۇ قەدەر جانلىق، شۇقەدەر ئېنىق، روشەن كۆز ئالدىمغا كەلدىڭىزكى، مەن گويا شۇ سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە بارداك، سىزنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ، ھەربىر ھەرىكىتىڭىزنى، ھەتتا چىرايىڭىزدىكى ئەڭ نازۇك ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغاندەك، نۇرمۇھەممەت گويا مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ، ھەربىر سورۇنغا باشلاپ بېرىپ، ھەممىنى پاساھەتلىك تىل بىلەن ئەينەن لېكىن ئىخچام بايان قىلىپ بېرىۋاتقاندەك تەسىراتقا كەلدىم. قىلچە بەدىئىي توقۇلما ئارىلاشتۇرۇلمىغان، نۇرمۇھەممەت ئۆزىمۇ بىشارەت بەرگىنىدەك ھەرقانداق مۇھاكىمىنىمۇ تەلەپ قىلمايدىغان ئەشۇ سورۇنلارنىڭ تەسۋىرى (ياق، ياق، بايانى!) نەقەدەر جانلىق، نەقەدەر تەسىرلىك! چۈنكى شۇ سورۇنلارنىڭ ئۆزى شۇنداق جانلىق، شۇسورۇنلار ئىپادىلىگەن مەنا ئۆزى شۇنداق تەسىرلىك-تە!

شۇنداقتىمۇ بۇ مېنىڭچە، ناھايىتى بىر تاشقى نەرسە، ھادىسە. ئۇنداقتا ماھىيەت نېمە؟ ماھىيەت — شۇ كىشىلەرنىڭ نەتەشۇنقات، نەھەيدەكچىلىك بولمىغان شارائىتتا سىزگە ئالتۇن ئۈزۈك، «ئالتۇن تاج»، «ئالتۇن گۈلە»، «ئالتۇن تۇخۇم»، «ئالتۇن قوي» لارنى سوۋغا قىلىشقا، شۇنچە نۇرغۇن دۇئالارنى قىلىشى (تېخىمۇ توغرىراقى خەيرلىك تىلەكلەرنى تىلىشى) غا تۈرتكە بولغۇچى كۈچ.

مەن: بىزنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىز، ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرىمىز (ئومۇمەن زىيالىيلىرىمىز) ئۆز مىللىتىنى، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي تەرەققىيات يولىنى، شۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيىتىنى، شۇمەدەنىيەت ئىپادىلىگەن خاراكتېرىسكىسىنى، پسىخىكىسىنى؛ شۇ خاراكتېرىسكىسى ۋە پسىخىكىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزىنى، شۇنداقلا دۇنيانى تونۇش - بىلىش جەھەتتە ئېرىشەلىگەنلىرىنى ۋە يەنە شۇ خاراكتېرىسكىسى ۋە پسىخىكىسىنىڭ دەخلىسى بىلەن ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلىرىدىن ئېرىشەلمىگەنلىرىنى، شۇ ئېرىشكەن ۋە ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىدىن تۇغۇلغان خۇشاللىقلىرىنى، پەخرىنى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، قويچۇ، ئەيتاۋۇر ھەممىنى زادى قانچىلىك بىلىدىغاندۇ، ئۇلارنىڭ بىلىشى ھېسسىي بىلىش دەرىجىسىدىمىدۇ ياكى ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنمىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۆز زىيالىيلىرىنى قانچىلىك چۈشىنىدىغاندۇ، دېگەن بىر مەسىلىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. چۈنكى بۇ مېنىڭچە، بىرەر مىللەتنىڭ تارىخىي يۈكسىلىش ھاسىل قىلالىشىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. بىز زىيالىيلار توپىنىڭ باشقا ھەرقايسى ساھەدىكىلىرىنى گەرچە ئىنتايىن مۇھىم بولسىمۇ، سۆزنى ئىخچاملاش ئۈچۈن ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت شائىر-يازغۇچىلارنىلا ئېلىپ، ئۇنى يۇقىرىدىكى مەسىلىگە باغلاپ قارىساق، ئالدىنقىسى، شائىر-يازغۇچىنىڭ «كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشنى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى يازالىشى» نىڭ، «يازغاندىمۇ ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ يېزىشى» نىڭ كاپالىتى. كېيىنكىسى بولسا، شائىر-يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق ئوبيېكتى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنالىغان - ئايلىنالمىغانلىقىنىڭ ئەينىكى، شۇنداقلا كۈچ مەنبەسى. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسى بىر پۈتۈن گەۋدە، بىرى-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىرى-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۆز مىللىتىنى، خەلقىنى مۇكەممەل بىلگەن - چۈشەنگەن شائىر-يازغۇچى ئۇنىڭ خۇشلۇقىنى، دەردىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆزىنىڭ خۇشلۇقىغا، ئۆزىنىڭ دەردىگە ئايلاندۇرالايدۇ. شۇڭا ئۇ «كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ» يازالايدۇ. شۇنداقلا دانكودەك ئۆز يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ، مىللىتىنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شائىر-يازغۇچىلىرىنى چۈشەنگەن، ئۇلارنىڭ قەدىر-قىممىتىگە يەتكەن مىللەتمۇ ئەشۇ يازغۇچى - شائىرلىرىنى ئانىسى بولمىش يەردىن پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇۋۋەتكە

ئېرىشىپ تۇرالايدىغان ئانتېيىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

مۇشۇ بىر مەسىلىنىڭ بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئىككى تەرىپىگە' تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، تارىختا ئۆز مىللىتىنى بىلگەن-چۈشەنگەن ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن زىيالىيلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. لېكىن نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۆز زىيالىيلىرىنى بىلىشى - چۈشىنىشى كەمراق كۆرۈلگەن. شۇڭلاشقىمۇ قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ئاباي قۇنانبايىنىڭ بۇنىڭدىن 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا: «سوقراتقا زەھەر بەرگەن، جاننادى ئاركىنى ئوتتا كۆيدۈرگەن، ئېيسا ئەلەيھىسسالامنى دارغا ئاسقان، پەيغەمبىرىمىزنى تۆگىنىڭ يىمىگە كۆمگەن كىم؟ ئۇ، خەلق. دېمەك، خەلقتە ئەقىل يوق، ئېپىنى تېپىپ يولغا سال» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. مېنىڭچە، بۇ سۆزدە نەزەردىن ساقىت قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىككى نۇقتا بار. بىرى، ئاباي تىزغان تىزىملىكنى «مەشرەپنى دارغا ئاسقان، برونونى ئوتتا كۆيدۈرگەن. . .» دەپ يەنىمۇ سوزغىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، قائىدە بويىچە ئەشۇ شۇملۇقلارنى قىلغانلار «بىر قىسىم كىشىلەر» دېيىلسىمۇ، ئاباي نادانلىق تۈپەيلىدىن قۇمدەك چېچىق ھالەتتىكى مىللەتنىڭ ھەربىر ھوجەيرىسىنىڭ ئەشۇ «بىر قىسىم كىشىلەر» نىڭ ئىرادىسىغا بويسۇنىدىغان ئەقىلسىزلەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان.

مېنىڭچە، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۆز زىيالىيلىرىنى بىلىشى، چۈشىنىشى، قەدىرلىشىنىڭ كەمرەك بولۇشىدىكى سەۋەب: ئادەتتە ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش قايىللىقنى شەرت قىلىدۇ؛ قايىللىق چۈشىنىشنى شەرت قىلىدۇ؛ چۈشىنىش ئوقۇشنى، بىلىشنى شەرت قىلىدۇ؛ ئوقۇش، بىلىش، چۈشىنىش بولسا، شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئېڭى، ئويغىنىش دەرىجىسىگە - سەۋىيىسىگە باغلىق بولىدۇ. ئەمما بۇلار يەنە دەۋرنىڭ چەكلىمىسىگە، شۇمىللەتنىڭ مىللىي خاراكتېرىسكىسى قاتارلىق بىر تالاي ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، نۇرمۇھەممەتنىڭ سىز توغرىلىق يېزىلغان ئەسىرىنىڭ مۇشۇ بىر بابى ئارقىلىق سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن يۇقىرىدا دېيىلگەن مەسىلىگە كىشىنى خۇشھال قىلغۇدەك جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم.

راست، نۇرمۇھەممەت توغرا ئېيتىدۇ: بىزدە ھازىرغىچە ئومۇمىيخەلقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان دېھقانلار ھەققىدە 4338 مىسرا شېئىر يازالىغان ھېچكىم يوق. مېنىڭچە، بىر شائىرنىڭ مەزمۇن، تېما تەكرارلىقىنى سادىر قىلماستىن، دېھقان ھەققىدە شۇنچىلىك ھەجىملىك شېئىر يازالىشى ئاسان ئەمەس. بۇنى پەقەت شائىرنىڭ دېھقانلارنى ھەرتەرەپلىمە چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ھازىرغىچە بىزدە ھاياتلىقىدا ئۆز مىللىتى، ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە، قەدىرلىشىگە سىزچىلىك سازاۋەر بولالىغانىمۇ ھېچكىم يوق. ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەشنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى نۇرمۇھەممەت دېگەندەك خىلمۇخىل بولسىمۇ، بىر شائىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ئەسەرلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ شۇ قەدەر چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلىشىدىن ، ئۇنى ئۆزىنىڭ نەرسىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشىدىن ئارتۇق ھېچنەرسە يوق.

مەن نۇرمۇھەممەتنىڭ بايانى ئارقىلىق سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن كۆرەلىگەن ۋە سەكرەش ھاسىل قىلالىغان نەرسە ئەنە شۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت.

ئەمدى، گەپنى ھامىنى سوزغاندىن كېيىن شۇنىمۇ دېگەچ ئۆتەي. مەن نۇرمۇھەممەتنىڭ مۇشۇ ئەسىرىنى ئىچكىرىلەپ ئوقۇغانسېرى سىز بىلەن نۇرمۇھەممەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى گيۆتې بىلەن شىللېرنىڭ دوسلۇقىدەك بىر دوسلۇقنىڭ ئورنىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئەمما شۇنى قىياس قىلالايمەنكى، بۇ ئىككى گىگانت شائىرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىجتىمائىي ئورنى، سەرگۈزەشتىلىرى، ئېستېتىك قاراشلىرى، ھەتتا يېشىدىكى (گيۆتې شىللېردىن توپتوغرا ئون ياش چوڭ ئىدى) پەرقلەر تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئورنىتىلغىچە بولۇپ ئۆتكەن قىيىنچىلىقلار، ئەگرى-توقايلىقلار سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مەۋجۇد بولمىسا كېرەك. ماڭا نىسبەتەن ئاراڭلاردىكى پەرقلەردىن كۆرە ئورتاقلىقلار بەكرەك ئېنىقتەك بىلىنىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سىلەر ئىجادىيەتتە دېھقانلارنى مەركەز قىلىشتەك بىر ئورتاقلىقتا، خاراكتېرىسكا جەھەتتە ئىسيانكارلىقتەك بىر ئورتاقلىقتا ئىگە. مانا بۇ ئەڭ تۈپكى ئامىل.

بۇيەردە ئەھۋال مەيلى قانداقلا بولسۇن، مۇنداق ئىككى پاكىتنى كۆرمەي بولمايدۇ: گېرمانىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىسى فرانس مېرىنگ گيۆتې بىلەن شىللېر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە ئۇ پەيدا قىلغان چوڭقۇر تەسىر ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇلارنىڭ ئون يىللىق ھەمكارلىقى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى ھاسىل قىلدى. سۈيى مول سان-ساناقسىز جىددىي ئېقىنلار مانا مۇشۇ چوققىدىن مىللەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئېقىپ كىردى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مېنىڭچە، باشقىسىنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، نۇرمۇھەممەتنىڭ «خوتەن دېھقانلىرى ۋە شائىر روزى سايىت» ناملىق يىرىك ئەسىرىنىڭ ئۆزىلا ئاراڭلاردىكى دوستلۇق - ھەمكارلىقنى مەنبە قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئېقىپ كىرگەن بىر جىددىي ئېقىن . مانا بۇ بىرىنچى پاكىت.

يەنە بىر پاكىت شۇكى، سىز بىلەن نۇرمۇھەممەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇق بەزى ئەدىبلىرىمىزنىڭ كىچىككىنە بىر ئىشنى دەپ «ئاق تاغلىق» ، «قاراتاغلىق» بوپكېتىشكە تەييار تۇرىدىغان سەت قىلىقلىرى بىلەن ناھايىتى روشەن

سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، شۇكىشلەرگە ئاجايىپ يارقىن ئۆلگە تىكلەپ بەردى.

ئەمدى دېيىشنى كۆڭۈلگە پۈككەن گەپلەر تۈگىگەندەك قىلىدۇ. ئاخىرقى بىر گەپ: سىزگە ئاتىغان كىچىككىنە سوۋغامنى مۇشۇ خەت بىلەن قوشۇپ ئەۋەتتىم. ئەلۋەتتە، ئۇ ئەرزىمەس بىر سوۋغا. ماددىي قىممىتى جەھەتتىن 4 ـ، 2 ـ، 1 ـ، 3 ـ ئالتۇن ئۈزۈكلەرگىنمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. مەنىۋى قىممىتى جەھەتتىنمۇ «ئالتۇن تۇخۇم»غا تېخىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى سىزمۇ ئۇقۇغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، تۇرگېنېۋ «ئىككى باي» ناملىق نەسرىي شېئىرىدا ھەتتا تۈز سېتىۋېلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان تۇرۇقلۇق بىر جىيەن قىزىنى بېقىۋالغان كەمبەغەل دېھقاننى بالىلارنى تەربىيىلەشكە ، كېسەللەرنى داۋالاشقا، قېرىلارنى بېقىشقا ھەر يىلى نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ تۇرۇدىغان ئىنتايىن چوڭ بانكىر مېيېر روتشىلد( 1812 ـ 1743 ) (Meyer Rothschild) تىن يۇقىرى قويغانىدى، چۈنكى بانكىر پۈتكۈل پاراۋانلىقا ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ھەددى ـ ھېسابسىز نۇرغۇن پۇلىنىڭ پەقەت ئازغىنا بىر قىسمىنى ئاجراتسا، كەمبەغەل دېھقان بىچارە جىيەنىگە ۋۇزىگىمۇ يەتمەيدىغان كىچىككىنە بىر بۇردا نېنىنىڭ ىر قىسمىنى بۆلۈپ بېرىدۇ-دە! بۇ بىر تەرەپ. يەنە ىر تەرەپ، ئەۋەتكەن سوۋغام بىر ئىجادىي ئەسەرمۇ ئەمەس، ناھايىتى ئۆزۈم سىزغان كۆچۈرمە ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 6 ـ سانىغا بېسىلغان سۈرىتىڭىز. ئۇ خۇددى نۇرمۇھەممەتنىڭ دېگىنىدەك كۆڭۈلنى ئىزھار قىلىشنىڭ بىر شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنىڭ سەممىي كۆڭلۈمنى سىزگە يەتكۈزىدۇ.

خەير، گەپنى سوزۇۋەرمەي، سىزمۇ ئەمدى ئارام ئېلىڭ.

جانابىي ئاللا سىزگە شىپالىق بەرگەي.

پاتراق ساقىيىپ كېتىشىڭىزنى تىلەپ:

**مۇساجان ئەزىزىي**

2001 ـ يىل 6 ـ، 9 ـ ئاۋغۇست، شەھىرى ئۈرۈمچى

بۇ خەت يوللار قېزىلىپ، قاتناش تولىمۇ قولايسىزلىشىپ كەتكەچكە، پوچتىخانىغا يېتىپ بارالماي، قولۇمدا تۆت-بەش كۈن تۇرۇپ قالدى.

2001 ـ يىل 14 ـ ئاۋغۇست، شەھىرى ئۈرۈمچى

## Ⅱ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك مۇساجان ئاكا:

ئۆزلىرىگە كۆپتىن كۆپ سالامەتلىك تىلەيمەن ۋە شائىر روزى سايىت نامىغا يوللىغان مەكتۇبلىرىنى ھەسرەت ئىچىدە تاپشۇرۇۋېلىپ، مەمنۇن بولغانلىقىمنى سەمىلىرىگە سالماقچىمەن. خەت ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا بەكلا كېچىكىپ كەپتۇ. خەۋەر تاپقان بولۇشلىرى مۇمكىن: شائىر ئاللىقاچان ئەبەدىيلىك ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئارزۇ-ئارمان باشقىچە، تەقدىر-قىسمەت يەنە ئۆزگىچە ئىكەن. ئىزگۇ تىلەكلىرىمىز قىسمەتنىڭ سوغۇق كۆڭلىنى ئېرىتەلمىدى. شائىرنى قىسقا بىر مەزگىللىك ئۈچۈن بولسىمۇ ئارىمىزدا ئېپقالالمىدى. شائىرنىڭ تەقدىر ئويۇنلىرى ۋە زامان دىشۋارلىرىنى روشەن كۆرۈپ يەتكەن كۆزلىرى كۆڭۈللەرگە زوق بېغىشلىغۇچى مەكتۇبلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. ئۇنى مەن يېنىش-يېنىشلاپ ئوقۇپ چىقتىم. جاھان ئىشى شۇنداقكەن. ئالدىن كەتكەنلەر كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن نەرسىلەرنى كېيىن قالغانلار كۆرۈدىكەن. شائىرغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكلىرى ئۈچۈن مەرھۇمغا ۋاكالىتەن رەھمەت ئېيتىمەن، ئۆزلىرى سالامەت بولغايلا!

شائىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدا ئۆزلىرىگە ئۇچۇر بېرىش مەجبۇرىيىتىمدۇر. لېكىن ھازىر شائىر ئاللىقاچان ۋاپات بولغان ۋە ئارىدا بەزى ئىشلار بولۇپ ئۆتكەچكە، ئۇنى نەزەرلىرىگە سەل باشقىچىرەك يول ئارقىلىق ھاۋالە قىلماقچىمەن. ئىش شۇنداقكى، مەن شائىر كېسەل بوپقالغان كۈنلەردە ئۇنىڭغا تولۇق دېگۈدەك ھەمراھ بولدۇم ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا كەچ تەرەپلەردە «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە» دېگەن ماۋزۇدا خاتىرە يېزىپ تۇرغانىدىم. ئارىدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى رىسالەت مۇھەممەت خانىم شائىرنىڭ ژۇرنال تەھرىراتى نامىدىن ئاتاقلىق رەسسام ئابدۇشۈكۈر كېرىمگە سىزدۇرۇلغان ماي بوياق رەسىمىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە ئاتايىتەن ئۇنى يوقلاپ كەلدى. شۇ كۈنلەردە، تەسادىپىي پۇرسەتتە يازغان خاتىرىلىرىم ھەققىدە پاراڭ قىلىپ قالغان بولسام كېرەك ، كېيىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ھۆرمەتلىك قۇربان مامۇت ئەپەندى ئەشۇنداق خاتىرە بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ۋە ماڭا تېلېفون قىلىپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بارلىقىنى بىلدۈردى، ئەۋەتىپ بەردىم ۋە ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئۇلارنىڭ خاتىرىنى ئېلان قىلىش قىممىتى بار، دەپ قارىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. . . مانا تۇنۇگۈن باشقىلاردىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانى يەككە كىتاب سودىگەرلىرىنىڭ پوكەيلىرىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ئەشۇ «خاتىرە» نىڭ بېسىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۆزلىرىنىڭ ئەشۇ سان ژۇرنالنى كۆرۈپ بېقىشلىرىنى سورايمەن. ئۇنىڭدا تولۇقسىز بولسىمۇ شائىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدا ئۆزۈممۇ سالامەتلىك تەكشۈرتۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېتىپ قېلىپ، شائىرغا 20 كۈندەك ۋاقىت ھەمراھ بولالمىدىم. ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى كۈنلەردە، گەرچە شائىرنىڭ يېنىدا بولغان بولساممۇ، خاتىرە يېزىشقا ھەپىلىم بولمىدى. ئەمدى مانا ئەشۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ ۋە شائىرنىڭ خانىمىدىن سوراشتۇرۇپ «شائىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى» نى يېزىۋاتىمەن. قاچان پۈتتۈرۈشۇم ئېنىق ئەمەس. ياخشى يازالىساملا بىرەر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىشى

مۇمكىن(بۇ خاتىرە ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001-يىل 6-سانىدا ئېلان قىلىنغان. - مۇھەررىردىن). ئۇنى شۇ چاغدا كۆرەرلا. ئەگەر ئىشلىتىلمەي قالغۇدەك بولسا، كېيىن ئۆزلىرىگە ئايرىم كۆچۈرۈپ ئەۋەتىپ بېرىمەن. سەمىلىرىگە ئالدىن سالماقچى بولغىنىم شۇكى، شائىر تاكى ئاخىرقى دەملەرگىچە ئەقلى-ھۇشىنى يوقاتمىدى. ھەتتا چاقچاق قىلىشلىرىنىمۇ توختاتمىدى. دوست-يارانلارنى ئەسلەپ مەمنۇنىيىتىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. ئەگەر مەكتۇبلىرى ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلىگەن بولسا، ئۆزلىرىگە ئاتايىتەن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن بولاتتى. ئەپسۇس، بەكلا كېچىكىپ قاپتۇ. قايسى كۈنى سەھەردە شائىرنىڭ تۇپراق بېشىغا چىققىنىمدا، مەكتۇبلىرىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ بىللە ئاچىقتىم. ئەشۇ يەردىكى پىچىرلاشلىرىم ئارقىلىق شائىرنىڭ روھى مەكتۇبلىرىدىن خەۋەر تاپتى. ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ روھى خۇشھال بولدى ۋە ئۆزلىرىدىن كۆپتىن كۆپ مىننەتدار بولدى. . .

مۇساجان ئاكا:

مەكتۇبلىرىدىكى شائىرغا تالىق ئىشلارنى ۋە تەسىراتلىرىنى ئوقۇپ، كۆپ ئىشلار يادىمدىن كەچتى. شائىر ھەققەتەنمۇ بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇقلار ئۆتكەن، قىسمەت ۋە زاماننىڭ تاسقاقلىرىدا يەتكىچە پىرقىرىغان ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىنقى 26 يىللىق ھاياتىغا دائىر كەچمىشلىرىنى تالاي-تالاي قېتىم ئاڭلىغانمەن. ئۆزئارا تونۇشقان، دوست بولۇپ ئۆتكەن كېيىنكى 32 يىلدا بولسا، خۇددى ئۇنىڭ سايىسىدەكلا، بارلىق كەچمىشلىرىگە شاھىد بولغانمەن. شائىرنىڭ ھاياتىدا باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگۈدەك، ئەۋلادلار ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرغىدەك نۇرغۇن ئېچىنىشلىق ئىشلار، تەسىرلىك ھېكايىلەر بار ئىدى. دوستلۇقىمىز سەۋەبلىك ئاغىنەمگە خاتىرە مۇنارى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر ئادەمنىڭ، بىر ئۇيغۇر بالىسىنىڭ كەچمىشلىرىنى خاتىرىگە ئېلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە بىرنەرسە يېزىش ئويۇم خېلىدىن بېرى كۆڭلۈمدە كېزىپ يۈرەتتى. لېكىن پۇرسەت بولمىدى. 1998-يىلى بولسا كېرەك، «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇھەممەتسالىھ مۇھەممەتروزى ئەپەندى تېلېفون قىلىپ، ژۇرنالدا ئىشلىتىش ئۈچۈن شائىر ھەققىدە بىرپارچە تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدىغان تونۇشتۇرۇش ماقالىسى دېگەندە، تونۇشتۇرۇلغۇچىنىڭ پارتىيىگە قانداق يېقىندىن ئەگەشكەنلىكى، قايسى-قايسى دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە قانداق-قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ «شەرەپ پارتىيىگە مەنسۇپ» دېگەنلىكى يېزىلىدۇ. ئۇنى كۆپ ھاللاردا مۇخبىر-ئاخباراتچىلار يازىدۇ. مۇھەممەتسالىھ ئەپەندىنىڭ مېنى تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشى، مېنىڭ بىرقانچە پارچە ئەدەبىي ئاخبارات يازغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ ئاخبارات يازغۇچى ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن ۋە بەلكىم مېنىڭ پارتىيىنىڭ تەشۋىقات كادىرى ئىكەنلىكىمنى، شائىر روزى سايىتنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىمنى نەزەردە تۇتقانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ مېنى تەكلىپ قىلىشىنى ئېنىق چۈشەنمىگەن بولساممۇ، لېكىن يەنىلا ماقۇل بولدۇم. قەلبىمدە ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىپ تۇرغان شائىر ھەققىدە بىر نەرسە يېزىش ئىستىكى مېنى ماقۇللۇق بىلدۈرگۈزگەن بولسا كېرەك. ماقۇل بولغانىكەنمەن، ۋەزىپىنى دەرھال ئورۇندىشىم كېرەك. گەرچە شائىرنىڭ ئەھۋالىنى بەش بارمىقىمنى بىلگەندەك بىلسەممۇ، لېكىن ئەشۇ بارماقلاردىكى سىزىقچىلاردىن خەۋەرسىز ئىدىم. شائىرنى ئۆزى ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم. لېكىن ئۇنىڭ ۋاقتى يەتمىدى بولغاي، خېلىلا ئارقىغا تارتتى. 1999-يىلى ياناۋارنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئاندىن ئۆز كەچمىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق سۆزلىدى. ھەسرەت-نادامەت بىلەن، ئېسەدەپ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ سۆزلىدى. مەن 30 بەتتىن ئارتۇقراق خاتىرە قالدۇردۇم. سوئاللار قويۇپ، كەچمىشلەر يۈزبەرگەن زامان، ماكان ۋە شارائىتنى ئېنىقلىدىم. قەلبىمدە بولسا: «ئىنسان بالىسىنىڭ بېشىغا شۇنچە كۈلپەتلەر، جاپا-مۇشەققەتلەر، دەرد-ئەلەملەرمۇ كېلىدىكەن-ھە» دېگەن بىر ھەسرەتلىك تەسىرات جەملىنىپ تۇردى. ئەسلى «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» نىڭ چەكلىك سەھىپىسى ئۈچۈن يېزىلىدىغان تونۇشتۇرما ماقالە ئۈچۈن ئۇنچە تەپسىلاتلار زۆرۈر ئەمەس ئىدى. بەلكىم شائىر ھەققىدە چوڭراق بىئوگرافىك ئەسەر يېزىش ئىستىكى مېنى ئەشۇ تەپسىلاتلارنى يەنە ئاڭلاشقا، تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋېلىشقا قىزىقتۇرغان بولسا كېرەك. ئەشۇ پاراڭنىڭ ئەتىسى، يەنى فېۋرالدا شائىر ھەققىدە تونۇشتۇرما ماقالە يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئەمما قەلەم ئىختىيارىمغا بويسۇنمىدى، ژۇرنالنىڭ چەكلىك سەھىپىسىنىمۇ ھېسابقا ئالمىدى. پىكىرلىرىم قاراقۇرۇمنىڭ قارلىق چوققىلىرى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن بۈركۈتتەك ئۇزاقلارغا پەرۋاز قىلدى. بىر ئۇيغۇر بالىسى بېسىپ ئۆتكەن كۈلپەتلىك ھايات بويلاپ ئۇزاپ كەتتى. پاك-مەسۇم، ئارزۇ-ئارمانلىق لېكىن يوقسۇزلۇقتىن قەلبى زىدىلەنگەن ئۇيغۇر بالىسى كەتمەن تۇتۇپ گەندە چىققىرىدىغان، تاغار يۇدۇپ سېلىنىۋاتقان سۇئامبارلىرىنىڭ توسمىسىغا توپا ئاچىقىدىغان كىچىك دېھقانغا ئايلاندى. قورسىقى ئاچ ئىدى. ئاشقازىنى كۆركىراپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ تۇراتتى، ماغدۇرسىزلىقتىن پۇتلىرى تىترەپ، تىزلىرى ئېگىلىپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ توپا ئۇسۇلغان ئېغىر تاغارنى يۇدۇپ بارغانسېرى ئېگىزلەۋاتقان توسمىغا يامىشىشقا مەجبۇر ئىدى. ياماشمىسا ئۇماچ

بىرلمەيتتى. ئۇماچ ئۇچۇنلا يامىشاتتى. خوتەن دېھقىنى دېگەن مانا شۇ. . .

شۇنداق قىلىپ، ئەسەر ئۆزىراپ كەتتى. 22-ئاپرېلدا دەسلەپكى ئورىگىنالى قولدىن چىققان بولدى. 100 بەتتەك بىرنەرسە بوپتۇ. شۇيىلى يازدا، مەكتىپىمىزدە تەتىل بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى تۈزىتىپ چىقتىم ۋە «خوتەن دېھقانلىرى ۋە روزى سايىت» دېگەن سەرلەۋھە قويدۇم. كومپيۇتېردا تىزدۇرۇپ دېسكىغا ئالدۇردۇم. ھازىر ئۇ نەشرىياتتا يورۇقلۇققا چىقىشنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. سىز «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 7- سانىدىن ئوقۇغان نەرسە ، شۇنىڭ 9-بابى. بۇ ئەسەر توغرىسىدا دەيدىغانلىرىم شۇكى، كىشىلەر قەھرىمان ھەققىدىكى نەرسىلىرىنى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يېزىشىدۇ. بۇ ھەتتا ئەنئەنىگىمۇ ئايلىنىپ قالدى. مەن شائىر ھەققىدىكى بۇ ئەسىرىمنى پۈتكۈزگەندە، ئەشۇ ئەنئەنە بۇزۇلىدىغان بولدى، شائىر ھايات ۋاقتىدا ئەسەر جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانتىم. ئەپسۇسكى، كۆپ قېتىم قەرەل، ۋەدىلەرنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۇ يەنىلا شائىر ھايات ۋاقتىدا نەشردىن چىقماي قالدى. قارىغاندا، ئەنئەنە دېگەندىن ئاسان ھالقىغىلى بولمىسا كېرەك. كۆڭۈلگە ئەسەللىي بېرىدىغىنى شۇكى، ھەرھالدا شائىر ھايات چاغدىلا «كروران» ۋە «تارىم» ژۇرناللىرى ئۇنىڭ ئىككى بابىنى ئېلان قىلدى. شائىر ئەسەر يېزىلىۋاتقاندىلا پۈتكەن ھەربىر بابىنى ئۇدۇللۇق ئوقۇپ ماڭغانىدى. قارىغاندا، ئادەم ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى باشقىلارنىڭ يازمىسىدىن كۆرسە بەكرەك تەسىرلىنىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ ئوقۇۋېتىپ بولدۇقلاپ يىغلايتتى. ھەسرەت-نادامەتكە چۆكۈپ جىم بولۇۋالاتتى. بىر كۈنى شائىرنىڭ خانىمى تېلېفون قىلىپ: «ئىككىلىرى بىرنېمە دېيىشىپ قالدىلىمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ياق، نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سوئال قايتۇردۇم. شائىرنىڭ خانىمى: «يېقىندىن بېرى ئۇ كىشى سىلىنىڭ ئۆيگە چىقىپ كىرسىلا، جىم بولۇۋالىدىغان، باللار بىلەنمۇ پاراڭلاشمايدىغان بولۇۋالدى. مۇڭغا چۆكۈپلا ئولتۇرىدۇ» دېدى. مەن شائىر ھەققىدە بىرنەرسە يېزىۋاتقانلىقىمنى، شائىرنىڭ ئۇنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم. خانىم ماڭا ئۇنى شائىرغا كۆرسەتمەسلىك تەكلىپىنى بەردى. ئەمما كۆرسەتمەسلىككە ئامال بولاتتىمۇ؟ ئۇ كېيىنكى بابلىرىنىمۇ داۋاملىق كۆردى. كومپيۇتېردا تىزدۇرغاندا كوررېكتورىنىمۇ كۆرۈپ بەردى. ئەمما نېمىشقىدۇر ئەسەرنىڭ ھېچبىر يېرىگە تۈزىتىش بەرمىدى. ھەتتا بىرەر سۆزىنىمۇ ئۆزگەرتمىگەنىدى. ھايات ئادەم توغرىسىدا توقۇلما قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسقۇ. ھەتتا مېنىڭ تەھلىل - مۇلاھىزىلىرىمۇ خېلىلا ئوبيېكتىپ بولغان بولسا كېرەك. شائىرنىڭ تۈزىتىش بەرمىگەنلىكى شۇنىڭدىن بولۇشى مۇمكىن. . .

ئەمدى «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەزىپىسىگە كەلسەك، يازغانلىرىم ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇۋاپىق كەلمەي قالدى. لېكىن ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىمىساممۇ بولمايتتى. شۇۋەجىدىن، ئەسەرنىڭ ئۇيەر-بۇيېرىدىن جۈملە-ئابزاسلارنى ئۈزۈۋېلىپ «شائىرنىڭ ھەيكىلى» دېگەن ماۋزۇدا ئۇلارغا ئەۋەتتىم ۋە بۇ گەرچە تونۇشتۇرما ماقالىسىگە ئوخشىماي قالغان بولسىمۇ، ژۇرنال يەنىلا ئۇنى ئىشلەتتى. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مەندىن كۈتكىنىمۇ «ئاتام ئېيتقان بايىقىدەك» تونۇشتۇرما ماقالە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ يازغانلىرىمدەك بىرنەرسە بولسا كېرەك. بۇ، ژۇرناللىرىمىزدىكى گېزىتلەرگە ئوخشىمايدىغان تەرەپ بولۇشى مۇمكىن. ژۇرناللاردىن ئاغرىنىشقا ئاساس يوق. «شائىرنىڭ ھەيكىلى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن پەيدا قىلغان تەسىرى بۇنۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. مەن ھەتتا ئوقۇرمەنلەردىن مەمنۇنىيەت خېتىمۇ تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ قېتىم «تارىم» دىكى 9-بابىنى ئوقۇپ، ئۆزلىرىمۇ ياخشى تەسىرات ئاپتىلا. قارىغاندا ئادەملىرىمىزدە زىيالىيلىرىمىز-ئالىملىرىمىز، دوكتور-تەتقىقاتچىلىرىمىز ، شائىر-يازغۇچىلىرىمىزغا قارىتا چۈشىنىش ئىنتىلىشى يېتىشىپ بېرىۋاتقانغا ئوخشايدۇ. ئەكسىچە بولسا، ئەشۇ يازمىلارغا قىزىقىپ يۈرەتتىمۇ؟ مېنىڭچە، بۇنداق چۈشىنىش، ئىنتىلىشنى قۇرۇقتىن قۇرۇق ماختاشلىرىمىز ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ھايات كەچمىشلىرىنى، ئەمگەك-تىرىشچانلىقلىرىنى ئەمەلىي تونۇشتۇرۇشىمىز قانائەت تاپقۇزۇشى مۇمكىن. ئۆزلىرى مەكتۇبلىرىدا تىلغا ئالغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ خەلقىمىزنى چۈشىنىش دەرىجىسى بىلەن خەلقىمىزنىڭ زىيالىيلارنى چۈشىنىش دەرىجىسى توغرىسىدىكى مەسىلە مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. مەسىلە ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغاندەكلا. خەلق دېگەن ئۆز-ئۆزىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ھېلىقى دائىم تەكرارلىنىپ تۇرۇدىغان: خەلق دېگەن بىر پادىغا ئوخشايدۇ، قاياققا ھەيدىسەڭ شۇياققا ماڭىدۇ، دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ قەستەن كەمسىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. داھىيلارنىڭ: «خەلق ھەقىقىي قەھرىمان»، «تارىخنى خەلق يارىتىدۇ» دېگەنلىرى پەقەت ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ پەقەت ئىقتىدارلىق پادىچىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئېرىشكەندىلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. باشلاپ بارغۇچى زىيالىيلار ۋە سىياسىي داھىيلاردىن ئايرىلسا، ئۇ قەيەرگە مېڭىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ، ھەتتا ئابايدىن ئېلىنغان نەقىلدە كۆرسىتىلگەندەك جىنايەت يولىغا مېڭىشى، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ھېلىقى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئىشلار ھېلىقىدەك ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇغۇ. شۇچاغدا خەلق باشقىلارنىڭ قوترىتىشى بىلەن ئۆز زىيالىيلىرىغا ۋە سىياسىي داھىيلىرىغا نېمىلەرنى قىلمىدى؟ دېمەكچى، بۇيەردىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل زىيالىيلارنىڭ خەلققە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشى ۋە باشلامچى بولۇش مەسىلىسى. بۇ پەقەت ئۆزئارا

چۈشىنىش ۋە شۇ چۈشىنىشتىن شەكىللەنگەن ئىشەنچ ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردا بۇباشقا ھەرقانداق مىللەتلەرنىڭكىدىن ناچار بولۇشى مۇمكىن. زىيالىيلار خەلقىمىزنى چۈشەنمىگەندەك، خەلقىمىزمۇ زىيالىيلارنى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا ئەشۇنداق بىر زىيالىيلار توپىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلەمدۇ-يوق؟ بۇمۇ بىر مەسىلە. خەلقىمىز ئۇزاق تارىختىن بېرى دىنىي زىيالىيلار (دىنىي ئۆلىمالار) نى ئۆزىنىڭ مەنىۋى باشلامچىسى ھېسابلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. دىنىي زىيالىيلار بولسا خەلقنى كۆپرەك باقىي ئالەم مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە يېتەكلەپ، پانىي ئالەم مەسىلىلىرىنى دىققەتتىن چەتتە قالدۇرغان. بۇبىرتارىخىي ئېغىش، شۇنداقلا ئېتىقادىي ئېغىش ھېسابلىنىدۇ. 20-ئەسىردە بىزدە ھازىرقى زامان مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن زىيالىيلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى ۋە ئەسىر ئاخىرىدا مۇكەممەل بولمىسىمۇ، ھەرھالدا توپ بولۇپ شەكىللەندى. ئەمما ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان خەلقنىڭ مەنىۋى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقتىن، خەلقمۇ تا ھازىرغىچە ئۇلارنى مەنىۋى يولباشچى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلغىنى يوق. بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، زىيالىيلارنىڭ كۆپىنچە ھۆكۈمەت خادىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. خەلق ئۇلارنى ھېلىمۇ: «ھۆكۈمەت كادىرى»، «ھۆكۈمەت مۇئەللىمى»، «ھۆكۈمەت دوختۇرى»، «ھۆكۈمەت تېخنىكى» سۈپىتىدە تونۇيدۇ. ھەتتا شائىر-يازغۇچىلارنىمۇ «ھۆكۈمەت ئادىمى» دەپ قارايدۇ. بۇ خاتا ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت سىياسەتلىرى بويىچە ئىشلەيدۇ ۋە ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى مەنىۋى يولباشچى دەپ ئەمەس، مەمۇرىي باشقۇرغۇچى، مەمۇرىي ئىش بېجىرگۈچى سۈپىتىدە تونۇشنىڭ خاتا يېرى يوق. مەنىۋى يولباشچى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلماسلىقنىڭ ئۈچىنچى سەۋەبى، زىيالىيلارنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى يولباشچى بولۇش سۈپىتىنى ھازىرلىيالمىغانلىقىدا بولۇشى مۇمكىن. زىيالىيلارنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى بولمىش شائىر - يازغۇچىلاردىمۇ بۇنداق سۈپەت تېخى تولۇق ھازىرلانغىنى يوق. مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئېلان قىلىنىۋاتقان كۆپ سانلىق يازمىلار بۇنۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار خەلقنى ئۆزىگە تونۇتقۇدەك، نېمە كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئۆزىگە بىلدۈرگۈدەك، ئۇلاردا ئارزۇ-ئارمان يېتىشتۇرگىدەك، شۇئارزۇ-ئارمانغا يېتىش يوللىرىنى كۆرسەتكۈدەك ھېچنېمە يوق. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ خەلقنى چۈشەنمەسلىكىدە. ئۇلارنىڭ «ئۆزى ئۈچۈن يېزىش» لىرىنىڭ، ئوتتۇرا-قەدىمكى ئەسىرلەرچە سەۋدايى مۇھەببەتنى تەسۋىرلەشلىرىنىڭ، «ئاھ-پاھ» لىرىنىڭ، باشقىلارنى ماختاشلىرىنىڭ، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىغا كۈلۈشلىرىنىڭ خەلق بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ خەلقنىڭ زىيالىيلارنى چۈشەنمەسلىكىدىن ئافىرىنىشقا ئاساسىمىز يوق. ئۇلارغا بىزنى چۈشەنگۈدەك تەربىيە ئېلىپ بارالمىدۇق. ئەمما زىيالىيلار خەلقنى چۈشەنمىسە، بۇنىڭدىن ئاغرىنىشقا بولىدۇ. زىيالىي تۇرۇپ ئۆز خەلقىگە شۇ بۈگۈن ۋە كەلگۈسىدە نېمە كېرەكلىكىنى بىلەلمىسە، ئۇنى كىممۇ ئۆز زىيالىيىمىز دېيەلىسۇن؟ يەنە كۆرۈڭ: ئۆز خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىشلىرىنى، ئۆرپ-ئادىتىنى، ئېتىقادىنى، ئىنتىلىشلىرىنى كۈنسېرى مەجبۇرلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە چۈشەنمەي، ئۇنى باشقىلارغا قوشۇلۇپ ئەيىبلەپ-مەسخىرە قىلىشىپ بەرسە، ئۇ كىمگە تەئەللۇق زىيالىي؟...

خەلق بىلەن زىيالىيلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا چۈشەنمەسلىك ئەشۇنداق بولۇۋاتقان چاغدا بىر ئوغلان ئوتتۇرىغا چىقتى: شائىر روزى سايىت خەلق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تۈپكى مەسىلىلەرنى كۈيلەپ، ئۆزىنىڭ ئۆز خەلقىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەكس سادا مۇشۇنىڭغا لايىق بولدى. خەلقمۇ روزى سايىتنى چۈشەندى. ئۆزلىرى «تارىم» نىڭ 2001-يىللىق 7-سانىدىن ئوقۇغان «ئالتۇن ئۈزۈك»، «ئالتۇن تۇخۇم»، «ئالتۇن قوي» ھەققىدىكى بايانلار خەلقنىڭ روزى سايىتنى چۈشەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ھۆرمەت-ئىززەت كۆپىنچە چۈشىنىشتىن كېيىن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى شائىر كېسەل تېگىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەن مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆڭۈل بۆلۈشلەر، يوقلاشلارمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. روزى سايىتنىڭ قەدىرلىك يېرى شۇكى، ئۇ، ئۆز ئەمگەكلىرى بىلەن خەلققە - دېھقانلارغا، ئۇيغۇر زىيالىيلار توپىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى، ئۇلارنىڭ خەلقنى بىزە بولسىمۇ چۈشىنىدىغانلىقىنى، خەلق غېمىدە كۆيۈپ-پىشۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. دېھقانلارمۇ روزى سايىتتىن باشلاپ زىيالىيلارنى چۈشەنگەندەك ئىنكاس قايتۇردى. ئارىدىكى چۈشىنىشنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە گەرچە يەنە كۆپ تىرىشچانلىقلار كېرەك بولسىمۇ، لېكىن بۇنى بىر ياخشى باشلىنىش دېمەي ئىلاجىمىز يوق. قانداقلا بولمىسۇن ھەر ئىككى تەرەپتە چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەنلىكى ئېنىق. بۇ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىققا ئۇل سالسا ئەجەب ئەمەس.

مۇساجان ئاكا:

روزى سايىت بىلەن ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىنى گىيوتې بىلەن شىللېرنىڭ دوسلۇقىغا ئوخشىتىپ يۇقىرى باھا بەرگەنلىكلىرىگە رەھمەت. مەرھۇم مەكتۇبلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغان بولسا، بۇنىڭدىن كۆپ خۇشال بولغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ، بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالمىدى. ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقىغا كەلسەك، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن. بىرتونۇشقانچە 32 يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈپتىمىز. ئويلاپ كۆرسەم، دوستلۇق دېگەننى پىكىر بىرلىكى، ئىرادە ئورتاقلىقى، سەرگۈزەشت ئوخشاشلىقى شەكىللەندۈرىدىكەن. كېلىپ چىقىش،

ئىجتىمائىي ئورۇن، ياش پەرقى، ھەتتا خۇي-مىجەزدىكى پەرقلەر دوستلىشىشقا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدىكەن، يېقىندا بىرسى خېتىدە: «ئىككىلىرى تۇغقان ئوخشايلا» دەپ يېزىپتۇ. بۇنداق باغلىنىش يوق. شائىر بەش سۇلالىگە ئەسكەر بولغان قاراقاش قاراسايلىق ئابتوف سايتىنىڭ چېكرا قورۇلى - ھەربىي گازارمىدا تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلى. مەن بولسام، لوپ چاھارباغدىن تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەۋەككۇل دېگەن يېڭى ئېچىلغان يەرگە كۆچۈپ بارغان دېھقاننىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى. بىرىمىز تاغدا - قاراقۇرۇمنىڭ چوققىسىدا، بىرىمىز چۆلدە - تەكلىماكاننىڭ ئوتتۇرىسىدا، بىرىمىز قورقماس ئەسكەر ئائىلىسىدە، بىرىمىز ئالتە ئەۋلاد ئىچىدە بىرمۇ ئەسكەر ياكى قوزغىلاڭچى چىقمىغان ياۋاشلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئارىمىزدا ئالتە ياش پەرق بار. شائىر ئېگىز ۋە ئورۇق، مەن بولسام پاكار ۋە سېمىز، شائىر شوخ، گەپدان، تارتىنماس ۋە قىزغىن مىجەزلىك، مەن بولسام ھەممە جەھەتتە گۆلەشراق. تونۇشقان ۋاقتىمىزدا سەرگۈزەشتىلىرىمىزمۇ ئوخشىمايتتى. ئەينى چاغدا تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا جەمئىيەتكە ھەيدەلگەن شائىر جاپا-مۇشەققەتلىك خوتەن دېھقانلىرىنىڭ 12يىللىق ستاژغا ئىگە قاتمال دېھقىنىغا ئايلانغان، مەن بولسام، تولۇق ئوتتۇرىنى ئۈچ يىل بۇرۇن تۈگەتكەن بولساممۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ئەسەبىي ھەرىكەت سەۋەبىدىن تېخىچە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدىم. ئەشۇ 1969-يىلنىڭ سېنتەبىرىدە تونۇشتۇق. 12يىللىق ستاژغا ئىگە دېھقاننىڭ قەلبىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرىدا توختاشقان ئەدەبىي ھەۋەس تېخى كۆلگە ئايلانمىغانىكەن. بىزنى شۇ تونۇشتۇردى. تونۇشۇپلا ، «بىر كۆرۈپ ئاشىق بولغان» غا ئوخشاش ئاغىنە بوپكەتتۇق. دوستلارنىڭ كەچمىش -قىسمەتلىرى ئوخشاش بولىدۇ، دېگەن گەپ ئەمەلىيەت يەكۇنى بولۇشى ۋە بەلكىم بېشارەت بولۇشى مۇمكىن. بىز تونۇشۇپ ئاي ئۆتمەيلا مەنمۇ دېھقانغا ئايلاندىم. ئىككىمىز دېھقانچىلىق قىلىدىغان «كوممۇنا» لار ئارىسىدا 25-30كىلومېتىردەك مۇساپە بولسىمۇ، لېكىن ئاي ئاتلاتماي ئىزدىشىپ تۇردۇق. ئۇيىللاردا جاپا-مۇشەققەت، يوقسۇزلۇق ۋە كۈلپەت خوتەن دېھقانچىلىقىدىن قۇتۇلۇش، ھۆكۈمەتنىڭ ماش تارقىتىدىغان «تۆمۈر دەپتىرى» گە كىرىۋېلىش ئارزۇسىنى يالقۇنجىتىپ تۇراتتى. 1973-يىلى يازدا مەن ئالىي مەكتەپكە كىرىۋېلىشنى ئەشۇنىڭغا ئېرىشىش ۋاستىسى قىلماقچى بولدۇم. شائىرمۇ شۇنداق ئويدا ئىدى. بىر ئامالنى قىلىپ ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالدۇق. باشقا-باشقا شەھەرلەردىكى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغاچقا، دوستلۇقىمىز ئۈزلۈكسىز ئەۋەتىپ تۇرغان مەكتۇبلەر رىشتىسى بىلەن باغلىنىپ تۇردى. تەتىللەرنى بىللە ئۆتكۈزەتتۇق. مەندىن بىر يىل بۇرۇن ئوقۇش

پۈتتۈرگەن شائىر - كۆكتۇلدىكىدەك ئورۇن - شەھەرگە تەقسىم قىلىنغانىكەن. مەن كەلسەم، مېنى دۇۋا دېگەن تاغقا تەقسىم قىلىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي «لۇشيەن خاتالىقى» ئۈچۈن شائىرنىمۇ قاراڭغۇ تاغقا سۈرگۈن قىلىشتى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەر ئىككىمىز تاغدىن قەدىمىي خوتەن شەھىرىگە قايتىپ كەلدۇق. . . قاراڭ، قىسمەت-كەچمىش ئوخشاشلىقى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ ئەشۇ ئوخشاش كەچمىشلەر سەۋەبىدىن دوستلۇقىمىز چىڭىپ باردىمۇ ياكى دوست بولغانلىقىمىز ئۈچۈن قىسمەتلىرىمىز ئوخشىشىپ قويۇلدىمۇ؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس.

ئىككىمىزنى باغلاپ تۇرغان ئاساسىي رىشتە پىكىربىرلىكى ئىدى. پىكىرلىرىمىز دائىم دېگۈدەك بىرىيەردىن چىقاتتى. تالاش-تارتىش بولغان، خاپىلاشقان، ئاغرىنىشقان، بىر-بىرىمىزنى ئەيىبلىگەن چاغلىرىمىز بار. ۋەھالەنكى، تۈپلۈك مەسىلىلەردە پىكىرىمىز بىردەك ئىدى. ئىختىلاپ بولغان چاغلار يوق. بىر-بىرىمىزنىڭ مىجەز-خۇي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى كەچۈرۈۋېتەلەيتتۇق. بىر-بىرىمىزگە ئىشىنەتتۇق. گيۇتې بىلەن شىللېرنىڭ دوستلۇقىمۇ شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىز ئۇلاردەك «بىر ئەدەبىياتنىڭ يۈكسەك چوققىسى» نى ھاسىل قىلالمىدۇق. دېھقانلار مەسىلىسىنى ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىنىڭ دىققەت مەركىزىگە سۇنۇش بولسا، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى ئالدىدا ھېچنېمە. ئەسلى قىزغىنلىقىمىز نۇقتىسىدىن ئالغاندا بىزمۇ ئەشۇ «يۈكسەك چوققا» نى ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلالمىغانلىقىمىزغا گيۇتې بىلەن شىللېرنىڭ شارائىتىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئوبيېكتىپ شارائىت سەۋەب بولدى، دەپ باھانە كۆرسىتىشىمىز ئىقتىدارسىزلىقىمىزنى ئاقلاپ قالالارمۇ؟ ۋادەرىخ، قىسمەتنى ئۆزگەرتىشكە ئامال يوق ئىكەن. ئەمدى يەنە نېمە دېگۈلۈك؟

ئۆزلىرى تىلغا ئالغان «يەنە بىر پاكىت» قا كەلسەك، شائىر روزى سايىت ھەقىقەتەنمۇ «ئاق تاغلىق» ، «قاراتاغلىق» لار بىلەن بىر يولدا ئەمەس ئىدى. ئەدەبىياتچىلىرىمىزنىڭ ئىناقلىقىنى قەدىرلەيتتى. مەن ئۇنىڭ باشقا شائىر-يازغۇچىلىرىمىزغا بولغان ھۆرمىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىمەنكى، ئۇلار توغرىسىدا بىرەر بولمىغۇر سۆز قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىمەن. بەزىلەر بىلەن خاپىلاشقان چاغلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ ئاداۋەت ساقلىمايتتى. كامىل مۇسۇلماندەك ئاداۋىتىنى ئۈچ كۈننىڭ نېرىسىغا ئۆتكۈزمەيتتى. ئۆزۈم توغرىسىدا بولسا، ئۇنىڭ باشتىن ئاخىر ياخشى پىكىردە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىق روھى ھەممىمىزگە ئۈلگە بولغاي!

ئۆزلىرىگە ئامانلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ

شاگىرتلىرى: **نۇرمۇھەممەت توختى**

2001-يىل 12-ئۆكتەبىر، شەھىرى خوتەن(M2)



# شائىر ۋە دەۋر

## ــ شۆھرەتلىك خەلق شائىرى روزى سايىت ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى خاتىرىسىگە

### ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

بۇلتۇر، ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى كېسەل ئازابىدا ساماندەك سارغايغان، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بوپقالغان شائىر روزى سايىت بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلاشقانىدىم. ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان شائىرغا قاراپ، يۈرىكىم پىچاق تىققاندەك ئۆرتىنىپ كەتكەنىدى. شائىرنىڭ نەچچە كۈنلۈكلا ئۆمرى قالغانلىقى شائىر بىلەن خوشلىشىۋاتقان جامائەتكە ئايان بولۇپلا قالماي، شائىرنىڭ ئۆزىگىمۇ بەشقولدەك ئاياندەك قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، كۆزى يىغلىمىغانلارنىڭ يۈرىكى خۇن، يىغلىغانلارنىڭ بولسا ۋۇجۇدى ئازابنىڭ تۈگمىنىدە ئېزىلىپ ئۇن بولغانىدى. دەرۋەقە، ئۆلۈم ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا بار، ئۆلمەيدىغان ئادەم يوق، بۇ ھېچكىمگە سىر ئەمەس. لېكىن ئادەملەرنىڭ زور كۆپچىلىكى نېمىشقىدۇر ئۆلمەيدىغاندەك ياشىشىدۇ. ئۆلۈم تۇيۇقسىز بوسۇغىسىدا پەيدا بولغاندا ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا تەكرارلىنىدىغان ئەڭ ئەقەللىي ھايات ھادىسىسى ئالدىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قېلىشىدۇ.

سەكراتتا تۇرغان شائىر بىلەن سۆز ئېيتىپ خوشلىشقا يۈرەك چىدىماي، كۆزۈم، قەلبىم بىلەن خوشلىشىپ ئۈرۈمچىگە ياندىم. ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ تېخى ھايات تۇرغان شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى ھەققىدە ئويلاندىم. ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا ئوخشاش تەكرارلىنىدىغان ئۆلۈمنىڭ روزى سايىتنىڭ بېشىغا كەلگەندە باشقىچە تۈس ئالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يوقلىما قىلىنغاندىلا مەۋجۇدلۇقى يوقلىما ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەسكە ئېلىنىدىغان كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، روزى سايىتنىڭ ئۆلۈمى يۈز بەرگەن ھامان بوشلۇق پەيدا قىلالايدىغان، شائىر تۇپراققا كىرىپ كەتكەندە جەمئىيەت ئاندىن ئۆزىنىڭ قانچىلىك زور يوقىتىشقا دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدىغان ئۆلۈم ئىدى. بۇنداق ئەدىبلەر شۇپىنھاۋرنىڭ گېپى بويىچە بىرەر يۈز يىلدا بىرەرسى بارلىققا كەپقالىدىغان، مەۋجۇدلۇقى ئىجتىمائىي رېئاللىققا زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تىنىقىدىن شۇ ئەدىبنىڭ ئۆزىگە خاس ساداسىنى ئېنىق بايقىغىلى بولىدىغان كىشىلەر

ئىدى.

ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ، قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمىسەممۇ، پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇدىغان شۇمخەۋەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. روزى سايىت ئۆزى 60 يىلغا يېقىن ياشىغان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. روزى سايىت ۋاپاتى بىلەن شەكىللەنگەن ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى بوشلۇق روزى سايىتنى ياخشى كۆرۈدىغان، ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەرگە ئورتاق ھالدا تەسىر كۆرسەتتى. روزى سايىتنىڭ ھايات تارىخىغا چېكىت قويۇلۇپ، بۇ تارىخ كېيىنكىلەر ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىدىغان ، ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدىغان ئۆتمۈشكە ئايلاندى.

## دېھقان بولماق تەس

شائىرنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىدە قاچان پەيدا بولغانلىقى ماڭا بەكمۇ ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا روزى سايىتنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان، تىلى خەلق قوشاقلىرىغا ناھايىتى يېقىن، راۋان، يېقىملىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئەمما شېئىرنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، تىلىدا كۆپرەك كۆرۈلەتتى. شائىرنىڭ تىلىغا، گۈزەل ئۇيغۇر تىلىنىڭ روزى سايىت شېئىرلىرىدا قايتىدىن پارلاپ، قەلبىمنى غىدىقلىشىغا تاڭ قالاتتىم.

شائىر بىر مىللەت تىلىنىڭ ئۇستازى، دەيدۇ كىمدۇر بىرى. بۇ سۆزنى بىر توغرا ھەقىقەت دەپ تەن ئالمىساقمۇ، شائىرنىڭ بىر مىللەت تىلىغا كۆرسىتىدىغان ئەجايىپ تەسىرىنى تەن ئالماي ئامالىمىز يوق. روزى سايىتنى تىل ئۇستازى دەپ قارىيالمىساقمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر ۋىجدانلىق پەرۋىشكارى، كۆيۈنگۈچىسى، كۆڭۈل بۆلگۈچىسى، دەپ قارىماي تۇرالمايمىز. شېئىر تىلىنىڭ خەلق تىلىغا يېقىنلىقى ماھىيەتتە شېئىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، شائىرنىڭ خەلققە يېقىنلىقى. ئەسلى شېئىر خەلققە يېقىن بولۇپلا قالماي خەلقنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. خەلق شېئىرغا ھەقىقىي ھاياتىي كۈچ بەرگۈچى. خەلققە يېقىن دېگەن گەپتىن خەلققە يېقىن ئەمەس، خەلقتىن يىراق شائىرلار مەۋجۇد دېگەن يەكۈننىمۇ چىقارغىلى بولىدۇ. روزى سايىت ئەڭ دەسلەپتە ئەدەبىيات سەھنىسىدە پەيدا بولغاندا شېئىرلىرىنىڭ تىلىدىكى چۈچۈكلۈك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بالاغىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، قىسقا، مەنىسى چوڭقۇر جۈملىلەر بىلەن ئۆز شېئىرلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە خەلققە يېقىنلاشتۇرغانىدى. ئەمما بۇ يېقىنلىقنى بىز شېئىرىي مەنا ۋە ئىدىيەدىكى يېقىنلىق دېيەلمەيمىز. شائىر دېھقانلار ئارىسىدىن چىققان شائىر بولغاچقا، دېھقانغا خاس مىجەز ۋە تەربىيىلىنىش ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا تۇغما دېھقانغا خاس تىل ۋە پۇراق بەرگەنىدى. شائىر پەقەت مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلققە باغلىنىپ تۇراتتى. كېيىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا روزى سايىتنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن تونۇشتۇم. روزى سايىتمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە قەلبىمگە قارىغاندا دەپتىرىمدىن مەھكەم ئورۇن ئالدى. شۇ چاغدا شائىرنىڭ ئونغا يېقىن توپلام چىقارغانلىقىنى بىلدىم. سان نۇقتىسىدا بۇ توپلاملار ئادەمگە بەكمۇ بۈيۈك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇنداق شائىرنى كونسپېكتلەردىن ئورۇن ئالدۇرماي مۇمكىن ئەمەستى. ئەمما قەلبىم «شائىر» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغاندا، ئاران بىر توپلام چىقارغان بولسىمۇ، شائىر دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغاندا، ئەڭ ئاۋۋال كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەرنى ئەسكە ئالاتتى. خېلى چىڭقالغان چېغىمدا ئاندىن روزى سايىت تىزىملىكىنىڭ ئەڭ كەينىدىن غىل-پال ئورۇن ئالاتتى.

تىلى ياخشى بولسىلا شائىر بولامدۇ؟ دېگەن سوئال قەلبىمنى غىدىقلايتتى. ھەقىقەتەن ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى مۇھىم ئامىلى تىل. ئەمما بىردىنبىر مۇھىم ئامىلى پەقەت تىللا بولۇشى ناتايىن. ئەدەبىياتقا جان ۋە قان بېرىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە ئىدىيە ۋە مەزمۇن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقماي قالمايدۇ. روزى سايىت شۇ چاغلاردا تىلغا باي، ئىدىيىدە گاداي، ئەڭ ئاۋۋال سىياسىي چاقىرىقلارنى، ۋاقتى يەتسە چىشى پاتقان ئادەتتىكى تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇدىغان نۇرغۇن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ سېپىدە جان تىكىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان، يەتمەكچى بولغان نىشانى ناھايىتى مۇجمەل شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى.

روزى سايىتنى ماڭا ۋە پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىگە ھەقىقىي تونۇتقىنى ئۇنىڭ 1995-يىللاردىن كېيىن يازغان شېئىرلىرى بولدى. ئۇ ئىلگىرى يازغان ئونغا يېقىن توپلام ئۇنى پەقەت ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۆزى ئوقۇپ، ئۆزى زوقلىنىدىغان تار ئەدەبىيات سەھنىسىدىلا تونۇتقانىدى. «دېھقان بولماق تەس» ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم شېئىر ئۇنى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇتتى. ئەسەرلىرىدىكى تىل ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن خەلققە يېقىن دەپ قارىلىۋاتقان شائىر ئىدىيە ۋە مەزمۇندىكى بۇرۇلۇش تۈپەيلىدىن بىردىنلا ھەقىقىي خەلق شائىرىغا ئايلاندى. سىياسىي چاقىرىقلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ يۈرگەن شائىر بىردىن شائىرلىقنىڭ ماھىيىتىنى قايتىدىن تونۇپ، شائىرلىقنىڭ توغرا يولى - خەلقنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقى، تىلى بولۇش يولىغا قەدەم قويدى. خەلقنىڭ ئازابى شائىرنىڭ ئازابىغا ئايلىنىپ، شائىرنىڭ ئېستېتىك پەللىسى يېڭىلاندى. لېكىن شائىر ئۆزىنىڭ بىر ئىجتىمائىي شائىر ئىكەنلىكىدىن تانماي، ئىجتىمائىي شائىرلىقنىڭ يەنە بىر قۇتۇبى - سىياسىي چاقىرىقلارنى ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ قارشى يولى - خەلقنىڭ

ساداسىنى ئوبرازلاشتۇرۇش يولىغا قەدەم قويىدى.

شائىرنى ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان تېمىسى، مەزمۇنىغا ئاساسەن بۆلۈش مۇمكىن. بەزى شائىرلار سۇبيېكتىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى قېزىش ئارقىلىق تەبىئەتنى بىر ۋاستىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ شېئىرىيەتنىڭ لىرىكىغا مايىل بىر قاتلىمىنى تەشكىل قىلسا، يەنە بىر تۈركۈمدىكى شائىرلار شائىرغا خاس پارتلاپ تۇرۇدىغان ھاياجان ۋە زىل قەلب بىلەن جەمئىيەتنىڭ قاتلاملىرىنى ۋاراقلايدۇ. جەمئىيەت ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مىسرالىرىدىن ئوزۇق ئالىدۇ. روزى سايىتنى مانا مۇشۇ خىل تۈردىكى شائىر، سەل قوپاللىراق تىل بىلەن ئىجتىمائىي شائىر، دەپ قاراش مۇمكىن. ھەرقانداق خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا، شائىرلىقنىڭ بۇ ئىككى قاتلىمى كەم بولسا بولمايدۇ. لېكىن ئىجتىمائىي ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرغان، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلۇق مەسىلىسى ھەققىدە تەپەككۇرغا پاتقان بىر خەلق ئۈچۈن لىرىك شائىرلارغا قارىغاندا، ئىجتىمائىي شائىرلار تولىمۇ زۆرۈر. خەلق شائىرىنىڭ ساداسىدىن مەسىلىلىرىگە جاۋاب تېپىشقا موھتاج. بۇ دېگەنلىك سۇبيېكتنى ئىپادىلەش مەقسىتى قىلغان لىرىك شائىرلارنىڭ ئورنى يوق دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت ئورۇن ۋە شارائىتنىڭ ئوخشىماسلىقى ئىككى خىل شائىرغا بولغان ئىككى خىل ئېھتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دېمەكچى، خالاس. ئىسلاھات دولقۇنىدا تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان بىر خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا، لىرىك شائىرلارغا قارىغاندا ئىجتىمائىي شائىرلارنىڭ زۆرۈرلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

«دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىر شائىرنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئورنىغا ئاساس سالدى. بۇ شېئىرغا شائىر ھۆكۈمەتتىن قەلەم ھەققى ئېلىپلا قالماي، خەلقتىن قەلەم ھەققى ئالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ دېھقانىنىڭ ئازابىنى جاھانغا ئاڭلاتقان ئېسىل شېئىرلارنى يازغان قولىنىڭ بارماقلىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويىدى. خەلق ئۆز شائىرىغا بولغان رازىمەنلىكىنى مانا شۇنداق قارىماققا سەنئەتكارغا نىسبەتەن قوپاللىراق كۆرۈنىدىغان ماددىي سوۋغا تەقدىم قىلىش، ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلىدى.

«دېھقان بولماق تەس» دېگەن جۈملىدە بىر قارىماققا شېئىرىي مەنا يوق. ئادەتتىكى گەپنى شېئىر تۇسىگە ئەكىلىپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بىز دېھقان دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنا قاتلاملىرىنى ئاختۇرساق، ئۈچرىغان پاكىتلارغا قاراپ تاڭ قالىمىز. قىسقىسى، ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ %90ى دېھقان. ماھىيەتتە ئۇيغۇر دېمەك دېھقان دېمەك. دېھقان بولماق تەس – ئۇيغۇر بولماق تەس دېگەنلىك. بۇ گەپلەر بىزنى يەنە بىر قېتىم ئويغىتىدۇ. ھازىرلا ئاددىي كۆرۈنگەن «دېھقان بولماق تەس» دېگەن جۈملىدىكى شېئىرىي پىكىر قەلبىمىزنى غىدىقلاشقا باشلايدۇ.

## شائىر دەۋرنىڭ قاۋاپ تۇرغان ئىتى

مەشھۇر مۇستەبىت، فاشىست ھىتلېر شائىر ھەققىدە سۆز بولغاندا: «شائىر دەۋرنىڭ قاۋاپ تۇرغان ئىتى» دېگەن بىر گەپنى قىلغانىكەن. قارىماققا بۇ گەپ شائىرغا قىلىنغان ھاقارەتتەك كۆرۈنسىمۇ، تەھلىل قىلغاندا شائىرلارغا بېرىلگەن ئەڭ ئالىي سۈپەتتۇر. ئويلاپ بېقىڭ، ھىتلېردەك قانخور فاشىستنىڭ جەمئىيىتىدە ھىتلېرغا قاراپ قاۋاشقا جۈرئەت قىلغان ئىت نەقەدەر يۈرەكلىك قەھرىمان-ھە. ھىتلېرنى سەكرىتىپ، ئادەم تىللاشقا مەجبۇر قىلغان، مۇستەبىتلىككە، فاشىزمغا قارشى چىقىشقا پىتىنالىغان شائىر نەقەدەر ئۇلۇغ-ھە.

شائىر شېئىر يازالىغانلىقى ئۈچۈنلا شائىر ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ ۋىجدان - غۇرۇرىغا ۋەكىللىك قىلالىغىنى ئۈچۈنمۇ شائىردۇر. شۇڭا، تارىختا شېئىر يازغان ئادەملەر كۆپ، شائىرلار ئاز بولغان. نۇرغۇن شېئىر يازغۇچىلار دەۋرنىڭ ۋىجدانىغا ۋەكىللىك قىلماي، رەزىل سىياسەتنىڭ چوماقچىسىغا ئايلانغان ۋە شېئىر شائىرغا ھاقارەت كەلتۈرگەن.

روزى سايىتنىڭ 1995-يىللاردىن كېيىنكى شېئىرلىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈلۈپ قالغان سىياسىي مۇكەممەللىكنى رىشتىسىنى ئۇلىدى. شائىرنىڭ «دېقان بولماق تەس» دېگەن يۈرەكلىك چۇقانلىرى دېھقانلار بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا شەكىللىنىپ قالغان ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھۆكۈمەتكە دېھقانلارنىڭ ساداسىنى يەتكۈزدى. تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆز بېشىدا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن توغرا ئوخشايدۇ، دەپ ئادەتلىنىپ قالغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆزىنى قايتا تونۇدى. ئۆز ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ھەققىدە قايتا تونۇشقا ئىگە بولدى. بۇنى ھەتتا دېھقانلارنىڭ ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق ئىدىيىۋى يۈكسىلىش دېيىش مۇمكىن، ئەلۋەتتە. بۇيەردە بىز «دېھقان بولماق تەس» دېگەن شېئىرنىڭ يەنە بىر مەنىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ھەققىدىكى سىياسىتىنىڭ ئوبرازلىشىشى ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي تۇرالمايمىز. ئەمما بۇيەردىكى ئوبرازلىشىشنى ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ ئوبرازلىشىشىدىن كۆرە دېھقان ساداسىنىڭ ئوبرازلىشىشى دېگەن تۈزۈك.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، روزى سايىت 1995-يىللاردىن كېيىنكى ئىجادىيىتى، ئۆزى مەنسۇپ بولغان دېھقانلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەكس ئەتكەن شېئىرلىرى بىلەن دەۋرنىڭ ئەڭ ياخشى كۈيچىسى، كېچىلەردىمۇ ئۇخلاپ قالمايدىغان قاراۋۇلى. تىلى ماقۇل دېگەن سۆز بىلەن ياق دېگەن سۆزنىمۇ تولۇق ئۆگەنگەن شائىر. جۇڭگونىڭ بۇ 100يىللىق شائىرلار

ياق دېگەن سادىسىنى ناھايىتى ئاز چىقارغان، خوش ۋە ماقۇل دېگەن سۆز ئومۇمىيخورغا ئايلانغان بىر دەۋر بولدى. روزى سايىت «ماقۇل» ۋە «خوش» دېگەن ئومۇمىيخور ياڭراۋاتقان شارائىتتا بەزىلەرگە «ياق!» دېگەن سۆزنىڭ نەقەدەر سەت ئاڭلىنىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي «ياق!» دەپ خىتاب قىلدى. بەلكىم روزى سايىت ھېتلېرنىڭ دەۋرىدە ياشاپ قالغان بولسىمۇ شۇنداق خىتاب قىلغان، ھەتتا ھېتلېر شائىرنىڭ چۇقانلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي «شائىر دەۋرنىڭ قاۋاپ تۇرغان ئىتى» دەپ قاقشاپ كەتكەن بولار ئىدى.

## شائىرنىڭ ئىككى يۈزى

شائىر قارىماققا سەت ئادەم ئىدى، لېكىن بىر ئارىلاشسىڭىز، پىكىر ئالماشتۇرسىڭىز شائىرنىڭ سەتلىكى شۇئان يوقاپ ئۇنىڭ ئورنىنى قەيسەر، ھازىرجاۋاب، خۇشچاقچاق بىر ئادەم ئالىدۇ. مەن شائىرنى 1995-يىللاردىن كېيىن تونۇغاچقا، بۇيىللاردا شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەققانىيەتنىڭ پىداكارلىقى يۈزىگە تېپىپ چىققاچقا، شائىرنىڭ سەتلىكىنى بايقىمىغانىكەنمەن. شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن شائىر ھەققىدە قايتا ئويلاندىم. شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى قايتا ۋاراقلىدىم. شائىر ھايات ۋاقتىدا ئارىلاشقان ئادەملەر بىلەن پاراڭلاشتىم. سەزدىمكى، شائىرنىڭ يوشۇرۇنۇپ قالغان، بەزى جايلاردا كۆرسىتىپ قويۇدىغان سەت بىر يۈزىمۇ بار ئىكەن.

سەتلىكنىڭ ئىككى مەنىسى بار، بىرى، شەكىل جەھەتتىكى سەتلىك، يەنە بىرى، قەلب جەھەتتىكى سەتلىك. شائىرنىڭ قەلبى گۈزەل بولغاچقىلا چىرايىدىكى سەتلىك يېپىلىپ كەتكەنىكەن. ئەمما مېنىڭ بۇيەردە دېمەكچى بولغىنىم شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن شائىرنىڭ ئىككى يۈزىدۇر.

شائىرنىڭ «دېھقان بولماق تەس» دېگەن بىر قاتار تەنقىد پۇراپ تۇرغان شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلاپلا «دېھقان كۈلكىسى» دېگەندەك شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. مەن شۇ چاغدا شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنى ئوقۇپ كۆڭلۈمدە دېھقانلىرىمىز شۇنداق ئوڭاي يىغلاپ، يەنە شۇنداق ئوڭاي كۈلەلەيدىغان كىچىك بالا مىجەزلىشىپ كەتتىمۇ يا، دەپ ئويلىغان، دېھقانلىرىمىزنىڭ خاراكتېرىگە گۇمان قىلغانىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى كۈلكىسى بىلەن يىغىسىنىڭ تۇتامى يوق ئادەملەر ئەمەس ئىدى. يىغلىسا زېمىن ھەسرەتتىن تىترەپ كەتسە، كۈلسە گۈل-گىياھلار شۇ كۈلكىنى ئۆز كۈلكىسى ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈدىغان خەلق ئىدى. شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قىلغان خىياللىرىم دېھقانلىرىمىزدىن بىھۇدە گۇمانلانغانلىقىمنى ئىسپاتلىدى. ئەسلى شائىر ئۆزىنىڭ ئىككى يۈزىنى تەڭلا كۆرسىتىپ، كۈلكىگە ئېھتىياجلىقلارغا كۈلكە، يىغىغا ئېھتىياجلىقلارغا يىغا بەرگەنىكەن. مەن شائىرنىڭ بۇھالىغا يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم، ئاخىرى ئاچچىق كۈلۈۋەتتىم. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر شائىر قەلەم بىلەن ئەمەس، ھەرىكىتى بىلەن يازغان ساتىرا ئىدى. مەن شۇ يەردە ھېس قىلدىم: شائىر شېئىرنىڭ بۈيۈكلىكىگە يەتكەندە قەلىمىلا ئەمەس، ھەممە يېرى شېئىر يازىدىغان بوپكېتىدىكەن. بۇ شېئىرلارنى ساۋاتلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوقۇيالىشى ناتايىن، مەلۇم شېئىر ئىلمىدىن خەۋەردار ئادەملەرلا ئوقۇيالايدۇ، ئەلۋەتتە.

2002-يىل ئىيۇل، شەھىرى ئۈرۈمچى
ئۆركەش جاپپار فوتوسى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى(M1)

بۇ سان 2002 - يىل 20 - ئاۋغۇستتا تىزىشقا يوللاندى،
30 - سېنتەبىردە باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)،
رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



ئۇيغۇر هازىرقى زامان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن: ئۇستاز كومپوزىتور، «باھار ۋالىسى»، «قىز قوشىقى»، «گۈلدەستە»، «تارىم بويىدا شادلىق»، «تۇرسۇنئاي» قاتارلىق ۋلمەس ناخشا ـ سازلارنىڭ ئىجادچىسى، باللارنىڭ سۆيۈملۈك دوستى، مۇنەۋۋەر ئۆزبېك سەنئەتكار ئارىس ئاشۇروف ئەپەندى



تالانتلىق كومپوزىتور، ئەل سۆيگەن ناخشىلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن
ئىجراچىسى ۋە ئىجادچىسى ئابدۇرېھىم ھېيت ئەپەندى


《新疆文化》 （维吾尔文）

综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2002 - يىل 5 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/G2
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001　电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58－22　定价：5 元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 5 يۈەن